# تارىم

AltunOq

2
1992

www.uyghurkitap.com

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

قەييۇم تۇردى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ كۆزگە
كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ «زەرەپ-
شان بويىدا»، «گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشى-
لەر»، «رەڭگا رەڭ دۇنيا» ناملىق ھېكايى-
لار توپلىمى، «بوغدا ئاتا»، «يول» قا-
تارلىق پوۋېستلار توپلىمى، «قىزىلتاغ
چىراغلىرى»، «سۈزۈك ئاسمان» ناملىق
رومانلار ۋە «كۆرەشچان يىللار» ترىلوگ-
يىسىنىڭ ئاپتورى. ئۇنىڭ «كۆرەشچان يىل-
لار» ترىلوگىيىسى ۋە «بوغدا ئاتا» ناملىق
پوۋېستلار توپلىمى 1- ۋە 3- نۆۋەتلىك مەم-
لىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر ئە-
سەرلىرىنى مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتلاندى. ئۇ
ھازىر نېفىتچىلار ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
«جۇڭغارىيە يۇلتۇزلىرى» ترىلوگىيىسى ئۈستى-
دە ئىشلىمەكتە.



ئۇ بېيجىڭدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن بىللە.



ئۇ گروزىيىدە يازغۇچىلار بىلەن بىللە.



ئۇ قاراماي نېفىتلىكىدە.



ئۇ ئىجادىيەت ئۈستىدە.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

2

AltunOq

1992

42-يىل نەشرى

www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ن. توختى............ تامغا (ھېكايە)........... .............................. 4
ق. ئارسلان.......... سەنيۈەنلىدىن قايتقان ئادەم (ھېكايە)....................... 13
ئە. تۇردى.............. ئاھ، ناخشا (پوۋېست) ................................. 42
ئە. ھاشىم............. سودا دېگەن (ھېكايە)...................................... 56
ئە. ئىمىن............. مېنى «سەن» دېگىن (نەسىر)................................. 83
م. راشىدىن........... بالنېتسىدا (ھېكايە)....................................... 88
پ. جىلان............... قاردا ياتقان چوكان (ھېكايە)............................. 94
ج. قاسىم.............. يۈرىكىم يىغلايدۇ (ھېكايە)................................. 99
ئۆ. ئىبراھىم........... سەزگۈر ئايال (ھېكايە)...................................... 107
ج. سەيپۇللا.......... ئىككى نەسىر........................................................ 115


## شېئىرلار


ئا. سۇلايمان......... چېچىلدى چىرىغا چېچەك چاچقۇسى........................ 33
ھ. كېرىمى............. ساياھەت خاتىرىلىرى........................................ 35
ئا. ئابدۇللا... ....... شېئىرلار........................................................... 37
م. خېۋىر............... ئۆتۈنۈش............................................................. 40
ئە. ناسىر ... ......... نازۇك ئاھاڭلار ..................................................... 77
م. ئەھەت.............. ياشايمىز، بۇ يەردە ھۆپپىدەباھار ............................ 79
ز. ئابدۇراخمان... ... باللار ناخشىلىرى........................................... 80
ھ. تىلىۋالدى......... ئىككى شېئىر................................................... 81
ئە ئوسمان كۆرەش... ئۈمىد............................................................ 82
ئە. نىزامى............. بۇلاقلاردىن ئوخچۇيدۇ سۆيگۈ................................ 116
گ. نىياز.............. ئىككى لىرىكا ................................................... 118
ھ. شېرىپى............ كېلىن............................................................... 119
م. داۋۇت ............ چارپاقا بىلەن چار يىلان.................................... 119

ۋ. قاسىم ...... ...... بۇ مېنىڭ يولۇم .................................... 121
ر. خېلىل............ ئۇچ غەزەل.......................................................... 121
ئا. قادىرى .......... گۈل بەرگىدە چاقنايدۇ شەبنەم.......................... 122
م. سوپى............ شېئىرلار.............................................................. 123

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ق. تۇردى................ يېزا ئىسلاھاتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى......... 125
م. يۈسۈپ............... ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ غەرب ۋە شەرق بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى.................................................... 130
ئە. تاتلىق............... ۋەتىنىنىڭ سادىق كۈيچىسى........................................ 149

## ئىجادىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر

شۈيىك.................. خەلق تېخىمۇ كۆپ ياخشى سادىغا موھتاج.................. 153

## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

«چاتلىپى خانىمنىڭ ئاشىقى» رومانىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى-
نىڭ ئالدى - كەينىدە................................... 157

* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى م. ئايۇپ ئىشلىگەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇرەھەممەت توختى



# تامغا

(ھېكايە)

يازنىڭ ئىسسىق، تىنجىق ئاخشاما-
لىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەتراپ چىدىغۇ-
سىز ئېغىر سۈكۈناتتا چۆمگەن، ھېچ-
قانداق شەپە ئاڭلانمايتتى. ئادەمگە ھۇ-
زۇر بېغىشلاپ ئۆتىدىغان سالقىن شاماللار
نەدىدۇر ئۇخلاپ قالغاندەك، شارقىراپ،
مەۋج ئۇرۇپ ئاقىدىغان ئەزىم دەريالار،
كولدۇرمىلىرىنى جىرىڭلىتىپ ئۆتۈپ
تۇرىدىغان مەپە - ھارۋىلار، ئۇزۇلمەي
ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ناخشا - قوشاقلار،
ھەتتا تۈندە ماڭغان مۈشۈكتەك سەز-
دۈرمەستىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ۋاقىت -
مىنۇتلارمۇ توختاپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى.
ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئون تۆت كۈن-
لۈك تولۇن ئايمۇ توختاپ ئۇزۇم بارىڭى-
نىڭ يوچۇقلىرىدىن كۈلۈمسىرەپ مارىلايتتى.
يۇلتۇزلار بەزىدە نۇرلىنىپ بەزىدە خىرە-
لىشىپ كۆز قىسىشاتتى. ھەممە يەر گۆردەك
جىمجىت ئىدى. ھەتتا پاشىنىڭ ۋىڭىل-
دىشىمۇ، شەپەرەڭ قاناتلىرىغا ئۇرۇلغان
ھاۋانىڭ تىۋىشىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئاھ،
نېمىدېگەن جىمجىت، نېمىدېگەن زې-
رىكىشلىك ئاخشام - ھە! زېرىكىش يۈ-
رىكىمنى قاماللايتتى، گۆرستان جىمجى-
جىتلىقى قەلبىمگە ۋەھىمە سالاتتى.
جىمجىتلىقنىڭمۇ قورقۇنچلۇق بولىدىغان-
لىقىنى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىمجىتلىقنىڭ
يەنىمۇ بەكرەك ۋەھىمىلىك بولىدىغان-
لىقىنى تۈنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتىمەن.
جاھاندا قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك نەر-
سىلەر نېمىدېگەن كۆپ. ئۆلۈم، ئاچ-
لىق، يوقسۇزلۇق، يېتىملىك، چەتكە
قېقىلىش، ھاقارەتلىنىش، دەرد - ئەلەم،
ھەسرەت - نادامەت، ئايرىلىش - جۇدالىق،
مەھرۇم بولۇش، كېسەللىك ... لەرنىڭ ھەم-
مىسى قورقۇنچلۇق، خۇددى غالجىر ئىتنىڭ،
چىلبۆرىنىڭ، ۋەھشىي يولۋاسنىڭ ھىڭ-
گالىڭ چىشلىرىدەك قورقۇنچلۇق.
يازنىڭ مۇشۇ جىمجىت ۋە تىنجىق
ئاخشىمى ماڭا گويا پارتلاش ئالدىدا
تۇرغان يانار تاغ سۈكۈناتىنى ئەسلىتەت-
تى. ئۆزۈمنىڭ ئاللىقانداق ۋاراڭ - چۇ-
رۇڭلارغا، يىراقتىن ئاڭلىنىدىغان سادا-
لارغا، مۇڭدىشىدىغان مۇڭداشقا،
سىردىشىدىغان سىرداشقا تەشنا ئىكەن-
لىكىمنى سېزەتتىم. لېكىن ياز ئاخشىمىنىڭ

قورقۇنچلۇق جىمجىتلىقنى مېنى يەنىلا مەھكەم قۇچاقلاپ تۇراتتى. ئۇ مېنى مەڭگۈ ئۆز قۇچىقىدا تۇتۇپ تۇرىدىغاندەك، تاكى مەڭگۈلۈك جىمجىتلىققا قوشۇۋەتمىگۈچە قويۇپ بەرمەيدىغاندەك ئىدى.

مەن غاڭزامنىڭ سېپى بىلەن ئالدىمدىكى چاي شىرەسىگە تاكىلدىتىپ ئۇردۇم. تاك، تاك، تاك قىلغان يېنىك سادا جىمجىتلىقنىڭ باغرىنى يېرىپ يەنە ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ قوينىغا سىڭىپ يوق بولۇپ كەتتى. مەن تاكىلدىتىپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردۇم. يۆلەنچۈكلۈك يىغىما كرېسلوغا يانپاشلاپ، ئۇنىڭ يان ياغىچىغا تاكىلدىتىپ ئۇرۇۋەردىم. بۇ مېنىڭ ئاشۇ قورقۇنچلۇق جىمجىتلىقنى بۇزغىنىم، جاھانغا سادا قاتقىنىم، زېرىكىش تۇيغۇسىنى يىراقلارغا قوغلىغىنىم، زېرىكىش، قورقۇش ۋە ھەممە ئىلكىدە تىپىرلاۋاتقان قەلبىمگە تەسەللى بەرگىنىم ئىدى. ئاشۇ تاك، تاك، تاك قىلغان سادا خۇددى مېنى قورقۇنچلۇق تۇيغۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. غاڭزامنى سۇندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بوشقىنا تاكىلدىتاتتىم. تاكىلدىغان سادا قىسقا بىر دەقىقە ياڭراپ، يەنە شۇ ئان تۈن قوينىغا سىڭىپ، جىمجىتلىق ئىچىگە قوشۇلۇپ كېتەتتى.

ھويلىنىڭ دەرۋازىسى غىچىرلاپ ئېچىلدى. يان قوشنام ئوڭ قولىدا بامبۇك قىرىندىلىرىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچنى ئويناتتىپ، سول قولى بىلەن ئايپاڭلىشىپ كەتكەن تاقىر بېشىنى سىيلىغىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ دائىم ئاشۇنداق قىلاتتى. خۇددى ئېزىققان يولۇچىغا ئۇچرىغان خېزىردەك، مەن زېرىكىشتىن قىلغىلى ئىش تاپالماي قالغان چاغلاردا ھويلامدا پەيدا بولاتتى. قىزىق لەتىپە ـ چاقچاقلىرى، قىسقا، ئەمما مەنىلىك ھېكايىلىرى بىلەن زېرىكىش ۋە ئىچ پۇشۇقى تۇيغۇلىرىنى ھويلامدىن سۈرۈپ چىقىراتتى. مانا بۈگۈنمۇ مۇشۇ قورقۇنچلۇق جىمجىتلىققا سادا قوشقىلى، قورقۇشتىن تىترەپ تۇرغان نېرۋىلىرىمغا تەسەللى بەرگىلى، لەتىپە ـ چاقچاق ۋە ھېكايە سۆزلەپ بەرگىلى كەپتۇ. ھەي، مۇشۇنداق مۇڭداشقاق قوشنامنىڭ بارلىقىنى نېمىشقا ئېسىمگە ئالمىدىم؟ جىمجىتلىق ئىچىدە بۇرۇختۇم بولۇپ ئولتۇرغىچە نېمىشقا ئۇنى ئۆزۈم ئىزدەپ بارمىدىم؟

قوشنامنىڭ چىرايى دائىم مىستەك قىزىرىپ، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىدىن چاقچاقچى ـ ھەزىلكەشلەرگە خاس بىر خىل شوخلۇق چاقناپ تۇراتتى. لېكىن مەن بۈگۈن ئۇلارنى ئېنىق كۆرەلمىدىم. شامنىڭ ئاجىز يورۇقى ئۇلارنى كۆرۈشۈمگە ئىمكان بەرمىدى. پەقەت ئۇنىڭ كالتە يەڭلىك مايكا كىيىۋالغانلىقىغا دىققەت قىلدىم.

قەلبىم نېمىشقىدۇر يورۇپ كەتكەندەك، ئاللىقانداق بىر ئېغىر يۈكنى ئۆز ئۈستىمدىن ئىرغىتىپ تاشلىغاندەك يېنىكلەپ قالدى. مەن ئورنىمدىن تۇرۇپ، مېھماننى ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىغا — ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك يىغىما كرېسلوغا تەكلىپ قىلدىم. ئۇيەردە — ئىككى كرېسلو ئارىسىدىكى چاي شىرەسى ئۈستىدە شام غۇۋا نۇر چېچىپ تۇراتتى.

— كەلسىلە، قېنى كرېسلوغا مەرھەمەت

www.uyghurkitap.com

قىلىسىلا.

مەن پىيالىگە چاي قۇيۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا قويدۇم. يۈرىكىم ئۇنىڭ بۈگۈن يەنە بىر ئەھمىيەتلىك ھېكايە سۆزلەيدىغانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتى. بۇنداق ئۇزۇن، سۈرلۈك، جىمجىت ئاخشامنى ھېكايىسىز ئۆتكۈزگىلى بولامدۇ؟ مۇڭلار تۆكۈلمىسە، سىرلار يېشىلمىسە جىمجىت ئاخشاملار يەنىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتمەمدۇ؟

قوشنامنىڭ شام نۇرى چۈشۈپ تۇرغان چىرايىغا پات - پات قاراپ قوياتتىم. ئۇ بولسا قىزىق چايدىن ئوتلاپ، مۇشۇ قورقۇنچلۇق جىمجىتلىقنى نەلەرگىدۇر قوغلىماقچى بولغاندەك يەلپۈگۈچ بىلەن تۈكلۈك مەيدىسىنى توختاۋسىز يەلپۈيتتى. مەيدىسىدىكى قاپقارا تۈكلەر بولسا شامال سوققان قىياقتەك ھەر تەرەپكە يەلپۈنەتتى.

بىز خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. دۇنيا ۋەزىيىتىدىن تارتىپ ئائىلە ئىشلىرىغىچە تاسقاپ چىقتۇق. قوشنام پات - پات تاقىر بېشىنى سىيلاپ قوياتتى. ئۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنىڭ ئاشۇ تاقىر بېشىغا تىكىلىپ قالاتتىم. ئۇ يەردە شام نۇرى جىلۋە قىلاتتى. قايتقان ئەكس نۇرىدىن خۇددى ئۇنىڭ بېشى كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى:

— مەن سىزگە تامغا ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بېرەي.

— تامغا ھەققىدە؟

— ھەئە، تامغا ھەققىدە، سىز بىلمىسىزغۇ، ئۇ سەلتەنەتنىڭ، ھاكىمىيەتنىڭ، ھوقۇقنىڭ سىمۋولى. ئۇ يۇمىلاق، تۆت بۇرجەك، ئۈچ بۇرجەك ۋە يەنە ئېللىپسسىمان قىلىپمۇ ياسىلىدۇ. چوڭلىرىمۇ، كىچىكلىرىمۇ بولىدۇ. كۈمۈشتىن، ئالتۇندىن، پولاتتىن، مىستىن، ھەتتا ئاددىيسى ئامۇت ياغىچىدىنمۇ ياسىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە خېمىيىلىك بىرىكمىلەردىن، ئورگانىك قېتىشمىلاردىنمۇ ياسىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئورگاننىڭ، ھوقۇق جاكارلىغۇچى شەخسنىڭ مۇبارەك نام - ئەمەلى چىرايلىق نەقىشلەر بىلەن ئويۇپ چىقىرىلىدۇ. تامغا پۈتكەندە ئۇنى قىزىل سۇرۇخقا مىلەپ، ئەمىر - پەرمان، ھۆججەت، بۇيرۇق، ئۇقتۇرۇش، ئېلان، جاكارنامە، تونۇشتۇرۇش ... لارغا پوككىدە باسىسىز. مانا شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ: بەزىلەرنىڭ بېشى چورتتىدە كېسىپ تاشلىنىدۇ. بەزىلەر ئۆمۈرلۈك سولاق - ھەپسىگە چۈشىدۇ. بەزىلەرنىڭ مال - دۇنيا، پۇل - بايلىقلىرى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. يەنە ئاشۇ تامغىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بەزىلەر ئازاد بولىدۇ، مۇشكۈللەردىن قۇتۇلىدۇ، ئەمەل - مەنسەپلىرى ئۆرلەپ شان - شەرەپتىن قاناتلىنىدۇ، پۇل - دۇنيالىرى كۆپىيىپ، ھۇزۇر - ھالاۋەتنىڭ كۆللىرىدە ئۈزۈشىدۇ. يەنە تالاي - تالاي ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

بىلەمسىز، ئەنە شۇ تامغىنى ئادەملەر ئۆزى ياسايدۇ. يەنە كېلىپ ئادەملەرنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ، بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭ سىر - ھەيۋىسىدىن غال - غال تىترەيدۇ. ئادەملەر قەدىمدىن تارتىپ ئاشۇنداق قىلىپ كەلگەن. ئۇلار

ئۆزلىرى ياساپ ئۆزلىرى بويسۇنىدۇ.
توقۇپ، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىـ
دۇ. ئۆزلىرى تىكلەپ ئۆزلىرى
ئۆزلىرى چوقۇنىدۇ. ئۆزلىرى كولاپ
ئۆزلىرىنى سولايدۇ ... ئادەملەر ياسىغان
ئاشۇنداق قۇدرەتلىك نەرسىلەرنىڭ بىرى
مانا شۇ تامغا. مەن سىزگە مانا شۇ
تامغا ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بېرىمەن.

بىلىسىزغۇ، مەن سىياسەت تەتقىقات
ئىشخانىسىدا ئىشلەيمەن. ئۇچ كادىر، بىر
شوپۇرغا باشلىقمەن. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز
يېزىلارنى تەكشۈرۈش، يېزىلارغا دائىر
سىياسەتلەرنىڭ ئۈنۈمىنى تەتقىق قىلىش.
بىز دائىم يېزىلارغا بېرىپ تۇرىمىز، دوكـ
لاتلارنى ئاڭلايمىز، يىل ئاخىرىدا راسا
قاتۇرۇپ بىر تەتقىقات دوكلاتى يوللايمىز.
ھەممە ئىشىمىز مانا شۇ. بىزدە سىياـ
سەت بەلگىلەپ ئەمىر ـ پەرمان
چۈشۈرۈش ھوقۇقىمۇ، بىرەرسىنى ئەمەـ
لىدىن ئېلىپ تاشلاپ، بىرەرسىنى
ئۆستۈرۈش ھوقۇقىمۇ يوق، لېكىن بىزـ
نىڭمۇ ھەممە بۆلۈم ـ ئىشخانىلارنىڭكىگە
ئوخشاشلا سېرىق تۈچتىن ئىشلەنگەن يۇـ
مىلاق تامغىمىز بار. مەن ئاشۇ تامغىنى
ئىش ئۈستىلىمىنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ
ساقلايمەن. ئۇنى يىل بېشىدا پىلان تۈزـ
گەن چېغىمىزدا، يىل ئاخىرىدا دوكلات
يوللىغان چېغىمىزدا پىلان ۋە دوكلاتنىڭ
ئاخىرىغا بېسىش ئۈچۈن تارتمىدىن ئالىـ
مەن. ھەر قېتىم ئالغان چېغىمدا ئۇنىڭغا
يېپىشقان چاڭ ـ توزاننى بىر قېتىم ئەسـ
تايىدىل سۈرتۈپ تازىلايمەن. سۈيىـ
قېچىپ قۇرۇپ كەتكەن سۈرۈخنى بىر
قېتىم يۇمشىتىمەن. ئاشۇنداق چاغلاردا تامـ
غىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ رولى، ئەھـ
مىيىتى، ھوقۇق ـ كۈچى توغرىسىدا ئۇزۇنـ
دىن ـ ئۇزۇن خىياللارغا پاتىمەن. نېمىشـ
قىدۇر ئاشۇ چىرايلىق تامغىنىڭ چاڭ ـ
توزانغا كۆمۈلۈپ ياتقانلىقى ئىچىمنى
پۇشۇرىدۇ. ئۇنى ئىشلەتكۈم، ھەر خىل
خەت ـ ئالاقە، ئۇقتۇرۇش، تونۇشتۇرۇش،
ئەمىر ـ پەرمانلارغا پوكۇلدىتىپ بېسىپ،
جاھاننى پىرقىرىتىۋەتكۈم، قاتمال ئىشـ
لارنى يۈرۈشتۈرۈۋەتكۈم، كۆڭلۈمدىكى
پىلان ـ لايىھەلەرنى يولغا قويۇپ، قەلبىمدە
يىغىلىپ قالغان ئەقلىي كۈچۈمنى، ۋۇجۇدۇمـ
دىكى جىسمانىي جاسارىتىمنى، تەشكىللەش،
ئۇيۇشتۇرۇش ئىقتىدارىمنى نامايان قىلـ
غۇم، جاھاننى گۈل ـ چېچەككە، نۇر ـ
گۈزەللىككە كۆمۈۋەتكۈم كېلىدۇ. ۋەھالەنـ
كى ئاشۇ تامغا يەنىلا ئىشلىتىلمەي چاڭـ
توزانغا كۆمۈلۈپ يېتىۋەردى. ھەي، نېمە
دېسەم بولار؟ تامغا باشقا ئىدارىلەرنىڭكى
بىلەن ئوخشاش، مەنمۇ ھېچكىمدىن
كەم ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ئۇ چاڭـ
توزانغا كۆمۈلۈپ يېتىۋەرسە مېنىڭ ئىچىم
پۇشمامدۇ؟ ئاخىرى تامغىنى ئىشلىتىش،
ئۇنى خەت ـ ئالاقىلارغا پوكۇلدىتىپ بېسىش
ھەۋىسىم غالىب كەلدى. بىر كۈنى مېنى
شوپۇرىمىز ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ خوتۇنى
ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئۇنىڭ ياسانـ
چۇقلۇقى، لەۋلىرىنى قىپقىزىل بوياپ
يۈرىدىغانلىقى، يۈزىگە ھەر كۈنى يېرىم
چارەك ئۇپا سۇۋاپ، قېشىغا دەمدەك قاشـ
لىق ئېتىدىغانلىقىنى يەتكۈچە سۆكۈپ
بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە خوتۇنىنىڭ ساـ
داقىتىدىن گۇمانى بار ئىكەن. ئاجرىشىشـ
نى خالايدىكەن. لېكىن نېمىشقىدۇر ئىداـ
رىنىڭ كادىرلار بۆلۈمىدىن ئاجرىشىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خەت ئالالماپتۇ. ئۇ مۇشۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغلامسىراپ تۇرۇپ، قاتتىق ئازاب چەككەن ھالەتتە بايان قىلدى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ھېلىقى چاڭ-توزان باسقان تامغىمىز كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئۇلارنىڭ ئاجرىشىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا ئالاقە يازدىم-دە، تامغىنى پوككىدە باستىم. ئەلۋەتتە شۇ چاغدا يەنە تامغىنى بىر قېتىم سۈرتۈپ تازىلاشقا، قېتىپ كەتكەن قىزىل سىرۇخنى يۇمشىتىشقا توغرا كەلدى.

كېيىن نېمە بولدى دېمەمسىز، كاساپەت خوتۇن ئاجرىشىشقا قوشۇلمايدىكەن ئەمەسمۇ، تىزىملاش ئورنىدا غەۋغا كۆتۈرۈپتۇ، ئۇلار ئاجرىشالماپتۇ. لېكىن مېنىڭ خەت يېزىپ، تامغا بېسىپ بەرگىنىم پۇر بولۇپ كېتىپتۇ. كادىرلار بۆلۈمىدىكىلەر بىلەن قىزىرىشىپمۇ قالدۇق. ئۇلار مېنى بىزگە تەئەللۇق ئىشنى بېجىرىشكە نېمە ھەققىڭ بار، دەپ ئەيىبلىدى. كېيىنچە يەنە ھەر خىل سورۇنلاردا «ئاجرىشىدىغانلار سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىغا بېرىڭلار، ئاشۇلار خەت يېزىپ، تامغا بېسىپ بېرىدۇ» دەپ مەسخىرە-چاقچاق قىلىپمۇ يۈردى. بۇنداق گەپلەرنىڭغۇ پەرۋايىم پەلەك. لېكىن تامغىمىزنىڭ رولى بولمىغانلىقى ماڭا بەكمۇ ئەلەم قىلدى. ئۇنى يەنە ئۇزۇنغىچە چاڭ-توزان بېسىپ تۇردى.

تامغىمىزنىڭ تەقدىرىنى ئويلىساملا ئىچىم ئېچىشىپ كېتەتتى. يېزىق شىرەسىنىڭ تارتمىسىنى ھەر قېتىم ئاچقىنىمدا چاڭ-توزانغا كۆمۈلۈپ ياتقان تامغىغا كۆزۈم چۈشەتتى. يۈرىكىمنى نېمىدۇر بىر نەرسە تاتىلاپ-تىرمىلىغاندەك بولاتتى. ئۇنى خەت-ئالاقىلەرگە پوكۇلدىتىپ بېسىش ئارزۇسى قەلبىمدە يالقۇنلايتتى. لېكىن نېمىگە، قانداق خەت ئالاقىگە باسىمىز؟ پىلان، دوكلات دېگەنلەر يىلدا بىر قېتىم يېزىلىدىغان تۇرسا، ھەر كۈنى تامغا باسقىلى بولامدۇ؟ ئەمىر-پەرمان، ئۇقتۇرۇش-پۇقتۇرۇش يېزىپ تامغا باسايلى دېسەك بىزدە نەدىمۇ ئۇنداق ھوقۇق بولسۇن؟

كۆپ چاغلاردا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. ئاللىقانداق كۈچلۈك بىر ھەۋەسنىڭ تۈرتكىسىدە تامغىنى تازىلاپ، سىرۇخنى يۇمشىتىپ، پارچە-پۇرات ئاق قەغەزلەرگە پوكۇلدىتىپ بېسىشقا باشلايتتىم. قايتا-قايتا باساتتىم. كۆڭلۈم نېمىنىدۇر ئىزدەيتتى. راستىنى ئېيتقاندا تامغىنى ئىشلىتىش، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئېپىنى ئىزدەيتتى. ئاخىرى بۇ ئەپنى تېپىپمۇ ئالدىم. ئۇ كۈتۈلمىگەن پۇرسەتتە ئۇچراپ قالدى. ئەمدى ھازىر تامغىمىز چاڭ-توزانغا كۆمۈلۈپ ياتمايدۇ. سىرۇخمۇ سۇيى قېچىپ قۇرۇپ قالمايدۇ. ئۇنى بىز ھەر خىل ئالاقىلارغا، بولۇپمۇ كادىر يۆتكەش توغرىسىدىكى ئالاقىلارغا پوكۇلدىتىپ بېسىپ تۇرىمىز. ئۇنىڭ پوكۇلدىغان ئاۋازى ئىشخانا ئىچىدە پات-پات ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

سىزنىڭ سوئالىڭىز ئورۇنلۇق، تەئەججۈپلىنىشكە ھەقلىقسىز. راستىنى ئېيتقاندا، بىز كادىر يۆتكەشكە، بولۇپمۇ كادىر يۆتكەش ئالاقىسىنى يېزىشقا مۇتلەق ھەقلىق ئەمەسمىز. لېكىن بىز تېپىۋالغان ئەپ مۇشۇ يەردىكى يوچۇقنىڭ دەل ئۆزىدە.

سىز ھېلىقى بىزنىڭ ئۆيگە پات-پات كېلىپ تۇرىدىغان خادا پاچاق

تۆمۈرنى تونۇيسىز. بىز ئۇنىڭ بىلەن دارىل-
مۇئەللىمىندە ئۈچ يىل بىللە ئوقۇغان،
ئۇ مەكتەپتە بەكمۇ ياخشى ئوقۇغان. لېكىن
تەقدىر دېگەن بەكمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن،
ھەر بىر ئادەمنىڭ تەقدىر - نېسىۋىسى
ئۇنى ھەر تامانغا باشلاپ كېتىدىكەن.
ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۇ يىراق يېزىغا
تەقسىملىنىپ كېتىپ قالدى. بىچارە ئاشۇ
يېزىدا يىگىرمە يىلدەك تۇرۇپ قالدى.
ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى شەھەر-
دە، لېكىن ئۆزى يېزىدا. بىز ھەر قېتىم
كۆرۈشكىنىمىزدە ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقى-
رالمايۋاتقان گېپى بارلىقىنى سېزەتتىم.
ساۋاقداش ئەمەسمۇ، ئۆزئارا يوشۇرىدى-
غان نېمە بولسۇن؟ ئاخىرى ئۇ ھەممە
يۈرەك سىرلىرىنى تۆكتى. شەھەرگە يۆت-
كىلىپ كېلىشنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ، ئەل-
ئاغىنىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىشلەشنى ئارزۇ
قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن ھازىرغىچە ئارزۇ
قىلىپمۇ، تەلەپ قىلىپمۇ يۆتكىلىپ كېلەل-
مىگەنلىكىنى ئېيتىپ، مېنىڭ ياردەم قى-
لىشىمنى ئىلتىماس قىلدى.

مەن قانداق ياردەم قىلالايمەن؟
ھوقۇقىمۇ، ئابروي - ئىمتىيازىمۇ بولمىغان
كىچىككىنە بۆلۈم باشلىقىنىڭ قولىدىن
نېمە ئىش كېلىدۇ؟ راست، كادىرلار ئى-
دارىسىدە تونۇشۇم بار، لېكىن قۇرۇق
گەپ تەمەخور قۇلاققا ياقامدۇ؟ پالانى ئا-
خۇن شەھەرگە يۆتكىلىپ كېلىش ئۈچۈن
ئىككى مىڭ يۈەن خەجلەپتۇ، پوكۇنى ئا-
خۇن ئىككى مىڭ بەش يۈز يۈەن خەج-
لەپتۇ... دېگەن گەپلەر ھەممە يەردە ئېقىپ
يۈرگەن بۈگۈنكى كۈندە، قۇرۇق قول
بېرىپ ئاشۇ ئىشنى ھەل قىلغىلى بولام-
دۇ؟ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ،
ئاخىرى ئۇنى بىرلىرىمىزگە يۆت-
كەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تەكلىپنامە
يېزىپ بەردىم. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ
چاغدا بۆلۈمىمىزدە بىر شتاتنىڭ ئورنى
بوش ئىدى. ئەگەر بىرەرسى سۈرۈشتۈ-
رۈپ قالسا ئانچە - مۇنچە سەۋەبىمۇ كۆر-
سىتەلەيتتىم. شۇڭا يۈرەكلىك ھالدا تەك-
لىپنامە يازدىم. تۆمۈرنى ماختايدىغان،
ئۇنىڭ سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىدا
ئىشلەشكە لايىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئى-
زاھلايدىغان دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ئايى-
ماي ئىشلەتتىم. تامغىنى تازىلاپ، سى-
رۇخنى نەمدەپ پوككىدە تامغا باستىم.
ھازىرغىچە ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: شۇ
كۈنى تامغىنىڭ پوكۇلدىغان ئاۋازى ئىش-
خانىدا ئالاھىدە ياڭراپ كەتتى، ھەتتا
تاملاردىن ئەكس سادا قايتتى.

كېيىن نېمە بولدى دېمەمسىز؟
تۆمۈرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە يېزىلىق ھۆ-
كۈمەتتىكىلەر «سىياسەت تەتقىقات ئىش-
خانىسى» دېگەن كاتتا ئىسىم ۋە تامغىدىن
قاتتىق چۆچۈپ ئەقلىنى تېپىشىپتۇ. يەنە
ئاشۇ تامغىدىن تۆمۈرنىڭ ئاجايىپ ئىقتى-
دارلىق ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇپ ئېلى-
شىپتۇ. بىزنىڭ تامغىمىز ئۇنى ئەتىۋار
ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. «ياق، كەت-
مەڭ، بىزگىمۇ سىزدەك ئىقتىدارلىق ئا-
دەملەر كېرەك، ھەممە قىيىنچىلىقىڭىز-
نى ھەل قىلايلى، سىزنى مۇۋاپىق ئورۇنغا
ئۆستۈرەيلى، سىز كەتمەڭ» دېيىشىپتۇ
ئۇلار. راستىن شۇنداقمۇ بوپتۇ. ئۇزۇندىن
بېرى ھەل بولماي كەلگەن خوتۇن - با-
لىلىرىنىڭ نوپۇسى (بىچارە تۆمۈر ئاشۇ
يېزىدىن سەھرا قىزىغا ئۆيلەنگەنىكەن)
ھەل بوپتۇ. كەڭ، ئازادە ئۆيگىمۇ كۆ-

www.uyghurkitap.com

كۆچۈپتۇ. تېخى ئۇنى بىرەر ئەمەل تەختىگە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن مۇزاكىرىلەرمۇ كېتىۋاتقانمىش... تۆمۈر بۇلارنى كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. مەن تۇنجى قېتىم بىزنىڭ ئاشۇ چىرايلىق تامغىمىزنىڭ خېلىلا خاسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى غۇۋا چۈشەنگەندەك بولدۇم. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك ئىدى. دەرھال ئىككىنچى تەكلىپنامىنى يازدىم. قىزىل سۇرۇخ تېخى قېتىپ ئۈلگۈرمىگەنىكەن. تامغىنى ئۇنىڭغا مىلەپ تەكلىپنامىنىڭ ئاخىرىغا پوككىدە باستىم. ئۇنىڭ پوكۇلدىغان ئاۋازى ئىشخانا ئىچىدە يەنە بىر قېتىم ياڭراپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي تۆمۈردىن خەت كەلدى. ئۇ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپتۇ. ئۇنىڭ خېتىدىن يۆتكىلىش ئىشىنىڭ سوزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە بولغان ئەپسۇسىمۇ، ئەمەلگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن پەيدا بولغان قانائەت تۇيغۇسىمۇ سېزىلىپ تۇراتتى. مەن ئاشۇ چىرايلىق تامغىمىزنىڭ خاسىيىتىدىن يەنە بىر قېتىم رازى بولۇپ، ئۈچىنچى تەكلىپنامىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلار ئىدارىسىغا يازدىم. تامغىنىڭ پوكۇلدىغان ئاۋازىدىن يەنە بىر قېتىم ھۇزۇرلاندىم. لېكىن بۇ قېتىم كۆڭلۈمدە ئازراق ئەنسىزلىكمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ھەر نېمە دېگەنبىلەن كادىرلار ئىدارىسى ئەمەسمۇ، ئۇلار سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ بۇنداق تەكلىپنامە يازىدىغان ئورگان ئەمەسلىكىنى بىلىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا تەكلىپنامىنىڭ ئۈنۈمى قانچىلىك بولار؟ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا شىكايەت قىلىپ يۈرمەسمۇ؟ كۆڭلۈمدە گەرچە ئاشۇنداق ئەنسىزلىكلەر بولسىمۇ، يەنىلا تەكلىپنامىنى پوچتىدىن ئەۋەتىۋەتتىم. روھىي كەيپىياتىمدا ئازراق چاقچاق-ھەزىلمۇ، جىددىيلىكمۇ، يەنە ئاللىقانداق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ھەۋەسمۇ بار ئىدى. تامغىمىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرۈپ بېقىشنى خالايتتىم.

خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئۈستىمىزدىن بىرەر شىكايەتمۇ بولمىدى. تەكلىپنامىنىڭ ئۈنۈمىمۇ كۆرۈلمىدى. دەل شۇ كۈنلەردە تۆمۈرنىڭ ئۆزى كېلىپ قالدى. بىز ئۇزۇنغىچە سۆزلىشىپ پاراڭلاشتۇق. بيۇروكرات-تۆرىلەرنىڭ كۆزى يوقلۇقىدىن، ئەقلى چولتا ئىكەنلىكىدىن يەتكۈچە كۈلۈشتۇق. تۆمۈرنىڭ قەلبىدىكى شەھەرگە يۆتكىلىپ كېلىش يالقۇنى تېخى ئۆچمىگەنىكەن. ئەمەلدىنمۇ رازى بوپتۇ. لېكىن يەنىلا يۆتكىلىپ كېلىشنى خالايدىكەن. شۇڭا مەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە يېزىلغان ئۈچىنچى تەكلىپنامىنى تۆمۈرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. ھاكىم ياكى شۇجىنى بىۋاسىتە ئىزدەشنى تاپىلىدىم. مەن ئاشۇ چىرايلىق تامغىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ تەھدىت سېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

ھەر دەرىجىلىك ئورگانلار ئارىسىدىكى ماسلىشىش-ھەمكارلىشىشنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سىز بىلمىسىزغۇ. بىزنىڭ ھەشەمەتلىك تامغىمىز راستتىنلا قورقۇنچ-تەھدىت پەيدا قىلالىغاندۇ ۋە ياكى ئۇيەرگىمۇ بىر توپ قاپاقباشلار يىغىلغاندۇ. ئىشقىلىپ بىزنىڭ ھوقۇق دائىرىمىزدىن ھالقىغان بۇ قىلمىقىمىزدىن ھېچكىمنىڭ شىكايەت قىلغانلىقى سېزىلمىدى. ئەكسىچە يەنە تۆمۈر ئىستىتىزا

بىلەن كۈلۈمسىرەپ يېتىپ كەلدى. ناھىيە رەھبەرلىرىمۇ بىزنىڭ ئاشۇ چىرايلىق تامغىمىز ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى تونۇۋاپتۇ. ئۇنى ناھىيىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقىغا ئىدارە باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئاشۇ رەھبەرلەردىن بىرى تېخى ئۇنىڭغا: «سىزدەك ئىقتىدارلىق ئادەملەرگە ناھىيىمىز تولىمۇ موھتاج، بىز سىزنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمىز» دېگەنمىش.

ئۇ شەھەرگە يىغىنغا كەلگەنىكەن. بىز يەنە ئۇزۇنغىچە سۆزلىشىپ ئولتۇردۇق. تۆمۈر بىزنىڭ تامغىمىزنىڭ ئاجايىپ خاسىيىتىنى، ھوقۇق - كارامىتىنى ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى، مەن ئۆزۈممۇ ئاشۇ نۇقتىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ كېلىۋاتاتتىم. تۆمۈرنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن بۇ نۇقتىغا بولغان چۈشەنچەم يەنىمۇ ئاشتى. مانا قاراڭ، تامغىنى ئىشلىتىشنىڭ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئېپىنى تېپىۋاپتىمىزمۇ؟ بىزنىڭ تامغىمىز بىرەر كىشىنى ئۆستۈرۈپ، مەنسەپ ئاتا قىلالامدىكەن؟ تۆمۈرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارقىمۇ ئارقا مەنسەپ بەخش ئېتەلىگەن تامغا يەنە باشقىلارغا ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ بېرەلمەسمۇ؟ بۇنىڭ يولى ئاسان. سەن يۆتكىلىشنى تەلەپ قىلىپ غەۋغا كۆتۈرۈۋەرسەن. بىز سېنى يۆتكەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تەكلىپنامە يازىمىز. ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك تامغىمىزنى پوكۇلدىتىپ باسىمىز. مانا شۇ تامغا ئەتراپىدىكى تۆرلەرگە سېنىڭ ئاجايىپ ئىقتىدارىڭنى، قابىلىيىتىڭنى، تېپىلغۇسىز ئېسىل ئادەم ئىكەنلىكىڭنى جاكارلايدۇ. ھەممە ئىشلىرىڭ يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمەل - مەنسەپنىڭ چوققىسىغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلايسەن.

قانداق، تامغىنىڭ رولىنى، كارامىتىنى، خاسىيىتىنى چۈشەنگەنسىز. ئەمدى تامغىمىز چاڭ - توزانغا كۆمۈلۈپ ياتمايدۇ. قىزىل سۈرۈخمۇ قۇرۇپ قېتىپ قالمايدۇ. ئىشخانا ئىچىدە پات - پات ئۇنىڭ پوكۇلداپ ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. تۆت تامدىن ئەكس سادا قايتىپ تۇرىدۇ. ئاڭلىدىڭىزغۇ، بۇنىڭ ھېچكىمگە زىيىنى بولمىدى. تۈزۈم - پىرىنسىپلارمۇ بۇزۇلمىدى. پەقەت بىر قىسىم ئەل - ئاغىنە، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا پايدىسى بولدى. بەزىلەر تۆمۈرگە ئوخشاش ئەمەل - مەنسەپ تاپتى. بەزىلەر شارائىتى ياخشىراق ئورۇنلارغا يۆتكەلدى. بەزىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ھەل بولدى. بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ گەپ پەقەت بۇنى قىلىشنى بىلىش - بىلمەسلىكتە. يەنە نۇرغۇن بۆلۈم - ئىشخانىلارنىڭ ئاشۇنداق چاڭ - توزان بېسىپ ياتقان تامغىسى بارغۇ؟ لېكىن ئۇلار ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ. ئۆزلىرى تارتمىغا سولاپ ساقلاۋاتقان تامغىلاردا ئاجايىپ خاسىيەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. مانا بىز بىلىمىز. باشتا ئېيتىپ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆتكىنىمدەك، بىز بۇنىڭ ئىپپىنى كۆتۈلمىگەن پۇرسەتتە تېپىۋالدۇق. بىزگە بۇنىڭ ئىپپىنى ئاشۇ تۆرىلەرنىڭ ئۆزى كۆرسىتىپ قويدى. ئاشۇلاردا ئازراق ئەقىل دېگەن نەرسە بولسا، ئىشلار بۇنداق بولۇپ كېتەمتى؟ بىز مۇشۇ ئەپتىن پايدىلىنالامتۇق؟

سىز بەلكىم مېنى ئەخلاقسىزلىقتا ئەيىبلەرسىز. راست، سەل-پەل ئەخلاقسىزلىقىمۇ بولدى، لېكىن قاراڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئاشۇنداق تۇرسا، ئۇلارنى قانداقمۇ مەسخىرە قىلماي ئۆتۈپ كەتكىلى بولسۇن! ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىقىدىن پايدىلانماسلىقىمنىڭ ئۆزى بىر خىل ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ بولدى، گەپنى ئۇزارتمايلى. ئەمدى سىز نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ. بۇ راست بولغان ئىشلار، مەن پەقەت ئاشۇ يەرلەردىكى يوچۇقتىنلا پايدىلاندىم.

ئۇنىڭ ھېكايىسى تۈگىگەندى.

ئۇ پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، سوۋۇپ قالغان چاينى غورتۇلدىتىپ ئىچىپ تۈگەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى پامبۇك يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈيتتى. ھەيدىسىدىكى قاپقارا تۈكلەر بولسا تۇختاۋسىز يەلپۈنەتتى.

مېنىڭ كۆزۈم كۆيۈپ تۈگەيلا دەپ قالغان شامغا تىكىلگەن، قەلبىمدە ئاللىقانداق بىر خىل خىجىللىق تۇيغۇسى ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۆزۈمنى گويا ئاشۇ ھەممە ئىشلار ئۈچۈن — قوشنامنىڭ ئالدامچىلىق - مەسخىرىۋازلىقى ئۈچۈنمۇ، ئاشۇ يەرلەردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەخمەقلىقلەر ئۈچۈنمۇ، مۇشۇ جىمجىتلىق ۋە كۆيۈپ تۈگەيلا دەپ قالغان شام ئۈچۈنمۇ — جاۋابكاردەك ھېس قىلاتتىم.

ھويلىنى بىردىن گۈگۈردەك قاراڭغۇلۇق باستى. شام كۆيۈپ تۈگىگەندى. ھويلىنىڭ ئىچى تىمتاس سۈكۈناتقا چۆككەن، پەقەت قوشنامنىڭ پۈشۈلداپ نەپەس ئېلىشىلا ئاڭلىناتتى. مېنىڭ قەلبىمنى يەنە قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە چاڭگىلىغا ئالدى. بۇ جىمجىتلىق قاچانغىچە ھۆكۈم سۈرەر؟ خۇداغا شۈكرى، يىراقتىن خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمۇھەممەت جۇمە

---

(بېشى 32 - بەتتە)

يەنە جەم بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، ئۇرايىمنىڭ ئۆزدىگە قويغان ئەيىبلىرى ماڭا ئانچە چوڭ بىلىنمىس كەتمىدى. ئۇ بارغاندىن كېيىن چوقۇم ئائىلىسىدىكىلەر خۇش بولىدۇ. ئۇرايىم ئۆزدىگە ئامەت ئېلىپ كەلمىگەن ئوقەتتىن قول ئۈزۈپ، يا كەتمىنىنى تاپىدۇ، يا ئۆزدىگە باب كەلگۈدەك تىرىكچىلىك يولىنى تاپىدۇ. جاھان دېگەندە يول جىققۇ دەپ ئويلىدىم.

مەن شۇ خىياللار بىلەن كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرغىنىمدا، يېنىمدىن ئۇرايىمنىڭ ئۈز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تەن بار يەردە ئۆمىد بار، خۇدا بۇيرىسا 12 - ئايدا گۇاڭجۇدا يەنە پەيدا بولارمەن.

مەن ئېغىر ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك كۆزۈمنى ئاچتىم ۋە ھېچنەرسىنى چۈشەنمىگەندەك بىر نەزەر بىلەن ئۇرايىمغا قاراپ قالدىم.

1991 - يىلى سېنتەبىر شىخەنزە — ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

قادىر ئارسلان

# سەپەرلەردىن قايتقان ئادەم



(ھېكايە)

بىر يىل ئىچىدە ئېچىلىپ تۇرىدىغان سان-ساناقسىز يىغىنلارنىڭ بىرى جەنۇبىي جۇڭگودا ئېچىلىدىغانلىقى ھەمدە بۇ يىغىنغا مېنىڭ بېرىشىم كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلغاندا، سەپەر خۇشاللىقىدىن مەست بولدۇم. ھاياجان بېسىلغاندا سەپەرگە قانداق تەييارلىق قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىشقا توغرا كەلدى. مەن بارىدىغان شەھەرلەردە مۇسۇلمان ئاشخانىلىرى بارمۇ-يوق، بۇنى سۈرۈشتە قىلدىم، بىلىدىغانلار ئاشخانىغۇ بار، بىراق ئېغىزغا تېتىغۇدەك تاماق يوق، دېيىشتى. بوپتۇ، تېتىمىسا تېتىماس، كۆڭۈل كۆتۈرەلەيدىغان تاماق بولسىلا بولىدىغۇ دەپ ئويلىدىم. «گۇاڭجۇغىمۇ بارىدىكەنسەن، ئۇ يەردە تاماقتىن قىينالمايسەن، بىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئاچقان ئاشخانىلار كۆپ، خۇددى دۆڭكۆۋرۈكتىكى ئاشخانىلاردا ئولتۇرۇپ مەززە قىلغاندەك بولىسەن» دېيىشتى ئۇلار. بۇمۇ قالتىس گەپ ئىكەن. يۇرتتىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر شەھەردە ئۇيغۇر ئاشپەزلىرىنىڭ قولىدىن چىققان تائاملارغا ئېغىز تېگىش قالتىس ئىش-تە!

توپتوغرا 17 كۈن پويىزدا ئولتۇرۇش، ماشىنىدا ئولتۇرۇش، كوچا ئايلىنىپ چارچىغاندا يول ياقىسىدا ئولتۇرۇش، يىغىن زالىدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش، مۇسۇلمان ئاشخانىسى تاپقاندا خۇشال بولۇپ، ئارقىدىنلا گۈرۈچ ئۇنىدا ئېتىلگەن بەتتام ھور ناننى بىر چىشلەپ قويۇپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئولتۇرۇش، ئاخشىمى بولسا تېزرەك گۇاڭجۇغا يېتىپ بارسام بولاتتى دەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتتى. ئاللا ياراتقان بۇ قورساق سەپەردە ماڭا دۈشمەنلىك قىلىۋاتاتتى. شۇ قورساق بالاسىدىن بولسا كېرەك، شىئەندىكى چىن شىخۇاڭ قەبرىستانلىقى، گۈيلىننىڭ كىشىلەر گۈزەل دەپ ئاتايدىغان تاغ-دەريالىرى ۋە ئاجايىپ سىرلىق غار، جۇڭگو-ۋيېتنام چېگرىسىدىكى دوستلۇق دەرۋازىسى... يەنە ئاللىقانداق جايلار ماڭا ئانچە ھەيۋەتلىك، ئانچە گۈزەل بىلىنمىدى. ئەتىدىن كەچكىچە بېشىم ئېغىرلىشىپ تۇراتتى،

يۇرتۇمدا مېنى ئۇسسۇلغا چۈشۈشكە، تىنماي ۋاتىلداشقا مەجبۇر قىلالايدىغان ھاراقنىڭمۇ ئەمدى كەيپىياتىمنى ئازراق كۆتۈرۈشكە قۇدرىتى يەتمەي قالدى. مەن ئولتۇرساممۇ، قوپساممۇ، شۇ تاپتا ئاچچىق - چۈچۈك سۇيۇقئاشتىن بىر قاچا بولسا - ھە، بىر پىيالە بولسىمۇ مەيلىدى دەپ ئويلايتتىم.

سەپەرگە چىقىش ئالدىدا مەن قاتناش خەرىتىسىنى نەچچە كۈن تەتقىق قىلغان، يىغىندىن كېيىن، پاراخوتقا چۈشۈپ دەريا ئارقىلىق گۇاڭجۇغا بارسام تېخىمۇ كۆپ مەنزىرىلىك جايلارنى كۆرۈۋالغۇدەكمەن دەپ پىلان قىلغانىدىم. قورساق تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان كەيپسىزلىك بۇ پىلانىمنى يىرتىق كەشنى بىر ياققا تاشلىغاندەك تاشلىۋەتتى. ئۈچ كېچە - كۈندۈز پاراخوتتا ئولتۇرۇش... ياﺋاللا، بۇ ئۈچ كېچە - كۈندۈز دوزاخ ئازابى تارتىش دېگەن گەپ - تە. ئايروپىلاندا، چوقۇم ئايروپىلاندا مېڭىش كېرەك. گۇاڭجۇغا يېتىپ بارسىلا ھاردۇقۇم چىقىدۇ!

كۆككە كۆتۈرۈلۈپ 50 مىنۇتتىن كېيىن ئايروپىلان گۇاڭجۇ ئاق بۇلۇت ئايرودرومىغا قوندى. يۈرىكىم ھاياجان ئىچىدە دۈپۈلدىمەكتە. بىرەر سائەتكە قالماي يۇرتداشلىرىم بىلەن ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دەپ كۆرۈشىمەن. قېنىق دەملەنگەن چاي، ئاچچىق - چۈچۈك سۇيۇقئاش، كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەر مېنىڭ 17 كۈندىن بېرى ھېرىش - چارچاش ۋە قورساق تۈپەيلىدىن تارتقان ئازابلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئۇ يەردە خاتىرجەم ھالدا ھەپتە - ئون كۈن تۇرۇپ، ئايروپىلانغا يەنە بىر قېتىم قونسام، ئۈچ - تۆت سائەتتە بالىلىرىمنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويىدۇ.

ئايرودرومنىڭ ئاپتوبۇسى بىلەت سېتىش ئورنىغا ئاپىرىپ قويدى. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلىرىنى يول بويى كۆرۈپ ماڭغىنىمدا كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. قانچە - قانچە كىشىلەر يۇرتىمىزدىن شۇنچە يىراق يەرگە كېلىپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ماكان تۇتۇپ تىرىكچىلىك غېمىنى قىلىۋاتىدۇ، ھەي، بىزمۇ قالتىس خەق جۇمۇ!

بىلەت سېتىش ئورنىنىڭ سەنيۇەنلىگە جايلاشقانلىقىنى مەن ئۈرۈمچىدە قاتناش خەرىتىسىدە كۆرگەن. يول ياقىسىدىكى بەلگە تاختىلىرىغا «سەنيۇەنلى يېزىسى» دەپ يېزىپ قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ يەردىن ئازراقمۇ يېزا پۇرىقى چىقمايتتى. ھەيۋەتلىك بىنالار، ئاسفالت يوللار، ئۈزۈلمەي ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلار «سەنيۈەنلى ھازىر يېزا ئەمەس!» دەپ جاكارلاپ تۇراتتى. ھازىر شىنجاڭدا سەنيۇەنلى دېسە بىلمەيدىغان كىشىلەر كۆپ بولمىسا كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە بۇ يەرگە بىزنىڭ ئوقەتچىلەر جايلاشقانلىقى، بىزنىڭ ئاشخانىلىرىمىزنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن بولىدۇ - دە.

يانچۇقلىرىنىڭ سانى باشقىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلارغا سالىدىغان تەڭگىسى تايىنلىق بولغان زىيالىيلارنىڭ بىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن يۇرتتىمۇ تاكسىدا ئولتۇرۇپ باققان ئەمەسمەن. شۇڭا ئايرودروم ئاپتوبۇسىدىن چۈشۈپ سەنيۇەنلىدىكى جيۇلۇڭغا بارغىچىمۇ تاكسىغا ئولتۇرۇشنى ئېسىمگە كەلتۈرمەيتتىمەن. ھاۋانىڭ تىنجىقلىقىدا بار-

يوقى بىرنەچچە قېتىم كېيىم-كېچەك، يەنە لۆڭگە، چىش چوتكىسى قاتارلىقلار سېلىنغان ئەپلىككىنە چامادان مېنى چەپ-چەپ تەرلىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قارغىش تەككۈر قورساق غولدۇرلاپ تۇراتتى. خەپ، توختاپتۇر، سېنى بىر تويغۇزمىسام، — دەپ كايىپ قويىمەن ئۆز-ئۆزۈمچە، — نەچچە كۈنگىچە غىڭ قىلمايدىغان بولۇپ كېتەرسەن، ئىلاھىم...

جىيۇلۇگىمۇ يېتىپ كەلدىم. راستىنلا كوچا بويلاپ سېلىنغان ئاشخانىلاردىن مۇقام دەمدۇ، غۇاجا ناخشىلىرى دەمدۇ، كوچا ناخشىلىرى دەمدۇ، ئىشقىلىپ بىزنىڭ يېقىملىق ناخشىلار بەس-بەس بىلەن ياڭراپ تۇراتتى، ھەرخىل ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى ئىشتىھانى تېخىمۇ قوزغايتتى. كوچا ياقىسىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ تولىسى ئۇيغۇر بولۇپ كىشىدە گويا ئۈرۈمچىدىكى دۆڭكۆرۈككە كېلىپ قالغاندەك تەسىرات بېرەتتى، ئۇھ، نېمىدېگەن مېھرىلىك كۆرۈنۈشلەر بۇ!

بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى شاڭخەيگە بارغانىدىم. جېجياڭ يولىدىكى مۇسۇلمانلار مېھمانخانىسى ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە بىزنىڭ يۇرتلۇقلارنى خېلى كۆرگەن، بىراق ئۇلار مېنىڭدە يامان تەسىرات قالدۇرۇپ، كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ قويغانىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشى مەينەت بولۇپ، توگرا بېسىپ كەتكەن پۇتلىرىغا سەندال كىيىۋېلىپ يۈرۈشەتتى. توۋا، ياقا يۇرتتا نومۇسنى تۆكمەي يۈيۈنۈپ-تارىنىپ پاكىز يۈرسە نېمە بولاردى؟ ئادەم دېگەن پۇلنى تاپسا ئوبدان بولىدۇ، بىراق پۇلدەك پاسكىنا بولۇپ يۈرسە بولمايدۇ-دە، دەپ ئويلىغانىدىم. شۇ چاغدا بىزنىڭ نۇرغۇن ناھىيە بازارلىرىمىزدا (يېزا ۋە ئۆيلەردىنغۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ) مونچا يوقلۇقىنى ئېسىمگە كەلتۈرگەن، ئۈستىمىزگە بىر قاچا سۇنى قۇيۇۋېتىش بىلەن ئۆزىمىزنى جاھاندا ھەممىدىن پاكىز ھېسابلاپ يۈرىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ، بىچارىلىكىمىزگە ئېچىنغانىدىم. ئەمدى سەنيۈەنلىدىكى يۇرتلۇقلارنى كۆرگىنىمدە، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ تولىسى رەتلىك، يارىشىملىق كىيىنگەن، ساقال-بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىردۇرغان كىشىلەر ئىدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ بىز خەقمۇ خېلى قاملاشقان خەق جۇمۇ، دەپ قالدىم.

چېپىلداپ تەر ئېقىپ تۇرغان چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ھۆل بولۇپ كەتكەن قوللىرىمنى ئۈزىتىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشسەم تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ-دە، مەن چامادانىنى قويۇپ قول ياغلىقىمنى چىقىرىپ يۈز-قولۇمنى ئېرتتىم. ئاندىن يېنىمدا تۇرغان بۇرۇتلۇق بىر يىگىتكە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇكام! — دەپ سالام بەردىم.

غەلىتە ئىش، ئۇ يىگىت كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقارغىنىچە ماڭا بىر ھومىيىپ قويۇپ تەتۈر قارىۋالدى. بىر ئىستاكان ئاق ھاراقنى بىراقلا كۆم قويغاندەك، كاللام پىررىدە قېيىپ كەتتى. توۋا، بۇ نېمە ئىش؟ بىزدە چوڭدىن-كىچىككىچە ئۆزئارا سالام-سائەت قىلىش ئەزەلدىن بىر گۈزەللىك ھېسابلىنىپ كەلگەنغۇ. قانداقلا بولسۇن، مەن بۇ يىگىتتىن چوڭ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئۇنىڭدىن قەرز سوراۋاتقىنىم ياكى بىر نەرسە تىلەۋاتقىنىم يوقتۇ.

بەلكىم سودىدا زىيان تارتقان بىر بىچارە بولسا كېرەك، سودا چىشلىۋالغانلىقتىن يۈرىكى سىقىراپ تۇرغاندا مېنىڭ سالىمىم خۇش ياقمىدى بولغاي. بۇ ئوي ماڭا تەسەللى بولدى. مەن يەنە بىرئاز ئىلگىرىلەپ ماڭدىم ۋە نېمىلەرنىدۇر دەپ كۈلۈشۈۋاتقان ئىككى يىگىتكە سالام بەردىم. بىراق ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ئۆچتى ۋە ماڭا گۇمانلانغاندەكمۇ ياكى يىرگەنگەندەكمۇ، ئىشقىلىپ غەلىتە بىر نەزەر تاشلاپ، باشلىرىنى ئىلىڭشىتىپ، دىمىغىنى قېقىپ ھەم دېيىشىپ قويدى. مەن ھودۇقۇپ قالدىم. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇلارغا قولۇمنى ئۇزاتماپتىمەن.

— مەن نەنىڭغا يىغىنغا كەلگەن، گۇاڭجۇئار قىلىق قايتاي دەپ بۇ ياققا كېلىپ قالدىم. مۇشۇ ئەتراپتىن ياتاق تاپقىلى بولارمۇ، — دېدىم مەن ئۇلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىنى كۆڭلۈمگە ئالمىغاندەك قىياپەتتە.

— ئاۋۇ تارچۇققا كىرسىڭىز بىر نەچچە مېھمانخانا بار، ياتاق بار ـ يوقلۇقىنى ئۆزىڭىز سوراپ بېقىڭ، — دېدى قارىمۇتۇق، قىسىق كۆزلۈك يىگىت سوغۇققىنا.

مۇشۇنچىلىك جاۋابقا ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن خۇش بولدۇم ۋە رەھمەتتىن بىر نەچچىنى ئېيتىشىپ تارچۇق يولغا كىردىم.

بۇ يەردىكى ئۈچ مېھمانخانىغا ئۇسسۇپ كىرىپ، ئالغىنىم «ياتاق يوق!» دېگەن قوپال جاۋاب بولدى. ئەسلىدە ياتاققا ئورۇنلىشىۋېلىپ يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيىمەن ـ دە، ئاشخانىغا يۈگۈرەيمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ يەردە ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ئوخشايدۇ.

قورسىقىمنىڭ ئاچلىقى ئۇنتۇلدى، ھارغىنلىقتىن پۇت ـ قوللىرىم بوشىشىپ ئۆزۈمگە بويسۇنمايۋاتقاندەك بىلىنەتتى. خالىغان ۋاقتىمدا ئىشىكنى ئېچىپ كىرەلەيدىغان ئۆز ئۆيۈم ئېسىمگە كەلدى. توۋا، مېنى قايسى شەيتان ئازدۇرۇپ بۇ سەپەرگە قىزىقتۇرغاندۇ...

ئۈرۈمچىدىن شىئەنگىچە پويىزدا بىللە كەلگەن ساتىراش ئېسىمگە چۈشتى. «سەنيۈەنلىدە ساتىراشلىق قىلىۋاتىمەن، — دېگەنىدى مانچېستېر دوپپا كىيگەن، 50 ياشلارغا بېرىپ قالغان ئۇ كىشى، — ئۆيىنى كۆرۈپ كەلدىم، شىئەندە پويىز ئالمىشىپ ئۇياققا كېتىمەن.» گەپ ـ سۆزى مۇلايىم بۇ كىشى بىلەن خېلى كۆپ ھال ـ مۇڭ قىلىشقان، شىئەن ۋوگزالىدا «خۇدايىم بۇيرۇسا گۇاڭجۇدا كۆرۈشەرمىز» دېيىشىپ خوشلاشقانىدۇق. مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىمدا خۇدايىم بۇيرۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئەمدى بىر كىمگە سالاممۇ بەرمەيمەن، سوئالمۇ سورىمايمەن، ئۇستامنى ئۆزۈم ئىزدەپ كۆرەي.

ئۇيان قاراپ بۇيان قاراپ، قىسقىغىنا بىر خالتا كوچىنىڭ بۇلۇڭىدا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغان ئۇستامغا كۆزۈم چۈشتى. مەن خۇددى ئۆز ئاتامنى كۆرگەندەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئەركىلىكىمگە ئالماسام، كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كېتىشىمۇ تۇرغان گەپ ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستام!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — كىچىككىنە ئورۇندۇقىدىن ئىتتىك تۇردى ئۇستام ماڭا قولىنى ئۇزىتىپ، — يېقىن تۇگىگەن

ئوخشىمامدۇ، بۈگۈن كېلىشلىرىمۇ؟
مەن ئۇنىڭ سوئالىغا قىسقىغىنا جا-
ۋاب بەردىم ـ دە، ياتاقتىن ئېغىز ئاچتىم.
بىراق بايىقى كۆڭۈلسىزلىكلەر توغرىسىدا
گەپ قىلغۇم كەلمىدى، پەقەت ئۈچ مېھ-
مانخانىدىن بىر كارىۋاتلىق ئورۇن تاپال-
مىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ــ ياتاقنىڭ ئىشى راست چاتاقراق،ــ
دېدى ئۇستام تامىقىنى چىكىلدىتىپ قو-
يۇپ،ــ بىزنىڭكىلەردىن ئون ـ يىگىرمىلەپ
ياتاقنى ئايلىق بولاپ ئالغانلار بار. شۇ-
لاردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقايلىمۇ ـ يا؟

ــ نېمە دېسىلە شۇ،ــ دېدىم مەن
ئۈمىدلىنىپ،ــ سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان
بولدۇم. نەرسە ـ كېرەكلىرىڭگە مەن قاراپ
تۇراي.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە
ساتىراش بېشىنى چايقىغىنىچە قايتىپ
كەلدى.

ــ خىجالەتمەن، ئۇكام،ــ دېدى ئۇ
ئاچچىق كۈلۈپ،ــ بوش كارىۋاتلارمۇ بار-
دەك قىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بەرگۈسى
كەلمەيۋاتىدۇ. جيۇلۇگىنىڭ دوقمۇشىدىن
قايرىلىپ بەش ـ ئون مىنۇت ماڭسىلا،
«لى خۇا» دېگەن مېھمانخانا بار. شۇ يەر
بىلەن ئۇقۇشۇپ باقامىلا. ئۆزۈم باشلاپ
بارسامغۇ ئوبدان بولاتتى...

ــ ھېلىمۇ كۆپ جۇۋدىلا، رەھمەت،
ئۆزۈم باراي.

بۇ چاغدا كۈن پېتىشقا ئاز قالغانى-
دى. توۋا، بۇ يۇرتتا تىلەمچىنىڭ كۈنى-
گە قېلىپ تالادا تۈنەرمەنمۇ؟

يانچۇقۇمدىكى مۇخبىرلىق كىنىشكامى-
نى كۆرسىتىپ كاتتا ـ كاتتا ئىدارىلەرنىڭ
دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتكەن، نۇرغۇن

سەپەرلەردە، قاتناشتىمۇ، ياتاق مەسىلە-
سىدىمۇ «ئالدىن كۆڭۈل بۆلۈش» لەرگە
ئېرىشكەنمەن. بىراق «لى خۇا» مېھمانخا-
نىسىنىڭ ئاۋاق، كۆرۈمسىز بىر مۇلازىمى بۇ
كىنىشكىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى ۋە قو-
پاللىق بىلەن: «ياتاق يوق» دەپ جاۋاب
بەردى. بۇندىن سەككىز يىل بۇرۇن
شاڭخەيدىمۇ شۇنداق كۆڭۈلسىزلىككە يو-
لۇققان، بىراق ئۇلار ئۆز مېھمانخانىسىدىن
ئورۇن بېرىشنى ناھايىتى سىپايىلىك بى-
لەن رەت قىلغانىدى.

مېنىڭ جۇدۇنۇم ئۆرلىدى. مەن مېھ-
مانخانىنىڭ دىرېكتورىنى ئىزدەپ تاپتىم.
بۇرنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە دادۇردەك چوڭ-
لۇقتا مېڭى بار، ئوتتۇرا ياشلىق بۇ كى-
شى مېنىڭ كىنىشكا ۋە تونۇشتۇرۇشلىرىمى-
نى كۆرۈپ بولۇپ، بىردەم ئويلىنىپ قال-
دى. ئاندىن ھېلىقى مۇلازىمنىڭ قېشىغا
باردى ۋە:

ــ بۇ كىشىنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ قوي،ــ دەپ بۇيرۇدى.

ھوقۇق دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن ـ دە،
مۇلازىم ماڭا ئالىيىپ قويغان بولسىمۇ،
باشلىقىنىڭ گېپىنى يەرىشقا جۈرئەت
قىلالمىدى.

تۆت كارىۋاتلىق ياتاقتا مەندىن
ئۆزگە ھېچكىم يوق ئىدى. بۇنى كۆ-
رۈپ بايىقى مۇلازىمنىڭ «ياتاق يوق» دې-
گىنى ئېسىمگە كەلدى. قانداقلا بولمىسۇن
كېچىنى ئۆتكۈزگۈدەك، پۇت ـ قولۇمنى
سوزغۇدەك يەرگە ئېرىشتىم. بىراق مېنىڭ-
دە گۇاڭجۇدا ھەپتە ـ ئون كۈن تۇرۇش
ھەۋىسى پۈتۈنلەي غايىب بولغانىدى. مۇم-
كىن بولسا ئەتىلا كەتسەم...

شۇ كۈنى كەچتە ھاردۇق ئېشى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولغان سۈيۈقئاشنىمۇ ئىچتىم. ئەسلىدە سۈيۈقئاشتىن كېيىن بىر تەخسە لەڭمەننىمۇ سوقۇۋېتەلەيمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن ئۇنى نەچچە كۈندىن بېرى مېنى خىجىل قىلىپ كېلىۋاتقان قورساق بىر چىنە سۈيۈقئاش بىلەنلا بولدى قىلدى. مەنمۇ ھاردۇقۇم چىقمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمدى بىلسەم، سۈيۈقئاش ھاردۇقنى ئالىدۇ دېگەن تولىمۇ بىر تەرەپلىمە گەپ ئىكەن. كىشىلەر ئارىسىدا يىللىقلىق بولمىسا بەربىر ھاردۇق چىقمايدىكەن ئەمەسمۇ!

ئەتىسى ئەتىگەندە بىز بىلەن ئىلگىرى ئانچە - مۇنچە ئالاقە قىلغان بىر ئورۇننى تاپتىم - دە، ئۇ يەردىكىلەرنى ئۇيان - بۇيان قاترىتىپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە ئەتىسى ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىدىن بىرىگە ئېرىشتىم. شۇ كۈنى تاماق يېيىش ئۈچۈن جىيۇلۇڭغا ئىككى قېتىم باردىم. يەنە شۇ ھۆمىيىپ قاراشلار... ساتىراش بىلەن بىردەم پاراڭلاشقىنىمنى، ئاشخانىدا تاماق بۇيرۇتقىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچكىمگە سالام بەرمىدىم، ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمىدىم. ياقا يۇرتتا ئادەم دۈشمىنىنى كۆرۈپ قالسىمۇ ئىلگىرىكى ئاداۋەتلەرنى ئۇنتۇپ قالغۇسى كېلىدۇ. لېكىن بۇ ئادەملەر ئۆزى بىلەن ھېچبىر ئاداۋىتى يوق كىشىلەرگىمۇ سوۋرۇن مۇئامىلە قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى شۇ قەدەر بۇزۇلۇپ كەتكەنمىدۇ؟

ئايرودرومنىڭ كۈتۈش زالىدا 35 ياشلاردىكى بىر ئۇيغۇرنى كۆرۈپ قالدىم. يەنجىرىلىك خۇرۇم ئاياغ، سەل پۇرلىشىپ قىرىنى يوقاتقان سۇر شىم، يوللۇق مايكا كىيىۋالغان، قاڭشارلىق، چوڭقۇر قارا كۆزلۈك، قېلىن كالپۇكلىرى ھەمىشە ئېچىلىپ تۇرىدىغان، چىشلىرى تاماكىدىن سارغايغان بۇ يىگىتنىڭ تۇرقىدىن دېھقانلارغا خاس قىياپەت چىقىپ تۇراتتى. كەتمەننى تاشلاپ تەلەي سىناپ چىققان ئوخشايدۇ، دېگەن ئوي كۆڭلۈمدىن كەچتى. تونۇگۈن گۇاڭجۇغا كەلگەندىن كېيىنكى ئىشلار تېخىچە ئېسىمدە (بەلكىم مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقماس) بولغاچقا، ئۇنىڭغا سالام بېرىشنى خالىمىدىم. بىراق قېرىشقاندەك ئىككىمىزنىڭ ئايروپىلاندىكى ئورنىمىز بىر يەردە بولۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان.

ئورۇندۇققا جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا گەپ قىلىشقا تەمشەلگەندەك كۆرۈنگەن ئۇ كىشىگە پەقەت بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم - دە، ئەتىگەندە سېتىۋالغان كەچلىك گېزىتنى كۆرۈشكە كىرىشتىم.

ئايروپىلان كۆككە كۆتۈرۈلدى. خۇدا بۇيرۇسا تىنچ - ئامان بولسام نەچچە سائەتتىن كېيىن ئۆيگە يېتىپ بارىمەن. بالا - چاقام مېنىڭ گۇاڭجۇدىن ئاجايىپ سوۋغىلارنى ئېلىپ كېلىشىمنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغاندۇ. بىراق مەن شەھەرنىمۇ توزۇك كۆرگىنىم يوق. كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم ئۇلار مېنىڭدەك بىر «چۈپەي ئاتا» سىنى كەچۈرەر.

— سىلى كادىر ئوخشىمامسىلا؟ — تۇيۇقسىز يېنىمدىن ئاڭلانغان سوئال بېشىمنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى كىشىگە قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئالدىن ئېغىز ئاچقانىكەن، پاراڭلىشىشقا بولىدىغان كىشىدەك قىلىدۇ.

— ھەئە، سىزچۇ؟

— مەن دېھقان.

ئۇنى دەسلەپ كۆرگەن چاغدىكى قىياسىم توغرا چىقتى.

— هازىرمۇ دېھقانمۇ؟ — ئىختىيارسىز شۇ سوئالنى تاشلىدىم.

— نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى ئۇ بارمىقى بىلەن ئوڭ قۇلىقىنىڭ كەينىنى قاشلاپ قويۇپ، — هازىر نېمە ئىكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

ئۇ غەلىتە كۈلۈپ قويدى.

گەپ - سۆزىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ هەر هالدا مەكتەپ يۈزىنى كۆرگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا قىزىقىپ قالدىم.

— تونۇشۇپ قويايلى، — دېدىم مەن ۋە ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدىم.

— مېنىڭ ئىسمىم ئۇرايىم، بۇ ئىبراهىم دېگەن ئىسىم بولسا كېرەك، بىزنىڭ يۇرتتا ئۇرايىم دەپ چاقىرىدۇ.

— ئۇرايىم باقىمۇ؟

— سىلى نەدىن بىلدىلا؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتى ئۇرايىم ۋە ماڭا شۈبھە ۋە ئەندىشە بىلەن زەن سالدى.

مەن ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. هەي، تۇيۇقسىز ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى - دە، ئۇ راستتىنلا ئۇرايىم باقى ئىكەن. بىراق مەن ئۇنىڭغا تېخى ئاخشاملا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىككى پارچە كونۋېرتنىڭ سىرتىغا يېزىلغان ئادرېستا ئوقۇغانلىقىمنى قانداق دېيەلەيمەن.

ئاخشام ياتاقتا يالغۇز ئىدىم. بىردەم تېلېۋىزور كۆرۈپ ياتتىم. بىراق بۇمۇ خۇش ياقمىدى. ئەڭ ياخشىسى، ئورۇنغا كىرىپ يېتىۋالاي، بېلەت قولۇمدا، قانداقلا بولسۇن ئەتە كېتەلەيمەنغۇ، دەپ ئويلىدىم. ئورنۇمنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ بىردىنلا كارىۋات ئۈستىدىكى قېلىن تەگلىكنىڭ ئاستىغا قاراپ باققۇم كەلدى. ئاجايىپ ئىش، تەگلىكنى قايرىشىمغا قاتلىشىپ پۇرلىشىپ كەتكەن ئىككى كونۋېرت كۆزۈمگە چېلىقتى. هەر ئىككىلا كونۋېرتنىڭ سىرتىغا ئىرماش - چىرماش قىلىپ ئادرېس ۋە «ئۇرايىم باقىغا تېگىدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. ئادرېسنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلغانلىقىدىن ۋە ماركا چاپلانمىغانلىقىدىن قارىغاندا بىر كىم ئالغاچ كەلگەن خەت ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

ئىلگىرى بۇ ياتاقتا ئۇيغۇرلار ياتقانىكەن - دە، خەت ئىگىسىنىڭ بۇ خەتلەرنى پەرۋاسىزلىق بىلەن تاشلىۋەتكىنىدىن قارىغاندا، خۇسۇسىي مەخپىيەتلىك هوقۇقىدىنمۇ ۋاز كەچكەن ئوخشايدۇ. ئوقۇپ باقايمۇ، دەپ ئويلىدىم مەن.

بىر پارچە خەتنى ئاچتىم، بۇ خەت ئۇرايىم باقى دېگەن كىشىنىڭ ئانىسىدىن كەلگەن خەت ئىدى.

«ئەنى جانابى، كۆرۈشكىلى ئارزۇلۇق، كۆزۈمنىڭ قارىسى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى ئۇرايىمغا، — دەپ باشلانغانىدى بۇ خەت، — ساق - سالامەت تۇرۇۋاتامسەن؟ ئاغرىق - سىلاقتىن ئامان كېتىۋاتامسەن؟

مەندىن ئەهۋال سورىساڭ، ئاۋۋال خۇدايىمنىڭ بەركاتىدا، ئاندىن قالسا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئامان - ئىسەن كېتىۋاتىمەن.

جېنىم بالام، سەن كەتكىلى ئون ئايدىن ئاشتى. يا ئۆزۈڭ قايتىپ كەلمىدىڭ. يا پات - پات خەت يېزىپ تۇرمىدىڭ. ئارا يىراق بولسىمۇ هەر خىل

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆڭۈلسىزخەۋەرلەر كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، يۈرىكىم سىۇ، كېچىسى كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق. سەنىڭ چوپ-چوڭ ئادەم بولۇپ قالدىڭ، ئۆزۈڭنىڭ نېمە قىلساڭ ئۆبدان بولىدىغانلىقىنى پەرق ئەتكۈدەك ئەقلىڭ بار. بىراق مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ ھېچ ئارامى يوق. جېنىم بالام. قايتىپ كەلسەڭمۇ بوپتىكەن. ئۆيلەپ باقسام، كۆڭلۈمنىڭ تىنچلىقى ھەممىدىن ئەلا ئىكەن، بىر چاغلاردا يىل - يىللاپ قولىمىز پۇل كۆرمەيمۇ ئۆتكەن... مەن ئاجىزلاپ كەتتىم بالام، بولسا، مۇشۇ روزى ھېيتقىچە يېنىپ چىق. يولۇڭغا قارايمەن. خوتۇنۇڭ ئىككى بالىسنى ئېلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭكىگە كېتىۋالدى، مەن يالغۇزچىلىق تارتىپ قالدىم. مەن شور پېشانىگە كىم ئىگە بولىدۇ؟ ئۇنداق قىلما، بالام، ياقا يۇرتتا تاسقىلىپ يۈرگىچە، يەنە شۇ كەتمىنىڭنى تۇتساڭمۇ بولىدۇغۇ...»

يەنە بىر پارچە خەت ئۇرايىم باقىنىڭ ئايالىدىن كەلگەن خەت بولۇپ، ئانىسىنىڭ خېتىدىن بىرەر ئاي كېيىن كەلگەندەك قىلاتتى. خەتتە، ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئامانلىق سۆزلىرىدىن كېيىن مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«ئۇرايىمجان، خەتلىرىدە ئۆيدە ئولتۇرماي ئاتا - ئاناڭنىڭكىگە بېرىۋاپسەن دەپ كايىپىلا، خېتىڭنى بىرىمەن دەپ يېزىپتىلا، شۇ نىيەتتە كەلگەن بولسىلا ماڭىمۇ ئامال يوق، بىراق شۇ سۆزلەرنى يازغىچە ئارىمىزدىكى چۈچۈرىدەك ئىككى بالىنى خىيالىرىغا كەلتۈرۈپ باقتىلىمىكىن.

ئاتا-ئاناڭنىڭكىگە بېرىۋالغىنىم راست. بۇ ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، ئاشۇ ئىككى بالىلىرى ئۈچۈن بولىدى. خەۋەرلىرىدە بار، ئۇقەت قىلىمەن دەپ ئۆينىڭ جىمى تەئەللۇقاتىنى سېتىپ گۇاڭجۇغا كەتتىلە. شۇ كەتكەنچە، مانا بىر يىل بولاي دەپ قالدى. بار - يوقى ئىككى پارچە خەتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سىلىدىن ھېچ نەرسە كەلگىنى يوق. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىغا مەنىڭ چىدايدىكەنمەن، ئەمما ئانىلىرى بىچارە بىلەن نارەسىدە ئىككى بالاچىدىمىدى. ئانىلىرى ئاكىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالدى، مەن سىلى كەلگىچە بالىلارنى جاپا تارتىپ كەتمىسۇن دەپ ئانامنىڭكىگە كەتتىم. ئەمما قېيىن ئانامنى تاشلىۋەتمىدىم، پات - پات بېرىپ يوقلاپ تۇردۇم. مۇمكىن بولسا ئۇنىمۇ ئۆزۈم بىلەن ئەكەتكۈم بار ئىدى، ئۇ ئۇنىمىدى.

ئۇرايىمجان، بار ئىش شۇ. ئىشەنمىسىلە، قايتىپ كەلگەندە كۆرەلا. بالىلارغۇ ھەر كۈنى: «دادام قاچان كېلىدۇ؟» دەپ بېشىمنى ئۇچاق ئېتىۋەتتى. مېنىڭ ئۇلارنى گوللاشتىن باشقا ئامالىم يوق...»

تۈنۈگۈن ئاخشام مەن بۇ خەتلەرنى قايتا - قايتا ئوقۇغان، خەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن خېلى نەرسىلەرنى چۈشەنگەن ۋە ماڭا ناتونۇش خەت ئىگىسىگە ۋەكالىتەن خەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەنىدىم. ئەمدى ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، ئاشۇ ئۇرايىم باقى قېشىمدا، ماڭا گۇمان نەزەرى بىلەن قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ قايتىپ كېتىۋاتامدىغاندۇ ياكى ئايالىنىڭ خېتىنى بەرگىلى كېتىۋاتامدىغاندۇ؟

— ھەيران قالمىسىلا ئۇكام، بىزنىڭ ئىدارىدا ئۇرايىم باقى دېگەن بىرسى بولىدىغان، شۇ ئىسمىگە كەلگەچكە، سىلىنى ھەيران قالدۇرغان سوئاللىرى

مۇنداقلا سوراپ قاپتىمەن، — مەن ئۇخلايسىز-
لىنىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاشۇ «چۆچەك»
نى توقۇدۇم.
ئۇرايىمنىڭ چىرايىغا كۈلكە
يۈگۈردى.
— يۇرتقا كېتىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟
ئۇقەت قانداقراق؟ — دەپ سورىدىم مەن
پاراڭنى ئۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن.
ئۇرايىم ئاچچىق كۈلۈپ قويىدى.
— نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى ئۇ
ئوڭ قولىقىنىڭ كەينىنى قاشلاپ قويۇپ، —
يۇرتتىن چىققىلى بىر يىل بولدى. ئۇقەت
قىلمىدىممىكىن دېسەم، ئاز چاپمىدىم، قىل-
دىممىكىن دېسەم يانچۇقىمدا ھېچنېمە يوق.
— زىيان بولغان ئوخشىمامدۇ؟
— زىيان؟ مەن بىر ئوغۇل بالا
بولغاندىكىن، ئۇقەت قىلىپ تارتقان
زىيانغا چىدىغۇچىلىكىم بار ئىدى. ئەمما
ئۇقەتتىن ئەمەس، ئادەمدىن زىيان كۆر-
سە راستتىنلا ئېغىر ئىش ئىكەن.
— گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم، —
دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.
— بىرىگە دەرد ئېيتىماق ئاسان
ئىش ئەمەس، — دېدى ئۇ چوڭقۇر كۆز-
لىرىنى چىمىلدىتىپ قويۇپ، — ئەمما
ئېچىم دەردكە توشۇپ كەتتى، سىلى
ئاكامدەك كىشى ئىكەنلا، نېمىشقا ھېلى-
قىدەك دېگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ
بېرەي.
ئايروپىلان بۇلۇتلار ئۈستىدە غۇڭۇل-
داپ ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇرايىم دېرىزى-
دىن سىرتقا ھەسرەت بىلەن قاراپ قو-
يۇپ ھېكايىسىنى باشلىدى:
سىلى بىزنىڭ يۇرتقا بېرىپ باققان
بولغىيتتىلا، كۈنىمىز تېخىچە قاتتىقچى-
لىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. مەن تولۇقنى پۈتتۈر-
گەنمەن. يامان ئەمەس ئوقۇغانىدىم،
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇم، سىلىگە ئوخ-
شاش كادىر بولغۇممۇ بار ئىدى. بىراق
نېمە پېشكەللىك باستى ئالىي مەكتەپ-
كە ئۆتەلمىدىم. بىزدەك سەھرالىقلار
ئۆرلەپ ئوقۇيالمىساقلا، كەتمەننىڭ دەس-
تىسىنى تۇتماي ئامال يوق. كەتمەننى
شۇ تۇتقانچە ئون نەچچە يىل تۇتتۇم.
مۇشۇ كۈندە ئىشلەپلا تۇرسا ئانچە-مۇن-
چە بەرىكەتمۇ قونۇپ قالىدىكەن، ئۆي-
لەندىم، ئىككى باللىق بولدۇم، ئۆيدە
بىر نەچچە پارچە گىلەم، ئېغىلدا تۆت-
بەش قويمۇ بار بولدى. لېكىن بەزى
خەقلەرگە قارىسام، ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ
بىچارىلىكىمنى ھېس قىلدىم. كىمنىڭ
يانچۇقىنى تومپايتىپ، پۇل دېگەن نەرسى-
نى تاراقشىتىپ خەجلەپ يۈرگىنى كەل-
مەيدۇ دېسىلە، مېنىڭمۇ كۆڭلۈمگە جىن
چۈشتى، ئاتام مېنى ئوغۇل بالا دەپ تاپ-
قاندىكىن تەلىيىمنى سىناپ باقمايمۇ دې-
دىم. شۇنىڭ بىلەن ئانامنىڭ يىغىسىغا،
ئايالىمنىڭ قاقشىشىغا پەرۋا قىلماي،
بار تەئەللۇقاتنى سېتىپ پۇل قىلىپ
گۇاڭجۇغا كېلىپ قالدىم. تۇرسۇن ھايان
دېگەن بىزنىڭ بىر يۇرتلۇق بولىدىغان،
خەقنى تولا قاقتى-سوقتى قىلىپ يۈر-
گەنلىكى ئۈچۈن يۇرتتا ئۇنىڭ نامى يا-
مان ئىدى. كەلگەن كۈنۈم شۇنىڭغا ئۇچ-
رىشىپ قالدىم. چالا-بۇلا تونۇش بولغى-
نىمىزغا قارىماي، ئۇ مېنىڭ بىلەن قۇ-
چاقلىشىپ كۆرۈشتى. «ئۇكام، خاتىرجەم
بول، بۇ يەردە ساڭا مەن ئىگە» دەپ
مەيدىسىگە ئۇردى. نامىنى بىلگەچكە ئۇ-
نىڭدىن ئېھتىيات قىلدىم. بىراق ئۇ بۇ

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىقىمنى كۆڭلىگە ئالمىدىغانىدەك ئەمەس، ئۇيان، بۇيان چېپىپ يۈرۈپ مېنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى. تاكسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئىككى - ئۈچ كۈن شەھەر ئايلاندۇردى، جېمى چىقىم ئۆزىدىن، مەن يانچۇق كولىسام:

— ھوي بالا، نېمانداق قىلىسەن؟ بۇ يەرگە مەن كەلگىلى بەش يىل بولدى، شۇنى دېسەڭمۇ سەن ماڭا مېھمان - دە. يانچۇقىڭدىن قولۇڭنى تارت، بولمىسا رەنجىيمەن. ياقا يۇرتتا بىر يۇرتلۇق دېگەن تۇغقاندىنمۇ چارە يېقىن. سېنى كۆرۈپ قېرىنداشىمنى كۆرگەندەك بولۇپ قالدىم،— دەيدۇ. مۇساپىرچىلىق ئۇنى ئادەم قىپتۇ دەپ ئويلاپ قالدىم مەن.

ئۈچىنچى كۈنى كەچتە تۇرسۇن ھايان ئالدىراپ - تېنەپ ياتاققا كىرىپ كەلدى.

— قانداق ئۇكام،— دېدى مۇرەمگە قېقىپ،— شەھەرنىمۇ ئانچە - مۇنچە كۆردۇڭ، قالغىنىنى ئالدىرىماي كۆرۈۋالىسەن، ئەمدى ئوقەتنى باشلىۋەت. قانداق، پۇلدىن قىسىنچىلىقىڭ بارمۇ؟ بولسا، تارتىنماي دەۋەر، مانا مەن تۇرۇپتىمەن.

مەن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلەن قارىدىم ۋە:

— ئاكا، سەن نېمە دېسەڭ شۇ، ئۆزۈممۇ شۇ ئوقەتنى دېمىسەم بۇ يەرگە كېلىپ نېمە قىلاتتىم؟ پۇلمۇ يوق ئەمەس، بەش يېرىم مىڭچە ۋەجىم بار، قالغان ئىشقا يول كۆرسەت،— دېدىم. تۇرسۇن ھايان ماڭا زاڭلىق قىلغاندەك قاراپ قويۇپ:

— ئېغىزغا ئالغۇدەك نەرسەڭ يوق ئىكەن، ئۇكام، بۇنى دېسەم كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، ئۇنىڭ بىلەن سەھراغا چىقىپ بىر كىچە جايا تارتقۇچىلىكى يوق. مۇنداق قىلايلى، پۇلنى ماڭا بەر، ئۇنى بىر گۇرۇپپىغا بېرىپ قوياي، ئەتىلا پۇلۇڭغا ئۈچ - تۆت يۈز كوي قونۇپ قالىدۇ. ئەتە - ئۆگۈنگىچە ئىشى تازا ئېتىقىپ تۇرغان گۇرۇپپىدىن بىرىگە قوشۇپ قويىمەن، شۇ چاغدا ئۆزۈڭ قاتنارسەن،— دېدى.

— گۇرۇپپا دېگىنىڭلار نېمە؟ — دېدىم مەن ئۇرايىمنىڭ ھېكايىسىنى بۆلۈپ.

— گۇاڭجۇدا ئاقىدىغان ئوقەت سەھرادىن سىنئالغۇ، تېلېۋىزور ئەكىرىپ سېتىش،— دېدى ئۇرايىم چۈشەندۇرۇپ،— بۇ ئوقەتنى قىلىشتا بىر قانچە ئادەم بىرلىشىپ سەھراغا چىقىدىغان گەپ، ئۇلارنىڭ پۇلىنىمۇ بىر ئادەم تۇتىدۇ. سىنئالغۇ، تېلېۋىزورنى ئەكىرگەندىن كېيىن، ئالغان پايدىنى دېرىگە قاراپ بۆلۈشىدىغان ئىمش.

— ھە، گۇرۇپپا دېگەن مۇنداق گەپ ئىكەن - دە، سۆزىڭىزنى بۆلۈپ قويدۇم، قېنى، قۇلىقىم سىزدە.

— تۇرسۇن ھايانىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئارىسالدا بولۇپ تۇرمىدىم. مەن گالۋاڭنىڭ ساددىلىقى شۇ يەردە. كۆڭلۈمگە باشقا خىيالمۇ كەلمەپتۇ. مەن بار - يوق ۋەجىمنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدۇم. تېخى: «ئاكا، سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار» دەپ رەھمەت ئېيتىپ كېتىپتىمەن. ئەتىسى بىر كۈن ئۆتتى. نەچچە كۈندىن بېرى يېنىمدىن نېرى بولمىغان تۇرسۇن ھايان كۈن بويى ياندىشىپمۇ قويمىدى. چۈشىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدىم. لېكىن ياتاقتىكىلەرگە دېمىسىنى چىقىرالمىدىم. ئۇلارغا نېمە دەيمەن؟ ئاخشام

تۇرسۇن‌هايان بار ۋەجىمنى مۇنداق-مۇنداق
دەپ ئەچچىقىپ كەتكەن دەمدىم؟ ئەتىلىك-
كە ئۇ ۋەجىمنى بىر مۇنچە پايدىسى
بىلەن كۆتۈرۈپ كىرسە، ئۇنىڭغا قاراسانىغان-
لىقىم ئۈچۈن خىجالەتتە قالمامدىمەن؟ بىراق
يەنە بىر كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ
قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. مەن تىت-تىت
بولۇپ تىپىرلاپ قالدىم، كىرىمەن، چىقى-
مەن، تاماكىنى ئۈزۈلدۈرمەي چېكىمەن.
كۆيۈپ كەتتىمۇ نېمە، دېگەن ئوي
يۈرىكىمنى چاشقاندەك غاجىلاپ ئارام
بەرمىدى. مېنىڭ تۇرقىمغا قاراپ ياتاق-
داشلىرىمنىڭ ئىچى پۇشتى.

— نېمە بولدۇڭلار ئاداش، —
دېيىشتى ئۇلار، —پۇتى كۆيگەن توخۇدەك
بىر يەردە تۇرالماي قالدىڭلارغۇ؟

بۇ ياتاقتا ئۈچەيلەن ياتاتتۇق.
مۇختار بوران، ياسىن توك دېگەن ياتاق-
داشلىرىم بىلەن تۈزۈكرەك ئەھۋاللىشىپ
باققىنىم يوق ئىدى. ئۇلارمۇ ماڭا چىراي
ئاچمايتتى. لېكىن بۈگۈن ئۇلار ئالدىن
ئېغىز ئېچىپ قالدى. مەن ئۇلارغا ئەھ-
ۋالنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم. گېپىم
تۈگىگەندە ئۇلار بىردەم جىمىپ كەتتى.
ئاندىن ئۇلاردىن بىرى قوپاللىق بىلەن:

— نەدە چوڭ بولغان سىلە، تازىمۇ
گالۋاڭ ئىكەنلا، شۇ ھالىڭىزغا ئۇقەت قىلى-
مەن دەپ يۈرتتىن چىقتىلىمۇ؟: —دې-
دى. يەنە بىرى:

— ھوي ئاداش، بۈگۈنكى ئۆزىنىڭ
دەردىنى تارتالمايۋاتسا، نېمانچە قىرچە، يانچە
تېگىسىلەر؟ —دەپ كايىدى ۋە ماڭا قاراپ
سۆزلىگىلى تۇردى، — ماڭا قاراڭلا ئاداش،
بايىقى گېپىڭلار راست بولسا، سىلە بىر ئېزىپ-
سىلەر. ھەممىمىز ئوغۇل بالا بولغاندىكىن

ئۇدۇل گەپنى قىلىشايلى، نەچچە كۈندىن
بېرى تۇرسۇن هايان بىلەن يۈرگىنىڭ-
لارنى كۆرۈپ، بۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش
بىر ئالدامچى، قىمارۋاز ئوخشايدۇ دەپ
ئۆزىمىزنى نېرى تارتىپ يۈرۈپتۇق. قارى-
غاندا ئۇنداق ئەمەس ئوخشايسىلەر، سى-
لەرگە ئېغىر كەلسىمۇ مەيلى، ۋاقتىدا
دېمىسەك بولمايدۇ، سىلى ئەمدى ۋەجىڭ-
لاردىن ئايرىلىپ قاپسىلەر.

— نېمە؟ ئايرىلىپ قاپسىلەر؟ مەن
قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم.

— شۇنداق، ئايرىلىپ قاپسىلەر،
تۇرسۇن دېگەن قىپقىزىل ئالدام-
چى، سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارنى ئالدى-دە،
چىقىپ تاۋاكاغا ئاتتى دېگەن گەپ. بۇ
پېشكەل باسقان قىمارۋاز ئۇتتۇرۇشتىن
باشقىنى بىلمەيدۇ. شۇ تاپتا ئۇ شاڭخەي-
گە يا بېيجىڭغا قاراپ كېتىۋاتقاندۇ.

— بۇ... بۇ قانداق بولغىنى؟ ئۇ
پۇلۇڭنى بىر گۇرۇپپىغا بېرىپ قويىمەن
دېگەن... — دېدىم مەن گاڭگىرىغان ھالدا
ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلىگەندەك.

— ھېچقايسى گۇرۇپپا تۇرسۇن
هايانىنى ئارىسىغا قىستۇرمايدۇ، ئۇ بەرگەن
پۇلنى كىم ئالغىدەك؟ گېپىمىزگە تازا ئىشەنگ-
ۈڭلار كەلمە يۋاتىدۇ-ھە...يول توسۇلۇپ
كەتكىلى ھەپتە-ئون كۈن بولدى، ھەممە
گۇرۇپپىدىكىلەر يولنىڭ ئېچىلىشىنى
كۈتۈپ ياتاقتا بىزدەك يېتىپتۇ، — دېدى
بايا قوپاللىق بىلەن تەگكەن ياتاقدى-
شىم ياسىن توك ماڭا ئىچ ئاغرىتقان-
دەك قاراپ، — كۆڭلۈڭلار قالمىسۇن،
تۇرسۇن هايانىنى بىز ئىزدىشىپ بېرەي-
لى، ئەمما بۇنىڭدىن ئۈمىد چوڭ ئەمەس.

ئىككى كۈن ئىزدىدۇق، ئۇنىڭ
دېرىكىنى ئالالمىدۇق. دېمەك، ئۇگۇڭاڭجۇدىن

www.uyghurkitap.com

كېتىپتۇ، ئۇ مېنى ئالداپ، يانچۇقىمنى قۇرۇقداپ قېچىپتۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، يانچۇقتا قورساق توقلاشقا يەتكۈدەكمۇ پۇل قالمىدى، تىلەمچىلىك قىلىشنىڭ يولى بارمۇ بۇ يەردە؟

مەن ئىلمىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. ياتاقتا تورۇسقا قارىغىنىمچە كارىۋاتتا ياتىمەن، ياتىمەن، يا كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، تۇرۇپلا يۇرتلۇق ئەمەسمۇ، مۇسۇلمان ئەمەسمۇ، دەپ سۆزلەپ كېتىمەن.

— ئاداش، — دېدى بىر كۈنى ياسىن توك، — يۇرتلۇق بولسىلا ۋاپادار بولىدۇ، بىسمىللا ئېيتسىلا ئىنساپلىق مۇسۇلمان بولىدۇ دېگەن گەپ يوق. سادىدا ئىكەنسىلەر، قارىغاندا بىرىگە زىيان ئۇرمايدىغاندەك قىلىسىلەر، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇرسۇن هايانىمۇ قىلىقلارغا چۈشۈپ قالار، ئاڭغىچە ئاسمانغا قاراپ يېتىۋەرگىلى بولمايدۇ. بىر يۇرتلۇق بولمىساقمۇ، بىر ئۇيغۇر ئىكەنمىز، سىلەرنىڭ تاماشاڭلارنى كۆرۈپ ئولتۇرغىمىز يوق. يۇرتقا كېتىمەن دېسەڭلار، ئىككىمىز سىلەرنى يولغا سېلىپ قويايلى. ياق، بۇ يەرگە كەپتىمەن، ئازراق ئوقەت قىلىۋالاي، دېسەڭلار، بىزگە قوشۇلۇڭلار، قالغىنىنى خۇداغا تاپشۇردۇق.

راستىنى ئېيتسام، تۇرسۇن هايانىڭ مېنى قاقتى-سوقتى قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگىنىمدە بۇرنۇم ئېچىشىپ قالغانىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ماڭا چىراي ئاچماي هومىيىپ يۈرگەن، ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن ماۋۇ ئىككىيلەننىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا تەسىرلەنگىنىمدىن يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم.

— شۇنچىلىك دېگىنىڭلارغا رەھمەت، — دېدىم مەن يەردىن كۆزۈمنى ئۈزمەي بېشىمنى چايقىغىنىمچە، — گاڭسا-جىنسا بولۇپ قالغاندىكىن، بىر ئامال قىلىپ كەتسەممۇ بولاتتى. لېكىن قايسى يۈزۈم بىلەن يۇرتقا، ئانامنىڭ، بالا-چاقامنىڭ ئالدىغا بارىمەن. سىلەر بىزگە قوشۇلۇڭلار دەيسىلەر، ئىسسىق جېنىمدىن باشقا هېچ نەرسەم بولمىسا يەنە نېمە بىلەن سىلەرگە قوشۇلالايمەن...

— خوتۇن كىشىدەك ئىڭ-ئىڭ قىلىپ ئولتۇرماڭلار ئاداش، — دېدى ياسىن توك، — بىز قوشۇل دېگەندىكىن، پۇلنى بىز بېرىپ تۇرىمىز-دە...

— هەي-هەي، ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرغاندا سەنمۇ توك تېپەكتەك تەگمەي، تۈزۈك چۈشەندۈرمەمسەن، — دېدى مۇختار بوران.

— ۋاي-ۋۇي، بوراندەك گۈركىرەپلا كەتتىڭغۇ، — دېدى ياسىن توك كۈلۈپ، — ئەمىسە سەن سۆزلە...

— مۇنداق ئىمىش، ئاغىنە، — دېدى مۇختار بوران يېنىمدا ئولتۇرۇپ مۈرەمگە قولىنى ئارتقىنىچە، — بېشىڭغا كۈن چۈشۈپتۇ، ئۆز خەق بولغاندىكىن قاراپ تۇرۇشقا بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. ماۋۇ توك بىلەن مېنىڭ كۆپ بولمىسىمۇ هەر هالدا ئانچە-مۇنچە تاپقىنىمىز بار. شۇنىڭدىن بەش مىڭنى دەمسەن، ئون مىڭنى دەمسەن بېرىپ تۇرىمىز. سەھراغا بىللە چىقساق، شۇ پۇلۇڭغا كەلگەن مېلىڭنىڭ پايدىسى ئۆزۈڭگە قالىدۇ، سېنىڭدىن ئۆسۈم ئېلىپ

يۇرمەيمىز. ئەمما بىزنىڭ بەرگىنىمىز تۆمۈر پۇل، زىيان تارتساڭمۇ بوينۇڭغا ئارتىقلىق تۇرۇۋېرىدۇ، بىر كۈنى تۆلەيسەن. بىزنىڭ ساڭا قىلالايدىغان ياردىمىمىز شۇنچىلىك.

مەن ئويلىنىپ قالدىم. قەرز ئېلىپ ئوقەت قىلىشنى زادى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم.

— بىز... بۇ قانداق بولار؟ — دېدىم مەن قۇلىقىمنى قاشلاپ، — ئالىمادىس زىيان تارتسام...

— ئاداش، — دېدى ياسىن تۇڭ، — بۇنداق ياخشىلىقنى كۆرگەنلا ئادەمگە قىلىۋەرگىلى بولمايدۇ. قارىساق دېھقانىكەنسەن، كۆڭلۈڭدە يامانلىق يوقتەك تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ بىچارە شۇ ئالدانغانچە تۈگىشىپ كەتمىسۇن دېدۇق. زىياندىن قورقساڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئوقەت قىلىمەن دېگۈچە، يېزاڭدا زاغراڭنى يەپ، كەتمىنىڭنى چاپساڭ ئوبدان بولاتتى.

— بولدى، سىلەر شۇنچىلىك دەپ تۇرغان يەردە، مەنمۇ بىر ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، بىر تەۋەككۇل قىلىپ باقاي، — دېدىم مەن.

— ھە بىبەللى، ماۋۇ گېپىڭ جايىدا، — دېدى ياسىن مۆرەمگە شاپىلاقلاپ، — ياسىن تۇڭ، مۇختار بوران، ئۇرايىم گالۋاڭ ئۈچەيلەن بىر چېپىپ باقايلى قېنى!

ئىككىسىگە قوشۇلۇپ مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم. ياسىن تۇڭنىڭ ماڭا قويغان لەقىمى قىلچە كۆڭلۈمگە كەلمىدى. كاپىلداۋەردىم ئاكا، زېرىكتۇرۇپ قويمىغاندىمەن؟

— يا، ياق، سۆزلەۋېرىڭ، قىزىقىم سىزدە، — دېدىم مەن ئالدىراپ. دەرۋەقە ئۇنىڭ ھېكايىسى مېنى قاتتىق جەلپ قىلىۋالغانىدى.

ئۇرايىم بوينىنى سوزۇپ ئالدى-كەينىگە قاراپ قويدى.

— ئەستا، — دېدى ئۇ قۇلىقىنى قاشلاپ، — ئايروپىلان دېگەن بۇ ئوقەتتىمۇ قالتىس نەرسىكەن، شۇغىنىسى تاماكا چەككىلى قويمايدىغىنى چاتاق ئىكەن-دە... شۇنداق قىلىپ، ھەر ھالدا مېنىڭ تەلىيىم بار ئىكەن دېسىلە، تۇرسۇن ھايان مېنى كوملاپ كەتكىنى بىلەن، ئوغۇل بالىلىقى بار ئىككىيلەننىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدۇم. بىز قىلغان ئىشلارنى سىلىدەك كادىرلار ياقتۇرمايدۇ، ئەمما قانداق قىلىمىز، تىرىكچىلىك دېسىلە... ئىشنىڭ دەسلىپىدە قورقتۇم، پايدىسىنى كۆرگەنسېرى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى يۈرىكىممۇ توملاپ قالدى. بۇ گۇاڭجۇ دېگەننىڭ خۇيدۇڭ دەمدۇ، نەنسەن دەمدۇ، ئىشقىلىپ بىرمۇنچە ناھىيىلىرى بار ئىكەن. بىزنىڭكىلەر ئۇ يەرلەرنى سەھرا دەپ ئاتىشىدۇ. بىز ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئۇ يەرگە چىقىپ تىمىسقىلاپ مال ئىزقۇشىمىز، مېنىڭ مال دەۋاتقانلىرىم ياپونىيىنىڭ سىنئالغۇ، تېلېۋىزورلىرى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ تولىسى شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنامدىكىن ئىش قىلىپ مال دېگەن چىقىپ تۇرىدۇ. كېچىسى سۆزلىشىمىز، نەرخىنى كېلىشىمىز، ئاندىن بىر-بىرلەپ سىناپ كۆرىمىز، كېيىن يەنە ئۆز پېتى ئوراپ قاچىلاپ، ساتقۇچىغا پۇلنى بېرىپ، ئېلىپ ماڭىمىز. ماڭىدىغان ۋاقتىمىز تولىراق تاڭ سەھەرگە توغرا كېلىدۇ. مال ئازراق بولسا ئاپتوبۇس بىلەن گۇاڭجۇغا قايتىپ

www.uyghurkitap.com

كېلىمىز. بەزىدە بولكىۋاي كىرا قىلىپ 20 — 30 مالنى بېسىپ كىرىدىغان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولىدۇ. مەن بۇ ئىشنى باشلىغان كۈنلەردە يول خېلى ئوچۇق بولۇپ بەردى، بەش ـ ئون قېتىم قاتناپلا ئىككى ھەمرىيىمنىڭ بەرگىنىنى قايتۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ ۋەجى بىلەن قاتنىغىدەك بولۇپ قالدىم. پۇل دېگەن نەرسە ئادەمنى تازا ۋەسۋەسىگە سالىدىغان شەيتان ئىكەن. شۇ كۈنلەردە بىرەر كۈن ئارام ئېلىۋېلىش خىيالىمغا كىرمەيتتى. بىر قېتىم سەككىز مالنى كۆتۈرۈپ ماڭغانمەن. سەككىز مالنىڭ ئېغىرلىقىمۇ 60 كىلودەك كېلەر. لېكىن ئۇ كۆرۈنۈشتە بىر تۆگىلىك مالدەك كۆرۈنەتتى. شۇ چاغدا ياسىن تۇك بىلەن مۇختار بوران: «ياپىرىم، نېمانداق قارام نېمىسەن، سېنى گالۋاڭ دېگۈچە، تۆگە دېسەك بولاتتىكەن» دەپ چېقىشقانىدى.

ئۇچەيلەن ياخشى ئاغىنە بولۇپ قالدۇق. ئارىمىزدا بىر ـ بىرىمىزگە قارا سانايدىغان ئىش يوق ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى بىردەممۇ ئېسىمدىن چىقارمايتتىم، قەيەردىلا بولسا ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇشنى ئويلايتتىم. لېكىن ئۇلار بۇنىڭغا يول قويمايتتى. تاماق، تاكسى پۇللىرىنى مەن تۆلىسەم، شۇ كۈنى كەچتىلا ئۆزلىرىگە تېگىشلىكىنى ماڭا قايتۇراتتى. «ئاغىنىلەر، ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن قانچە قىلسام ئەرزىيدۇ، بۇنچىلىك نەرسىنى قايتۇرۇپ يۈرمىسەڭلار بولاتتى» دېسەم، ئۇلار: «بولدى قوي، بۇنداق گېپىڭنى، ساڭا ئۆز ئادەم ئىكەنىمىز دەپ ياردەم قىلدۇق، بىر نېمە تەمە قىلغىنىمىز يوق» دەپ سىلىكىۋېتەتتى. بىلمىگەنلەر بىزدەك ئوقەتچىلەرنى ساپلا ساختىپەز، كىشىنى ئوڭدا قويىدىغانلار دېيىشىدىكەن. ئۇنداقلارمىغۇ خېلى بار، لېكىن مۇختار بوران، ياسىن تۇكلاردەك ئوغۇل باللارمۇ ئاز ئەمەس... ئوقەتنىڭ يولىنى بىلىپ، ئىشىم تازا ئېقىۋاتقان كۈنلەرنىڭ ئاخىرىغا پالاكەتچىلىك كۈنلەر ئۇلىشىپ كەلگىلى تۇردى. يول چىگىپ كەتتى، بۇ دېگىنىمىز بىزدەكلەرنىڭ يولىنى توسايدىغان، مالنى مۇسادىرە قىلىۋالىدىغانلارنىڭ ھەرىكىتى جىددىيلىشىپ كەتتى دېگەن گەپ. ئىلگىرى تۇتۇلۇپ قالساق ئانچە ـ مۇنچە جەرىمانە تۆلىسەكلا قۇتۇلاتتۇق. مالىمۇ ئۆزىمىزدە قالاتتى. ئەمدى ئۇنداق ئىش يوق، تۇتۇلدۇقمۇ بولدى، مالنى تارتىۋالىدۇ، مالنىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىنى بېرىپ كۆتىمىزگە تېپىدۇ. بۇنداق زىيانغا چىدىغىلى بولامدىغان؟ ساقچىنى كۆردۇقمۇ، كېيىك بولۇپ كېتىمىز دېسىلە، پەرتىلدەپ قاچىدىغان بولساق، كۆرگەن كىشى ھەيران قالىدۇ. قوغلاپ تۇتۇۋالسا ئۇرۇشىمىز، بەزىدە شۇنداق قىلىپ قۇتۇلۇپ قالىمىز، تۇتۇلۇپ قالدۇقمۇ، بولدى، تۇك كالتەكنى كىككىرگىچە يەيدىغان گەپ. كىراكەش شوپۇرلارمۇ قالتىس دېسىلە، مالغا چىققىچە كىرانى 500 كوي دەپ سۆزلەشكەن بولسا، مالنى بېسىپ قايتقاندا ئارقىمىزدىن بىر كىملەر قوغلاپ كەلسە، يەنە 500 نى چاپلايمىز، شوپۇر ماشىنا دېگەننى قىزيۇندەك ئۇچۇرۇۋېتىدۇ. كالتەكنىمۇ جىق يەپ كەتتۇق، زىيانىمۇ خېلى تارتتۇق، ئەمما ئوقەتتىن

قول ئۈزەلمىدۇق، بۇنداق قىلىشقا
زادى كۆڭلىمىز ئۇنىمىدى. شۇ كۈن-
لەردە يۇرتقا غىپپىدە كېتىۋالساممۇ،
ئىككى تۇمەندەك ۋەجىنى كۆتۈرۈپ
كەتكەن بولاتتىم. لېكىن بۇ مەن ئۈچۈن
تېخى ئاز ئىدى. ۋەجىنى يەنە كۆپەيت-
كىلى بولىدىغان تۇرسا، نېمىشقا كەت-
كۈدەكمەن دەپ ئويلىدىم. يۇرتقا قايت-
تىش ياسىن، مۇختارلارنىڭمۇ خىيالىغا
كەلمەيتتى. مېنىڭمۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ
قالغۇم يوق ئىدى.

بىر قېتىم بىز بىر ماشىنا مال
بىلەن قولغا چۈشۈپ قالدۇق، بۇ قېتىمقى
زىيان خېلى ئېغىر بولدى. خېلى-خېلى
زىيانلارنى «بوپتۇ ئاغىنىلەر، بۇنچىلىك
زىيانغا كۆيۈپ كەتمەيمىز» دەپ ئۆت-
كۈزۈۋېتىدىغان مۇختار بۇرادىنىمۇ بۇ
قېتىم دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. شۇ-
نىڭ بىلەن، يول ئېچىلغۇچە تاماشىمىزنى
قىلىپ تۇرايلى دېيىشتۇق. ھەر كۈنى
دېگۈدەك چۆنتەككە پۇل كىرگەنگە ئۆگى-
نىپ قالسا، بىكار كۈنلەرمۇ ئادەمگە
ھارام بىلىنىدىكەن. ئىككى ئاي ئىلگى-
رى، روزى ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى بىز
ئۈچەيلەن يەنە باشقا ئالتەيلەن بىلەن
20 تۇمەننى بىر قىلىپ خۇيدۇك دېگەن
ناھىيىگە چىقتۇق. پىلانىمىزدا شۇ كېچى-
سى بىر ماشىنا مالنى بېسىۋېلىپ، ھېيت
نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ شەھەرگە كىرىپ
كەتمەكچى ئىدۇق. مالنى ئالدىن ئۈزۈۋې-
شۈپ قويغان، يېرىم كېچىدە تاپشۇرۇ-
ۋالغىلى بارماقچى بولغانىدۇق. ئاكىغىچە
ياتاقتا ئارام ئالايلى دېدۇق، توققۇز
ئادەم بەش كارىۋاتلىق بىر ياتاققا
ئورۇنلاشتۇق. بەزىلىرىمىز كارىۋاتتا،
بەزىلىرىمىز يەردە... سائەت ئون بىرلەر
بولغاندا، تۇيۇقسىز ياتاقنىڭ ئىشىكى
تاراقلاپ ئېچىلدى-دە، نىقابلانغان
بەشەيلەن باستۇرۇپ كىردى...



— ساقچىلارمۇ؟ — دەپ سورىدىم
مەن. شۇ تاپتا مەن ئۇرايىمدەكلا جىد-
دىيلىشىپ كەتكەن، گويا شۇ توققۇز
ئادەمنىڭ ئىچىدە ئۆزۈممۇ باردەك ھېس
قىلىۋاتاتتىم.

— نەدىكىنى! ساپلا بىزنىڭ ئۆي-
غۇرلار، قوشۇنىنىڭ ئادەملىرى بول-
مامدۇ! — دېدى ئۇرايىم، ئۇنىڭ ئاۋازى
سەل خىرىلداپ قالدى، — بەشىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى

گېلىمغا بەش پىچاق تىرەلدى. قالغانلار مىدىر قىلماي قېتىپ قالدى.

— پۇلنىمۇ ئاز تاپمىدىڭلار، شۇنداق تۇرۇپ زاكىتنى ئايرىش خىيالىڭلارغىمۇ كەلمەيدىغۇ، — دېدى بۇدۇر چاچ، قاۋۇل كەلگەن بىرى مۇختارنىڭ گېلىمغا پىچاقنىڭ كەينىنى سۈركەپ تۇرۇپ، — ئەمدى سىلەرگە يۈز-خاتىرە قىلغىدەك يېرى قالمىدى. قېنى، سىلەرگە جان لازىم بولسا، پۇلنى چىقىرىڭلار!

بىز پۇل يوق دەپ باقتۇق، يالۋۇرۇپ باقتۇق، ئۇلار ئىچ ئاغرىتىدىغاندەك ئەمەس، پىچاق يۈزىمىزنى تىلغىلى، پۇتلىرىمىزغا سانجىغىلى باشلىدى. كىيىملىرىمىز قانغا بويىلىپ كەتتى.

— ئۇنداق قىلماڭلار ئاغىنىلەر، ھەممىمىز مۇسۇلمانغۇ، ئەتە بىزنىڭ ئۇلۇغ ھېيتىمىز ئەمەسمۇ، نامازغا پاكىزە كىرىۋالايلى، — دەپ باقتۇق. ئۇلار ئۇنامدىغان.

ئۇلۇغ ھېيتىڭنى، نامىزىڭنى پالانى قىلاي، دەپ ئاغزىنى بۇزۇشتى. پۇلىمىزنى خېلى چىڭ يەرگە تىققانىدۇق. ئەمما ئۇلار پۇل يوق دېگىنىمىزگە ئىشەنمىدى.

— بىزنى بىلمەيدۇ دېمەڭلار، سىلەر بۇ يەرگە 20 تۈمەن بىلەن چىقتىڭلار، شۇنى چىقارساڭلار چىقارىڭلار، بولمىسا ئەتە ئەتىگەندە سىلەرنىڭ نامىزىڭلار چۈشۈرۈلىدۇ، — دېيىشتى. جېنىمىدىن تويغان بىز قارا كۆڭۈللەرنى ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. يەنە كېلىپ، كىمدۇ بىرى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى چۈشەندۇق. ئاخىرى بارى-يوق ۋەجىمىز بولغان 24 تۈمەننى چىقىرىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئۇلار پۇلنى ئالدى-دە، قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز غايىپ بولدى. بىز بىر-بىرىمىزگە قاراشقىنىمىزچە، پۇت-قوللىرىمىز بوشاشقان ھالدا ئولتۇرۇپلا قالدۇق. بىر چاغدا مۇختار:

— نېمىگە قاراپ ئولتۇرۇسىلەر، قوغلايلى! — دەپ توۋلىدى-دە، باياتىن ياندىن سۇغۇرۇشقا ئىمكان تاپالمىغان پىچىقىنى سۇغۇرۇپ ئۆيدىن بوراندەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. بىزمۇ پىچاقلىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ سىرتقا ئېتىلدۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۇيان چاپتۇق، بۇيان يۈگۈردۇق، ئۇلار ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندەكلا غايىپ بولغانىدى. ئارىمىزدا نەچچىسى ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. بىراق يىغلىغان بىلەن بىزگە كىمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ؟ ساقچىغا مەلۇم قىلدۇق، لېكىن ئۇلارغا شۇنچە جىق پۇلنىڭ سانىنى دېگىلى بولامدۇ؟ دېسەك، بۇ پۇلنى نەدىن تاپتىڭلار دېمەمدۇ؟ ساقچىلارمۇ بىزدىن زېرىككەن، زېرىككەنلا ئەمەس، بىزگە تازا ئۆچ. ئۇلار خوپ بوپتۇ دېگەندەك كۈلۈشتى. زاڭلىق قىلغاندەك، بۇلاڭچىلارنى تېز تۇتۇپ كېلىڭلار، ئاندىن سورايمىز دېيىشتى.

بۇ قېتىم بىز قايسى شەيتان ئازدۇرغان، راستىنلا ئەقىلسىزلىك قىلغانىدۇق. بىز ئۈچەيلەن جىمى دەسمايىنى بىراقلا ئوتتۇرىغا تاشلىغانىدۇق. ئەمدى ياپيالىڭاچ بولۇپ قالدۇق. خۇيدۇكىدىن سالپىيىپ قايتىپ كىرگەنچە ياتاقتىن چىقماي نەچچە كۈن ياتتۇق، بىر-بىرىمىزگە گەپ قىلغۇمىزمۇ كەلمەيتتى، گالدىن تاماقمۇ ئۆتمەيتتى. ھېلىمۇ ساغلام ئىكەنمىز، بولمىسا بۇ

دەردتە يۈرىكىمىز پاكىگىدە ئېتىلىپ كەتىسمۇ كېتەتتى.»

سەپەردىشىم جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسىدە چوڭقۇر قورۇقلار پەيدا بولدى. قارامۇتۇق چىرايىدىن ئاچچىق ھەسرەت ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھېكايىسى مېنى ئاجايىپ بىر دۇنياغا باشلاپ كىرگەندى. مەن بۇ دۇنيانىڭ چېتىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ، ئۇرايىمىنىڭ تېزرەك ئېغىز ئېچىشىنى كۈتتۈم. بىراق شۇ ئەسنادا ئۇ مېنى، ماڭا كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى.

ــ قوشۇن دېگەن گەپنى ئىلگىرى مەنمۇ ئاڭلىغان، ــ دېدىم مەن گەپ تېپىشىشكە ئۇرۇنۇپ، ــ بۇ زادى قانداق نەرسە؟

ئاشۇ قورقۇنچلۇق كېچە، گېپىمغا تەڭلەنگەن پىچاق كۆز ئالدىغا كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇرايىم ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتى. ئاندىن سوئالىمنى چۈشەنمىگەندەك ماڭا مەنىسىز كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قالدى.

ــ نېمە؟ نېمە دېدىڭلە؟ ــ دېدى ئۇ خىرقىراپ.

ــ قوشۇننىڭ نېمىلىكىنى سوراۋاتىمەن.

ــ بېشىمنى بىر يەرگە ئەكىلىۋالغان بىر توپ قۇلاق كەستىلەر بولمامدۇ! ئۇلار ئۇقەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئانچە-مۇنچە پىتلىنىپ قالغانلارنىڭ پېيىدە يۈرىدۇ. ئېپىنى تاپسا ئۇلارنىڭ پېيىنى قىرقىپ، مىڭ جاپادا تاپقان ۋەج-دۇنياسىنى سىپىرىۋالىدۇ. ئۇلار راستىنلا ئادەمنى سويۇۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئۇلار پىتلانغانلارنىلا ئەمەس، يېڭى كەلگەنلەرنى، ئاجىز-ئورۇقلارنىمۇ بوش قويمايدۇ. سەھراغا قاتنايدىغان ئابتوبۇسلاردىمۇ كۈپكۈندۈزدە بېقىنىمغا پىچاقنى تىرەپ يانچۇقىمنى تەتۈر ئۆرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. چىلبۆرىلەر چۆللەردە يۈرگەندەك ئۇلار ئاشۇ سەھرالاردا تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ.

مەن ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتىم. گويا ئايروپىلاننىڭ ئىچىدە ئۇلار تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك ئەتراپىمغا ئالاكلاپ قاراپ قويدۇم.

ــ سىلەرگە چېقىلغان قوشۇننى تاپالىدىڭلارمۇ؟

ــ نەدىكىنى! تېپىۋالغان بولساق، ئۇلارنى بوش قويمايتتۇق. بەختەستە ۋاقتىمىزغا توغرا كېلىپ قالدى-دە، پىچاق دېگەن بىزدىمۇ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز تۇققۇز، ئۇلار ئاران بەش ئادەم ئىدى... گۇاڭجۇ ئەتراپىنى ئىزدىدۇق. شاگخەي، بېيجىڭلارغا خەۋەر بەردۇق. يەردىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق. ئۇلارغا كىم خەۋەر يەتكۈزگەندۇ، دەپ جىق تالاش-تارتىش قىلىپ باقتۇق، بىراق كۆز كۆرمىگەندىكىن كىمنى سەن ئىشپىيون دەپ تۇتالايمىز دېسىلە. بىز ئۇچەيلەنگۇ بىر-بىرىمىزگە ئىشەنچلىك، قالغان ئالتىسىنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىرى بار. ئەمما قايسىسى؟ بۇ بىر سىر بولۇپ قالدى. رامىزان كۈنلەردە ئانامدىن خەت كەلگەن، ئۇ بىچارە ھېيتقىچە قايتىپ چىقساڭ دەپ يالۋۇرۇپ خەت يېزىپتىكەن، قېرىغاندا ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ، دەپتىمەن. شۇ بىچارىنىڭ چۈشى بۇزۇلۇپ، مۇشۇ پالاكەتچىلىكنى كۆڭلى تۇيغان بولسا كېرەك. بەزىدە ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلغان بولسام، بۇنچە زىيان بولمىغان بولاتتىكەن دەپ قالىمەن. پۇلنى تاپقاندا ئۆزۈمنى نوچى چاغلاپ يۈرۈپتىمەن، ئەمدى بىلسەم، ئادەم دېگەن ئەتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئاجىز بەندە ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، بـايا دېگىنىمـدەك ھەپتە - ئون كۈن ياتـاقتىن چىقماي ياتتۇق. لېكىن يېتىۋەرگـەن بىلەن كىم بىزگە پۇل بېرىدۇ. ئۇچىمىز يەنـە بىر - بىرىمىزگە تـەسەللـى بېرىشىپ، پارچـە-پـۇرات ئىشلارنى قىلىـپ يۈردۇق، چـوڭ ئىش تەۋەككۇلدەك مـاغدۇرىمىز قالمىغانـدىكىن، شـۇنداق قىلـماي نېمـە ئىلاج. بىر كـۈنى بىرى: «تۇرسۇن ھايان شەھەر ئەتراپىدىكـى بىر مېھمانخـانىدا ئىكـەن» دېگـەن خەۋەرنى بـەردى. بـۇنى ئاڭـلاپ ماڭا جان كىردى. ئـۇ قىزىلكۆزنى تېپىـۋالسام ھـالال ۋەجىمنـى قـايتۇرۇۋېلىپلا توختاپ قالمايمەن، ئۇبدانراق ئـەدەبىلەپ دەردىمنى ئالمسام بولمايدۇ دېدىم. ئەمـدى مېنىڭ مۇختار بىلەن ياسىنىنىڭ ياخـشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرالايدىغـان ۋاقتىم كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىن پۇلنى ئۇندۇرسەم، بۇ پۇل ئۇچىمىزنىڭ ئـوقەت دەسمايىسـى بولىدۇ - دە، ئۇلار ئىككىيلەنىمۇ جانلىنىپ كەتتـى. شـۇنىڭ بىلـەن بىز ئـۇچەيلەن تاكسىغا ئـولتۇرۇپ، خەۋەردە ئېيتىلغـان ئادرېسقا باردۇق. بۇ يەر تازا چـەت بىر يەر بـولۇپ، مېھمانخانا بـاردەكىمۇ قىلـمايدىكەن. ئـەمما خېلى تـۈزۈك بىر مېھـمانخـانا بارىكـەن. مېھمانخانىغـا كىرىـپ خوجايىن ئايالدىن سـۈرۈشتۈردۇق.

— ھە، سىلەر تۇ جىگىلىنى ئىزدەمسـلەر، — دېدى ئۇ بۇ ئىسمنى ھۆرمەت بىلەن ئېغىزغا ئېلىپ، — ئـۇ بـۈگۈن ئەتىگـەن بىر ھەپتىلىك سىرتقا چىقىمەن، ياتاقنـى قايتۇرمـايمەن دەپ كېتىـپ قـالدى!

بىز لاسىدە بولۇپ قالدۇق. قارىغاندا، ئۇ بۇ ئايالنىمۇ ئۇكىدا قويىغاندەك قىلاتتى.

— ئۇ نەنىڭ جىگىلىسىكەن؟ — دەپ سورىـدى مۇختار بوران. پۈچۈق بۇرۇن، قېلىن كالپۇكلۇق، ۋىجىك ئايال خوجايىن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي جاۋۇلداپ كەتتى:

— بىر تاشقى سودا شىركىتىنىڭ جىگـلىسىكەنغۇ. ئىسمىم كارتۇچكىسىدىمۇ شۇنداق دەپ يېزىپتۇ. تىجارىتى تـازا ئاقىدىغـان شىركـەتنىڭ جىگلىسـى ئـوخشايـدۇ. بـۇ يەردە بىر كۈنلۈكى 74 يۈەنلىك ياتـاقتا ياتقىلى بىر يېرىم ئاي بـولدى، قـايتىپ كـەلسە يەنـە ياتىدىغان ئـوخشـايـدۇ...

— ھەي خوجايىن، سەن ئالدىنىپ قاپـسەن! — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى ياسىن توك، — ئۇ نەدىمۇ جىگلى بولسۇن؟ ساڭا نەق پۇل تۆلىدىمۇ زادى؟

خوجايىن ئايال ھودۇقۇپ قالدى:

— ياق، ئۇنداق ئەمەستۇ... پۇلغۇ تۆلىـمىدى، چەكتىن بىرنى رەنىگە قويىدى ئەمەسـمۇ؟! — دېدى ئـۇ تىپىرلاپ. ياسىن توك دىمىغىنى قـىقىپ قويۇپ سۆزلىدى:

— چـەكنـى ئـوبـدان كـۆرۈپ بـاقـتىڭمـۇ؟ سـاڭـا بـۇ گەپنى قىلىپ يۈرمەيتتۇق. بىراق دېمەي بولمىدى. سەن دېگەن ھېلىقى ئادەم جىگلى ئەمەس، جىگلى بولغۇدەك بولسا بىرەر ئالدامچىلار شىركىتى قۇرۇلۇپ قالسا شۇنىڭغا جىگلى بولالايدۇ. ئۆتكەن يىلى ماۋۇ ئاغىنىمىز-نىڭ بەش يېرىم مىڭ كـوي پۇلىنى ئالـداپ ئېلىپ قېچىپتىكەن. بـۈگۈن ئـەتـە-گەن بىرىـدىن ئۇنى مۇشۇ يەردە ئىكـەن دەپ ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەنىدۇق.

— ئەييا! — دەپ تۇۋلىۋەتتى خوجا-يىن ئايال رەڭگـى ئـۆچۈپ، — راستىنلا ئالدانغان بولسام 5000 يۈەن تـۈگىدى دېگەن گەپ، ئۇ 3500 گە ياتـاقتا ياتـقان، شىركەتتىن پۇل كـەلمەيۋاتىدۇ دەپ بـۈگـۈن ئەتىگـەن مېنىڭدىـن 1500 نى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ۋاي خۇدايىمەي، ئۇ راستىنلا جىگلى بـولمىسا، بـەرگـەن چېكىمۇ ساختا! ھەي، سىلەر شىنجاڭلىقـلار - زە، ئۆزۈڭلارنىمۇ ئالداپ، بىزنىمۇ ئالـداپ يـۈرۈيدىكەنسىلەر، مەنغۇ شىنجاڭـلىقلا ياتاق بـەرمەيتتىم، ئاشۇ تۇ جىگلى

دېگەننىڭ تاتلىق سۆزىگە، كاتتا سالاپىتىگە قاراپ ماقۇل دەۋېتىپتىمەن. ئەيىيا، ئەمدى قانداق قىلاي؟!

— شىنجاڭلىق، شىنجاڭلىق دەۋەردىڭغۇ ئايلاڭزا، — دېدى مۇختار زەردە بىلەن، — سىلەرنىمۇ، بىزنىمۇ ئالداپ يۈرگەنلەر سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىمۇ خېلى بارغۇ. ئادەمنىڭ ياخشىسى بىلەن يامىنى ھەممىلا يەردە بار. مانا قارا، سەن بىزنى يامان دېيەلەمسەن؟ بىز سېنى ئالدىغىلى كەلمىدۇققۇ، سەن بەكمۇ ئالدىراپ كەتمە، كىم بىلىدۇ سېنىڭ ئۇ تۇ جىگىلىيىڭ ئوڭدا قويغىلى بىر گول چوكاننى تاپتىم دەپ، بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى ئۇقمىغاندىكىن ھەپتە-ئون كۈندىن كېيىن يەنە كېلىپ قالامدۇ تېخى.

خوجايىن ئايالنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پىلدىلداپ كەتتى.

— ھەي، دېگىنىڭدەك بولسۇن، دېگىنىڭدەك بولسۇن، ئۇيەيدا بولۇپ قالسىلا سىلەرگە خەۋەر بېرىمەن، سىلەرمۇ كېلىپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — بايىقى گېپىمگە رەنجىمەڭلار، زىيان دېگەن ئاچچىق نېمىكەن، ئاچچىقتا خوتۇن كىشىنىڭ ئاغزىدىن نېمە گەپ چىقمايدۇ دەيسىلەر. سىلەر بولىدىغان شىنجاڭلىقلار ئىكەنسىلەر، ئولتۇرۇڭلار، ئۇسسىغانسىلەر، چاي قوياي.

بىز ئۇنىڭ تەكلىپىنى سىلىق رەت قىلدۇق. تۇرسۇن ھايان — تۇ جىگىلىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ئۇقتۇرىدىغان ئولتۇرارمىز دەپ ئارقىمىزغا ياندۇق.

بىز تۇرسۇن ھايانىڭ ئايال خوجايىنىنىڭ مېھمانخانىسىغا ئەمدى ياندىشمايدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. بىراق ئادەم دېگەن ئاجايىپ نېمىكەن، مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ تۇرسىمۇ، يەنە ئۈمىدىنى ئۈزەلمەيدىكەن. بىز ئايال خوجايىنىدىن خەۋەر كۈتتۇق، ئۇنىڭدىنمۇ نەچچە قېتىم تېلېفون كەلدى. ھەر قېتىمدا ئۇ يىغلامسىراپ: «كەلمەيۋاتىدۇ» دەيتتى. 15 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا بىزمۇ ئۇ يەرگە ئۈچ قېتىم چىقىپ كەلدۇق. ئاخىرى ئۈمىد ئۈزۈلدى. بىز تۇرسۇن ھايانغا قول قويۇشقا مەجبۇر بولدۇق. ئويلاپ باقمامسىز ئاكا، ئۇ شۇ قېتىم گۇاڭجۇدا، ئاشۇ خىلۋەت مېھمانخانىدا بىر يېرىم ئاي تۇرۇپتۇ، شۇڭغىچە بىز مۇشۇ گۇاڭجۇدا تۇرۇپ ئازراقمۇ خەۋىرىنى بىلەلمەپتۇق. ئۇنىڭ يۇلتۇزى ئېگىزكەن. بىز خەۋەر تاپقان كۈنى خۇددى بىزنىڭ شۇ كۈنى كېلىدىغانلىقىمىزنى بىلگەندەك ئەتىگەندىلا تىكىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ. خۇدايىم نېمىشقا شۇنداق ئادەملەرنى، ياق، ئادەملەر ئەمەس، ئىبلىسلارنى بۇنداق ئامەتلىك قىلىپ يارىتىدىغاندۇ؟

سەپەردىشىم يۆلەنچۈككە بېشىنى تىرىگىنىچە كۆزىنى يۇمدى. ئۇ سۆزلەۋېرىپ چارچاپ قالغاندەك قىلاتتى. مەن ئويغا چۆمدۈم. سەپەردىشىم تىرىكچىلىك يولىدا يۇرتىنى، ئائىلىسىنى تاشلاپ ياقا يۇرتتا دوقۇرۇپ يۈرۈپتۇ. لېكىن ئۇ پېشكەللىكتىن زادى قۇتۇلالماپتۇ. قارىغاندا ئۇ شۇنى چۈشىنىپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ يۇرتىغا قايتقان بولسا كېرەك. يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن ئۇ يەنە كونا تىرىكچىلىكىنى قىلارمۇ؟ ئىككى بالىسىنىڭ ئاچ-يالىڭاچ قالماسلىقىنى دەپ ئاتا-ئانىسىنىڭكىگە بېرىۋېلىپ قېيىن ئانىسىنى رەنجىتكەن ئايالىنى قويۇۋېتەرمۇ؟

مېنىڭ بۇ سوئاللارنى ئۇنىڭدىن سورىغۇم كەلدى، لېكىن سوراش بىئەپ ئىدى.

— مەن گۇاڭجۇغا ئۈلۈشكۈن چۈشتە كەلگەن، — دېدىم مەن گەپنى باشقا يەردىن باشلاپ، — ھەپتە - ئون كۈن تۇرۇپ، بۇ شەھەرنى كۆرۈپ كېتەرمەن دېۋىدىم، بۇ يەردىكى بىزنىڭ ئادەملەر غەلىتىمكەن، يا سالامنى ئىلىك ئالمايدىكەن، ئادەمگە ھومىيىپلا تۇرغان... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياتاق تاپماقمۇ قىيىن ئىكەن. تازا كۆڭلۈم قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئالدىراپ تېنەپ يۇرتقا ياندىم.

سەپەردىشىم كۆزىنى ئېچىپ، چۈشەنىكسىز كۈلۈپ قويدى.

— ئەھۋالنى بىلمىگەندىكەن شۇنداق دەيدىغان گەپ، — دېدى ئۇ دېرىزە سىرتىغا قاراپ قويۇپ، — مەنمۇ يېڭى كەلگەندە شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانىدىم. قانداق قىلىمىز ئەمدى، بۇ يەردە ئادەمگە ئىشەنگىلى بولمىسا... بۇ يەردە يۈرگەن بىزنىڭ ئادەملەر ئىچىدە ئوغرىمۇ بار، قىمارۋازمۇ بار، ئالدامچىمۇ بار، قوشۇننىڭ تىگچىلىرىمۇ بار، ئىشقىلىپ ھەر خىل ئەسكى ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەر تېپىلىدۇ. ئۇنداق بولغاندىكىن، بىلىشمىگەن ئادەم كۆزگە ئوغرىدەك، ئالدامچىدەك، يەنە بىر نېمىدەك كۆرۈنىدۇ. بىز خەق قانداق يارىلىپ قېلىشقاندۇقكىن، ئۆز يۇرتىمىزدىمۇ بىر - بىرىمىزنى غاجىشىپ يۈرىدىكەنمىز. ياقا يۇرتقا كەلسەكمۇ، بىر - بىرىمىزگە ھەمدەم بولۇشنىڭ ئورنىغا بىر - بىرىمىزنىڭ پېيىنى قىرقىشنىڭ قەستىدە يۈرىدىكەنمىز. ھە دېسە ئۇرۇشۇپ، پىچاق كۆتۈرۈشۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى ئۆزىمىز قان قىلىدىكەنمىز. بۇنداق بولغاندىكىن، خەق بىزنى كۆزگە ئىلامدۇ، خەقنىڭ بىزگە ياتاق بەرگۈسى كېلەمدۇ؟ بۇنداق كىشىلەرغۇ ساناقلىق، لېكىن شۇ ساناقلىق ھارامزادىلەر ھەممىمىزنى پوق قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ بولمىسا، مۇختار بوران، ياسىن توگدەك ئوغۇل باللارمۇ ئاز ئەمەس بۇ يەردە! تۇرسۇن ھاياننىڭ دېرىكىنى زادىلا ئالالمىغاندىن كېيىن روھىم بەكلا چۈشۈپ كەتتى، ئانام ۋە ئۆيدىكىلەرمۇ تولا چۈشۈمگە كىرىدىغان بولۇۋالدى. ئويلاپ باقسام خەققە قارا سانىمىغىنىم بىلەن، مەنمۇ تازا ياخشى ئادەم ئەمەسكەنمەن. گۇاڭجۇغا كېلىپ پۇلمۇ تېپىپتىمەن، ئۆيگە بىر سىنت ئەۋەتىپ باقماپتىمەن، بۇ خىيالىمغىمۇ كىرىپ باقماپتۇ. توۋا، ئادەم پۇلنىڭ كەينىگە كىرسە شۇنداقمۇ بولۇپ كېتەمدىغان دەپ قالدىم. بىراق شۇنىڭغا ئەقلىم يەتكۈدەك بولغاندا، يانچۇقۇم قۇرۇق بولۇپ قالدى. يانچۇق قۇرۇق بولغاندا ئۆيىمنى ئىسىگە ئالغان ئادەمنى ياخشى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ قېرى، كېسەلچان ئانام بار، ئايالىم، چۆچۈردەك ئىككى بالام بار. ئەمدى بولغاندا ئۇلارنى كۆرگۈم كەلدى، نېمە بولسا بولسۇن، يۇرتقا باراي دېدىم. مۇختار بوران بىلەن ياسىن توگمۇ بوپتۇ، بارغىن ئاداش دېيىشتى، ئانچە - مۇنچە پۇلنىڭ يولىنى قىلىپ 750 كويلۇق بېلەتنى 1500 كويغا ئېلىپ مېنى يولغا سېلىپ قويدى. ئۆيگە قۇرۇق قول بېرىش ئازابلىق ئىش ئىكەن. لېكىن مەن سالامەت بارسام، ئانام، ئايالىم، باللىرىم خۇش بولار دەيمەن.

تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ
كەتكەن بىر ئائىلىنىڭ

(ئاخىرى 12 - بەتتە)

**ئابدۇللا سۇلايمان**

# چېچىلدى چىرىغا چېچەك چاچقۇسى

## يۇرتۇمدىن تېز سىزما

خىلۋەت سەھرا، قۇمساڭغىز يوللار،
چەك ـ پايانى ئۇپۇقتا تۇتاش.
قىزدۇردۇ ئەتىگەندىلا
مەلە، ئېتىز، باغلارنى قۇياش.

قۇدۇق بېشى، ئېرىق بويلىرى
گۈل ـ چېچەككە تولدۇ بىر پەس.
چېلەك، چۆگۈن كۆتۈرگەنلەردىن
قىز ۋە گۈلنى ئايرىماق بەك تەس.

جىگدىلىكلەر قاشا بولغان باغ،
ھىد تارقىتار يىراق — يېقىنغا.
ئېچىشىدۇ چاڭقاق باغرىنى
شورىلاردىن كىرگەن ئېقىنغا.

كۈنگەيلەردىن پىشقان ئۆرۈكلەر
چىراغ كەبى پارلايدۇ شاختا.
ئۈجمىلەرنىڭ سەردان ئاقلىقى
ئىلغىندۇ ھەر شىلدىرشاپتا.

ئۆرۈك تېرىپ سەبىي باللار،
ئۇچكىسىنى چاقار يىغىشىپ.
مېغىزىنى ئۆتكۈزۈپ يىپقا،
قويۇنلارغا سالار تىقىشىپ.

سېۋەت ـ سېۋەت ئۆرۈك تۆكۈلەر
ئۆگزىلەرگە، ئېتىز بېشىغا.
تۈتىنىدۇ قىز ۋە جۇگانلار
پىنىنە سالغان سۇيۇقئېشىغا.

تال بارىڭى ئاستىدا سۇپا،
راسلىنىدۇ ئادىي داستىخان.
دەستىلەنگەن نان، مېۋىلەر مول،
پەرۋانىدۇر ھەربىر ساھىبخان.

ئىشتىھانى تارتىدۇ بۇندا
مېغىز بىلەن ئېتىلگەن سوقماق.
قانچە راھەت ئىشچان مەردلەرگە
ئۆز ئەجرىنىڭ قەنتىنى چاقماق.

يۇرتۇمنىڭ تېز سىزمىسى بۇلار،
تەبىئەت ۋە ئىنسان بىرلىكى.
بولسا ئاڭا مېھنەت جۇپ قانات،
گۈللەش يۇرتنىڭ سوققان يۈرىكى.

## بادىغانلىق* باي دېھقان

بادىغاندا يېتىشتى كۆپ باي دېھقان،
يۈزى نۇرلۇق، ئۇن بەش كۈنلۈك ئاي، دېھقان.

باغ ـ ئېتىزى بار، چارۋىسى كۆپەيدى،
توي ـ تۆكۈندە مېنىشلىرى تاي دېھقان.

* جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

«سەكرەش»، «دولقۇن» ئازابىدىن قۇتۇلدى،
قازىنىمۇ، چۆمۈچىمۇ ماي، دېھقان.

چوروق كىيگەن تاغلىق ئىدى ئەسلىدە،
ئوزۇقلىرى ئارپا ھالى ۋاي دېھقان.

قاراڭ، ئەمدى ئۆيلىرىدە تېلېۋىزور،
روھى تېتىك، ئۈستىبېشى شاي، دېھقان.

كەڭ سىياسەت ھېس قىلدۇرغاچ كەڭلىكنى،
چېچەكلىرى بولدى مانا چاي، دېھقان.

ھىممىتى بار بۇ ئەرلەرگە ئابىرىن،
شان كۆكىدە قانىتىڭنى ياي، دېھقان.

## گۈلاخما* رىۋايىتى

ئەجەپ ئۇستا قەدىمقىلەر نام قويۇشقا،
نامغا مەزمۇن ھەممە شەكىل ماس كېلىدۇ.
بەزى ناملار شۇنچىلىك ئۇزۇن، شۇنچە تىرەن،
بەزى ناملار چاقچاق ئۈچۈن پاس كېلىدۇ.

گۈلاخمانىڭ نامىدا بار بىر رىۋايەت
گۈلخان ئانا پاراسىتى ـ پەمگە خاس.
ئوتلاق ئىكەن بۇرۇن بۇ كەڭ كۆجۈم مەلە،
كېلىدىكەن چارۋا ـ تۆللەر بېقىشقا ماس.

ماللار ئاۋۇپ يۈزلەنگەندە يۇرتقا بەخت،
قايسىبىر يىل كاتتا بوپتۇ نورۇز تويى.
پادىشاھقا تەييارلاپتۇ سوۋغات ـ تارتۇق،
يەتسە كىمنىڭ مىڭغا كالا، ئۆچكە ـ قويى.

بۇندا ھۆرمەت تاپقان گۈلخان ئانىمۇ ھەم
ئالتە پاتمان ئۇندا خېمىر يۇغۇرۇپتۇ.
قىيما قىلىپ تالاي پاقلان گۆشلىرىنى،
قالاپ تونۇرغا ئوت، بىر كۆمەچ پىشۇرۇپتۇ.

تارتۇقنى ئېلىپ بارغان ئىكەن شاھقا،
ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا بېسىپ، ئانا.
چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا شاھ ئالايتەن،
دەپتۇ: بەلەن سوۋغا ئېلىپ كەپسىز ماڭا.

پاتماپتۇ زور كۆمەچ ئوردا ئىشىكىدىن،
ئەكىرىشكە پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا.
«دەرۋازىنى بۇزۇپ پۈتۈن ئەكىرىڭلار»
دەپ بۇيرۇپتۇ شاھ مۇلازىم ۋە ياينىغا.

چۈشۈرۈپ شاھ پەرمان تېزلا ئۆز نامىدىن،
گۈلخان ئىسمى قويۇلۇپتۇ بۇ يايلاققا.
زامانلاردىن زامان ئۆتۈپ ھازىرقى نام
ئۆزلەشكەنىكەن گۈلاخما دەپ ئەل ـ ئاغىزىغا.

* *

باغلانغاندەك يۇرت نامى ھەر ئادەمگە چىڭ،
ئادەملەرمۇ باغلىنىدۇ مەلە ـ يۇرتقا.
قان قېرىنداش ئىنسان بىلەن ئانا تۇپراق،
بىر ـ بىرىدىن ئېرىشىدۇ ئارزۇ قۇتقا.

## ھاياتلىق رىشتىسى

كۈنپېتىشتىن تارتىلغان بىر كۈمۈش يىپ
تەكلىماكان گىرۋىكىدە توختايدۇ.
قانچە داۋان، چەكسىز سايدىن ئۆتەر ئۇ،
سەپ تارتقان زور قوشۇنغىلا ئوخشايدۇ.

ئىككى قېشى ئۇنىڭ ئىككى سېپىلدۇر،
تاشلار رەت ـ رەت مارجان كەبى تىزىلغان،
ئۇ قول تۇتۇپ ئىلگىرىلەشنىڭ سۈرىتى
ئاق قەغەزگە ماھىر قولدا سىزىلغان.

داڭلىق «كۈرەش ئۆستىڭى» دۇر بۇ بىر يىپ،
ئاتا ئىشلەپ بالىسىمۇ ئۇلگۇرگەن.
ھاشارچىلار ئېيتقان لەرزان ناخشىلار
شۇ ئاتىنىڭ نەۋرىسىنى كۆلدۇرگەن.

---
* جلي ئىسمى.

لەكىنلىك جوتو قالغىنىدا يەڭنىمدەك،
باش — ئاخىرى تۇتاشقان بۇ ئۆستەڭنىڭ.
تۇتاشتۇرغان قۇرغۇچىلار مېھنىتى
يېشىل يىپتا مېھرىنى ھەر ئۆتەڭنىڭ.

ئوتتۇز يىل داق سايدا يېتىپ تاشكولاش
پۈتتۈرگەنگە تەگدۇر قانچە ئېھرامنى.
قوپۇرۇشقا بۇلار تىزغان تاشلاردىن
يەر شارىنى يۆگەيدىغان زور تامنى.

بىتتۈن قازغان پەرھادنىڭ دىل كۆزىدە
بۇ ھاياتلىق رىشتىسىگە قارىدىم.
دولقۇنلارغا قوشۇپ ئالقىش ھېسسىمنى،
يۇرتلۇقلۇرۇم ۋۇجۇدىغا تارىدىم.

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

# ساياھەت خاتىرىلىرى

## دىدار

ئادەممەن ـ ئادەممەن ئىسسىق كۆڭلى بار،
گۈزەل ـ ھېس تۇيغۇغا، خىيالغا ھەمراھ.
ھەممىدىن مەن ئۈچۈن قىممەتلىك دىدار،
ياشايمەن بولۇپ چىن دىدارغا شەيدا.

ھەر سەھەر مەن دىدار ئىزدەپ تۇرىمەن،
ماڭىمەن يول ئۈزرە دىدارلىشاي دەپ.
ياتسام مۇ چۈشۈمدە دىدار كۆرىمەن،
تىلەيمەن دىدارغا يەتكۈز، قاناي دەپ.

كۆڭۈلسىز مەن ئۈچۈن دىدارسىز ھايات،
كەلدىم قول ئېلىشىپ دىدار قۇچۇشقا.
كىشىلەر دىدارى مەن ئۈچۈن قانات،
تەييارمەن خۇش دىدار ئىزدەپ ئۇچۇشقا.

تۇسمىسا يولۇمنى بەدەل ۋە ئەجەل،
سۆيۈنۈپ كۆكتىمۇ مەن دىدارلاشسام.
يېتەتتىم مۇرادقا، ئىنسان مېھرىدىن
كۈچ ئېلىپ، يول تېپىپ تاغ ـ داۋان ئاشسام.

## كىمدۇ بۇ؟

ياپراقلار ئارىسىدىن ئاي كۆرۈنەر،
دەردمەنلەر① باغچىسىغا جولا تاشلاپ.
ئاھ، چېكىپ يىگىت پىراق ئىچرە ئۆرتىنەر،
يادىغا چۈشۈپ يارى كۆزىن ياشلاپ.

بىر ياندا سۆڭەك غاجار غىڭشىپ بىر ئىت،
قىزغانغان چېغى، قاۋاپ قويار بەزەن.
ئۆزىگە كەلدى بىردىن چۆچۈپ يىگىت،
ماڭدى ئۇ، قايدا بارار، قايدىن كەلگەن؟

يېنىدىن ئۆتتى بىر توپ يىگىت ـ قىزلار،
ناخشىلار ئېيتىپ، يايراپ، گارمون چېلىپ.
مەي ئىچتى يىگىت يەنە بىرلا شىشە،
مەست بولۇپ يول چېتىدە قالدى يېتىپ...

كىم بۇ — ھە؟ ھەيران باغنى قىلغان ماكان،
يېگانە شاراب ئىچىپ يۈرگەن ئامان؟

1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى،
تاشكەنت.

① دەردمەنلەر باغچىسى — تاشكەنت شەھىرىدىكى «ئەسكى جۇۋا» دەپ ئاتىلىدىغان كونا بازارنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ناۋايى باغچىسى

خىيالچان نەزەر تاشلاپ تۇرار،
باغقا ئەلىشىر ناۋايى.
سالام بەردىم پىر-ئۇستازغا
ئۇچتى پەلەككە قەلبىمى ساداسى:

خۇشالمەن،
ئۇرۇلمەپتۇ تىكلەنگەن ھەيكىلىڭىز،
ئۇنتۇلماپتۇ
شېئىر— ناخشىڭىز،
بار ئىكەنسىز ھەر ئۆيدە،
بالىلار ئارىسىدا،
يولۇچىلار ئىچىدە.
بار ئىكەنسىز
جامىئەدە،
ساماۋەرخانىدا،
لەرزان ئۈنىڭىزنى ئاڭلىدىم
ھەتتا كېچىدە.

سىز تۇغۇلۇپ
بەش يۈز ئەللىك يىل ئۆتۈپتۇ،
قۇتلاپ سۆيۈنمەكتە ئەل.
ياشايسىز دىللاردا
مەڭگۈ ۋە مەڭگۈ
قۇرۇماس سىز تىككەن كۆچەت،
دەل-دەرەخلەر قۇرۇپ كەتسىمۇ تۆگەل.
مەيىن سابا
يۈزۈمنى سىلاپ ئۆتكەندە،
مەجنۇنتال ئېگىلسە
ياپراق شىلدىرلار
ناۋايى باغچىسىدا گۈل دېڭىزى تەۋرىنىپ،
ئەنجان،
ئەنجان،
گۈزەل سۈرىتىڭنى قەلبىمدە
ئېلىپ كېتىمەن قەشقەرگە،
كۆرۈپ بالام-نەۋرەم
بوۋىسى ماڭغان يوللاردا
ماڭار يەنە ھەۋەسلىنىپ.

1991-يىلى 5-ئاينىڭ 26-كۈنى، ئەنجان.

## نازىنىنلار كوچىسى

ئىشتىكەن بولسامىمۇ
يوق ئىدى كۆرۈش نىيىتىم،
ھالبۇكى،
شۇ كوچىدىن ئۆتۈپ سالدىم.
كۆپ بولىدىكەن دۇنيادا بۇنداق
كۈتمىگەن تاسادىپ ئىشلار.
زىنھار-زىنھار
كۆرۈشنى ئىستىمىگەن تىياتىرنى
قەدىم ۋىزانتىيە پايتەختىدە
بىر كۆرۈپ قالدىم.
تۇراتتى (قارىماڭ!)
ئىشىك ئالدىدا، دالاندا،
كۈلۈۋېتىپ مۇڭلانغان ئاي يۈزلەر.
سەكرىنىپ تەلمۈرگەن،
كۆك،
قارا
شەھلا كۆزلەر.

يىغلامسىراپ تەبەسسۇم قىلغان
سېرىق،
قوڭۇر،
بۇدۇر چاچلار.
شەرەتلەر كۆكسىنى لىغىلدىتىپ،
مەرھابا، دەر قاش ئېتىپ،
ئاشۇ كۆڭلەكسىز يالىڭاچلار...

بېشىم سىيلىنىدى،
قەدىمىم ئىتتىكلەپ،
بۇ دۆك كوچىدىن
پەسكە ئىتتىك چۈشۈپ كەتتىم.
كېتىۋېتىپ ئاھ،
قارىغان كۆزۈمنى،
ھەۋەسلەنگەن تېنىمنى،
بۇلغانغان كۆڭلۈمنى
ۋىجدان تونۇردا ئۆرتەتتىم.
مەن
سەيىر ئەتكەن شەھەرلەرنىڭ
كوچىلىرىدا
ئۇچراتقانـــدىم بەزەن
شۇ كەبى نازىنىنلارنى يېرىم يالىڭاچ.
بۇ شۆھرەتلىك شەھەردە
يىغىلغانـــكەن بىر كوچىغا ئاشكارا
ئادەم،
جەمئىيەت «ھۆر» بولغاچ.

بىلدىم
توسقاچ ئۇنى قانۇن،
باشقا جاي،
مەھەللە-يولدا
ئۇ لەۋەنلەر قىلالمايدىكەن ناز.
ئۇنداق كوچىسى يوق
يۇرتۇم-دىيارىم
قەشقەر،
خوتەن،
غۇلجا،
تۇرپان...
كەلدى كۆز ئالدىمغا،
بالام! — دەپ ئانام قىلدى ئاۋاز.

نەپرەت ئەمەس،
تۇتاشتى سېغىنىش ئوتى زاتىمغا.
پاكلىق،
گۈزەللىككە شەيدا ۋۇجۇدۇم ئىنتىلىپ.
ئەلۋىدا!
ئەي ئەيش-ئىشرەت كوچىسى
غۇربەتلىك، مىسكىن،
قاراڭغۇ كوچا ئەلۋىدا!
تىلەيمەن
ھايات، ساداقەت بىلەن يورۇپ
تاپقىن سائادەت،
تاپقىن دەردىڭگە داۋا،
بۇلغىنىشۇرمەي،
مۇڭلىنىشۇرمەي،
بېقىپ كۆڭگە ئىزدىنىپ.
1991 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى،
ئىستامبۇل.

ئابلەت ئابدۇللا

# شېئىرلار

## سۈرەتتىكى سىر

مېھمان كۆردى،
تونۇش ئۇستەلدىن
يوقىلىپتۇ رامكىلىق سۈرەت.
ئايان ئىدى شۇ جۈپ سۈرەتتىن
كۈلۈپ تۇرغان تۇنجى مۇھەببەت...
قىسمەت ئەجەب،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەنە سۇرەتنى
ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويدى كىم؟
تىكىلىدۇ بالىلار بەزەن،
لېكىن ئانا تۇرار غەمكىن جىم!...

## بۇزۇلغان روھ

رەنجىمىدىم دۇنيادىن پەقەت،
رەنجىگىنىم قارا كۆڭۈلدىن.
قۇلىقىمغا پىچىرلاپ غەيۋەت
ئۆتكۈنچىدەك ئۆتكەندە يولدىن.

مەن نومۇسنىڭ ئوتىدا ھالاك،
سېنىڭ يەنە مەغرۇر قامىتىڭ.
مەن كۆيلەنمەي قالغان بىر قوشاق،
يۈرىكىڭگە يېزىلماس ئېتىم.

ئېتىقاد يوق بۇزۇلغان روھتا،
بۇزۇق روھىڭ سۆيگۈمدىن يىراق.
ناخشاڭ بىلەن بۇزۇلغان دىلغا
بېرەلمەيسەن ئەمدى خۇش پۇراق.

## مەستخۇش دەريا قىرغىقى بويىدا

مەستخۇش دەريا قىرغىقى بويىدا،
خىيال شېرىن، كۆڭۈلدە كۆيلەر.
دەريا دولقۇنىدا ھاياتتىن سادا،
پاقىلار كۈركىرار،
كاككۇكلار كۈلەر.
يېشىل چۆپلەر سۆيەر بەلگىسىز
ئۆتكۈنچى شامالنى تىترەپ خىيالچان.
قەيەردىدۇر بۇلبۇل تىنىمسىز،
مەستخۇش چاتقاللىق،

مەستخۇشتۇر ئورمان.
سۆيگۈ ئىلاھى مۆكۈندى قايان؟
سەزمەس تۇۋاقىنىڭ شىلدىرلىشىنى.
بۇلبۇل تىلى بىر كۆيدە ھامان
كۆيلەر تەبىئەت پىچىرلىشىنى.

## ئادەملەردە ساددىلىق دائىم

يازمۇ ئۆتۈپ كەتتى شەپىسىز،
دالىلارنى كەزمىدىم تېخى.
سەنمۇ يوقاپ كەتتىڭ تىنىۋىشسىز،
دىلنى ئەزدى جۇدالىق دېغى.
ئادەملەردە ساددىلىق دائىم
قورچاق بولار ھىيلىگەرلەرگە.
لېكىن دۇنيا سۆيگۈ بېرىدۇ
ساددىلىقتا رەڭ بەرگەنلەرگە.

## ئېتىقادتا گۈزەلدۇر دۇنيا

مەن يىراقتا كېتەلمەي شۇنداق،
يىپسىز ساڭا باغلاندىم قىسمەت.
قىسمىتىمنى كۆيلىگەن قوشاق
يۈرىكىمدە قوزغايدۇ ھەسرەت.
ئادىمىچە ياشىماقچىدىم،
تۈلكىلىككە ئۆگەتتى ھايات.
بۈركۈت بولۇپ ئۇچماقچى ئىدىم،
تۇرمۇش ماڭا بەرمىدى قانات.
باتۇرلۇقنى قىلالتتىم ئارزۇ،
قىلىچىمنى سۇندۇردى ھەسەت.
مۇھەببەتلىك ئادەملەر گۈلروي،
لېكىن سۆيگۈدىن تاپمىدىم لەززەت.
ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا قەلبىمنى
قارا نىيەت قىلدى مەسخىرە.
مېنىڭ ئاددىي بەندىلىكىمنى
ياقتۇردۇ پەقەت مەستۇرە.
ياقتۇردۇ كۆز يېشىمنى ھەم
ئاڭا لازىم تائەت ـ ئىبادەت.

ئەقىدىسى كېسىلگەن ئادەم
يالغۇزلۇقنى تىلەيدۇ پەقەت.
لېكىن كەچمە ئېتىقادىڭدىن،
ئېتىقادتا گۈزەلدۇر دۇنيا.
پەخىرلىنىپ ئادەمىلىكتىن،
رەڭۋازلىقتىن بولارسەن ئادا.

## ئۆستەڭ بويىدا قىزغۇچ رەڭ تالگۈل

ئىزدەپ كەلسەڭ قەدىرلىك قىلارمەن،
سېغىنغاندا بارارمەن ئاندا.
زىلۋا بويلۇق قىزغۇچ رەڭ تال گۈل
كۈلۈپ تۇرار ئۆستەڭ بويىدا.

ھەر سەھەردە بىر جۈپ ئاق چېلەك
ئاق ئۆستەڭگە چۆمۈپ كېتىدۇ.
ھەر سەھەردە بىر جۈپ ئاق بىلەك
ھويلىسىغا زىننەت بېرىدۇ.

گۈلزارلاردا يانىدۇ قەدرى،
سادىدا كۆكۈل بۈلۈتتەك ئاپئاق.
چاقىرىدۇ سۆيگۈ ئىلاھى
چېقىپ ياشلىق كۆكىدە چاقماق.

زىلۋا بويلۇق قىزغۇچ رەڭ تال گۈل
شوخ ئېچىلغان ئۆستەڭ بويىدا.
ئىزدەپ كەلسەڭ قەدىرلىك قىلارمەن،
سېغىنغاندا بارارمەن ئاندا...

## بىر ئاتىغا

سەن ياش ئىدىڭ، نەۋقىران ئىدىڭ
مۇھەببەتتە يانغان ئوت بولۇپ.
جۇشقۇن ئىدى ئۇ چاغدا قېنىڭ،
ئاي دالادا ئاينى ئاختۇرۇپ.

ئەمدى تۇرمۇش، ئائىلە غېمى،
باللاردا بەلكى خىيالىڭ.
چۈشەنمەيمەن ئەجەب، بۇ ئەجەب،
ساڭا باقار قورقۇپ ئايالىڭ.

بىلەمسەنكىن، تۇنجى قىزىڭنىڭ
كۆزلىرىدىن سېزەر بىر تۈيغۇ.
ئون توققۇزغا كېلىپتۇ قىزىڭ،
قەلبىدە بار بىر پىنھان سۆيگۈ.

سەن ئاتىسەن، سەزمەيسەن نېچۈن،
بۇ ياشتا كىم قۇتۇلغان ئاندىن.
ئاھ مۇھەببەت،
ياشلىق سەن ئۈچۈن
ئەمەكمىدۇ قەدىم زاماندىن؟!

قىز بىچارە تەلمۈرەر غەمكىن،
ئانىغا دەر دەردىنى پەقەت.
قىزچاق بولغىن بۇ ئىشتا تەمكىن،
قىينىسىمۇ تۇنجى مۇھەببەت...

دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بەزەن
چىقار، قىزچاق كىرىپ كېتەر پات.
تام تۈۋىدە ئۆسكەن جىگدىنىڭ
شاخلىرىدا گۈللەر قاتمۇ قات.

قىزچاقا يات كەچكى سەيلىمۇ،
باغقا كىرسە بولۇر جىنايەت،
ئادەم توگۈل ئۇچار قۇشلارمۇ
گۇگۇم پەيتى ئۇۋىدا پەقەت.

ئاتا، گۈزەل قىزىڭ قەلبىنى
چۈشەنەرسەن ئېيقىنا قاچان؟!
ئادەملەرمۇ، ئادەملەر قىزىق،
قېرىغۇسى كەلمەس ھېچقاچان.

www.uyghurkitap.com

## نىلقا توقايلىقى

دەريانىڭ ئۇ قېتى تاغ،
بۇ قېتى باغ،
دەريا ئايلىنىپ ئۆتەر توقايلىقنى.
دەريا سۈيى
چۆمۈلدۈرەر ھەر ئاخشىمى
تاغ بېشىدىن چۈشكەن ئاينى.
دەريا ئايلىنىپ ئۆتەر توقايلىقنى،
گاھى قىلىچتەك توغرا كېسىپ.
ياشىرىدۇ بۇندا ياپراقلار
ئۆلمەس سۆيگۈ شارابى ئىچىپ.
قۇياش، چولپان يۇلتۇزلار
تىنماس دەريا شاۋقۇنلىرى جىمجىت،
قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغا توقايلىقنىڭ
ئالار مۆكۈنۈپ.
ئاڭلايدۇ
تاغلارنىڭ روھى
قەدىم مەشرەپ ناخشىسىنى،
چاتقال، دەرەخلەرنىڭ
مەڭگۈ قېرىماس شېخىغا مىنىپ...
گۈزەل نىلقا توقايلىقى
گۈزەل خىياللارغا چۆمۈلگەن.
چوڭقۇر يىلتىزلىرى ئارىسىغا
ئادەمىزاتنىڭ
ئۇلۇغ تىلەكلىرى كۆمۈلگەن!

مۇھەممەت خېۋىر

## تەنھا — ئۇ تەنھا

مەجنۇن تاللار ياشناپ تۇرار چىمەن
قىرغاقتا،
دەريا سۈيى بىغەم ئاقار تولغىنىپ ئاستا.
بۇلۇت لەرزان كۆكتە دەريا بويلايدۇ،
يىگىت تەنھا، قىرغاق بويلاپ ئويلار
ئويلايدۇ.
خىيالىدا بىر سۈرەت بار،
بەرمەيدۇ سادا،
بېلىقچى قۇش قىچقىرىدۇ: تەنھا —
ئۇ تەنھا!...

## ئاتمىش ياشلىق قەلەمكەشىمگە

ئاتمىش ياشتا ئاتمىش سېھىر بار،
ئاتمىش ياپراق — تۆكۈلگەن ئۈنچە.
كۆز يېشىدا ھايات مېھرى بار،
قالغان ئۆمۈر ئاكا سۆيۈنچە.

پەسەيمەكتە ئۆمۈر دولقۇنى،
ھەمسۆھبەتكە مۇشتاقتۇر كۆڭۈل.
ئەجرى بىلەن ئىنسان پادىشاھ،
ئىنسان ئالەم چېكىسىگە گۈل.

ئاتمىش ياشلىق قەلەمكەشىمنى
تەبرىكلەشكە ھايات بولسۇن يار.
تېپىشماقتۇر تەگرىنىڭ ئىشى،
كىمنى ئەزىز، كىمنى قىلار خار!

## ئۆتۈنۈش

دوختۇر كېسىپ ئېلىۋەت يۈزۈمدىكى سۆگەلنى،
چىدالايمەن ئاغرىسا، ھەتتا قېنىم ئاقسىمۇ.
ئەمدى زىننەت دەپ يۈرمەي ئاغرىتماس نەس كېسەلنى،
مەيلى دەيمەن ئاتامغا شۇم ئېغىزلار چاقسىمۇ.

قارا بىر خال بار ئىكەن زىنىقىمدا ئەسلىسەم،
پاھ، دېيىشتى باشقىلار، مەنمۇ بىلمەي پاھ دېدىم.
نېمە ئۈنىڭ خىسلىتى، خەقتىمۇ بار داغ دېسەم،
خالىدىق ئەرنى شاھ دېدى، مەن غادايدىم: شاھ دېدىم.

خالىم بىلەن ماختاندىم، پەخرىم دېدىم، كېرىلدىم،
ئۆزگىلەردە يوق بۇ خال، ئۆزگىلەرنى يوق قىلدى.
ھەۋەس بىرلە تىنك چوققا، مۇنارلارغا بېرىلدىم،
خال ئۆچۈردى ئوتۇمنى، مىجەزىمنى سوغ قىلدى.

خال كۆتۈردى ئېگىزگە، گويا ئورنۇم ئەرشتە،
(ئېگىز ياخشى ئەمەسمۇ پەستە خەقتەك تۇرغاندىن.
جۈپ تالىدىم ئۆزۈمگە تالىغىنىم پەرىشتە،)
ئۆزۈكنى بىل دېگەندە چۆچۈپ كەتتىم، ئويغاندىم.

چۆچۈپ كەتتىم، ئويغاندىم، تۇرغان يېرىم مۇئەللەق،
پۈتۈم زېمىن ئىزدەيدۇ، زېمىن ئىزدەپ ئاۋارە.
خال ئورنىدا ئۆسۈپتۇ مۇشتەك يوغان بىر مونەك،
زارىم ئۈچۈن چىقىمىدى مۇۋاپىق بىر ئىبارە.

زىننەت، كۆركى، قىممىتى ماختانمايمۇ ئايانغۇ،
قىسىلمەن نېمىشقا ئەل يۈزىگە قارالماي؟
خالغۇ ياخشى نەرسىدۇ، ئۆزگەرگىنى يامانغۇ،
سۆگەل سىلاپ قېپقالدىم چىمەنلەرگە بارالماي.

مەيلى دېسەم جىسمىمنى سۆگەل قاپلاپ كەتكۈدەك،
كېسىۋەرگىن چىدايمەن مەيلى قېنىم ئاقسىمۇ.
قارىچۇقىنىمۇ ئاخىرى سۆگەل نابۇت ئەتكۈدەك،
كېسىۋەرگىن ئاتامغا شور ئېغىزلار چاقسىمۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەخەت تۇردى

# ئاھ، ئاخشا

(پوۋېست) *

بۈگۈن ئۇ تەشكىللىنىش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پارىژنىڭ داڭلىق كوچىلىرىنى، مەشھۇر مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باشلىدى. چۈشتىن كېيىن ھەيۋەتلىك لوۋۇر ئوردىسىغا كېلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمقى جەۋھەرلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. پارىژ ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەت، ھۈنەر - سەنئەت نامايەندىسى بولغان ھەيۋەتلىك، كۆركەم لوۋۇر ئوردىسى ئايچېچەكنىڭ كۆز ئالدىدا گويا رەڭگارەڭ نۇرلار چاقناپ تۇرغان قاشتېشى، ئۈنچە - مارجان دۇنياسىدەك جۇلالىق، سېھىرلىك ۋە سەلتەنەتلىك ھالدا قۇچاق ئاچتى. ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجىسى ھېسابلانغان ھەر خىل رەسىم ۋە ھەيكەللەرنى كۆرۈپ بولۇپ، «مىرو ئاردىلىدىكى ۋېنىس» نىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. كلاسسىك يۇنان رەسسامى ئالېكساندىرۇس تەرىپىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، مەرمەر تاش بىلەن ياسالغان، ئىككى مېتىر ئىككى سانتى ئېگىزلىكتىكى بۇ ئاجايىپ ھەيكەل دۇنيا گۈزەل سەنئەت تارىخىدا تەڭداشسىز نەمۇنە ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە گويا تۇنجى قېتىم گومېرنىڭ داستانىدا ئوتتۇرىغا چىققان يۇناننىڭ مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك ئىلاھى ئاشۇ ئوخشايدۇ، دېگەن تۇيغۇنى بېرەتتى.

* بېشى ئۆتكەن نىكى ساندا.

ئايچېچەكنىڭ كۆز ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان گۈزەل سىياقلىق بۇ ئايال ئىلاھنى ھەقىقەتەن مۆجىزىلەر ئىچىدىكى مۆجىزە دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى بەدىنى يالىڭاچ، كاسىسى بىلەن بېلى ياي شەكلىدە ئېگىلگەن، مۇسكۇللىرى تولغان ھالەتتە ناھايىتى چىرايلىق ۋە نەپىس ياسالغانىدى. ئۇ گەرچە تاشتىن ياسالغان جانسىز گەۋدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بېجىرىم، گۈزەل لاتاپىتىدىن گويا ئەتىر - ئىپار ھىدى پۇراپ تۇرغان تىرىك ئايال تۇسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قەلبىنىڭ پاك، سەممىمي ھەم تارتىنچاق ئىكەنلىكىنى، ياش، ساغلام، نازۇك گەۋدىسىدىن ياشلىق كۈچ - قۇدرىتىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. قىسقىسى، ئايچېچەكنىڭ كۆز ئالدىدا تىرىك ئادەمدەك قىلىقلىنىپ تۇرغان بۇ گۈزەل، سالتەنەتلىك مەرمەر ھەيكەل قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ روھىي مەدەنىيەت بىلەن مۇھەببەتكە بولغان ساغلام ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى.

ئايچېچەك ھەيكەلگە قارىغانسېرى، خىيالىغا بىر نەرسىلەر كەلگەندەك، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن قانداقتۇر بىر نازۇك ئەسلىمىلەر كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. توغرا، ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى، ئۇ بۇندىن سەككىز يىل بۇرۇن، سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ھاياتقا كۆز ئېچىپ، تۇنجى قېتىم ياخشى كۆرگەن رەسسام يىگىتى دىلشاتنىڭ ئاغزىدىن مانا مۇشۇ «مىرو ئارىلىدىكى ۋېناس» توغرىسىدا ئاجايىپ تەسىرلىك سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدى. شۇ چاغدا، ئۇ دىلشاتنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللىرى ئىچىدىن «دۇنيادىكى مەشھۇر رەسىملەر» دېگەن كىتابنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ، مانا مۇشۇ مەرمەر ھەيكەلنىڭ رەڭلىك فوتو نۇسخىسىنى كۆرگەن ۋە دىلشاتنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغان. مانا بۈگۈن، شۇ چاغدا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرى ئۇنىڭ سەگەك كاللىسىدا، قۇلىقىدا شۇ پېتى، ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە نامايان بولۇپ، گويا دىلشاتنىڭ يېقىملىق ئاۋازى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى:

«سىز رەسسامنى سۆيىدىكەنسىز، ئايچېچەك، — دېگەنىدى دىلشات شۇ چاغدا، — شۇنداق ئىكەن، ئەمدى رەسساملارنىڭ ھاياتى توغرىسىدىمۇ ئاز - تولا بىر نەرسە بىلىپ قېلىڭ. مەن سىزگە ھەرقايسى رەسساملارنىڭ ئوخشىمىغان شەكىل ھەم مەزمۇندا ياراتقان مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك ئىلاھى ۋېناسنىڭ رەسىم - ھەيكەللىرى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەپ بەرگەن. مانا ماۋۇ قولىڭىزدىكى كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان ‹مىرو ئارىلىدىكى ۋېناس› ناملىق ھەيكەل ھازىر پارىژدىكى لوۋۇر ئوردىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەيكەلنىڭ دۇنياغا كېلىشى سەنئەت قەسرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان ئالتۇن ئاچقۇچ بولغان. ئۇنىڭ توغرىسىدا ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىرلار نۇرغۇن قەسىدىلەرنى يازغان. گېرمانىيىلىك شائىر گېينىرىخ گېيىنىمۇ 1848 - يىلى ساياھەت بىلەن پارىژغا كېلىپ، بەختكە قارشى كېسەلگە ئېغىرلىشىپ يېتىپ قالغاندىمۇ، سۆيگۈ ۋە گۈزەللىك ئىلاھى ۋېناس بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن، ئاخىرقى قېتىم لوۋۇر ئوردىسىغا بارغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ‹رومانسارو› ناملىق داستانىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق يازغان: ئۇ چاغ 1848 - يىلىنىڭ ماي ئېيى ئىدى، ئۇ كۈنى مەن ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سىرتقا

www.uyghurkitap.com



چىقىش بولدى. مەن ئۇ كۈنى ئۆزۈمنىڭ ئەڭ بەختىيار چاغلىرىمدا ھادىس چوقۇنغان ئاشۇ مەبۇدە بىلەن خوشلاشقىلى بارغانىدىم، مەن ناھايىتى تەستە لوۋۇر ئوردىسىغا باردىم. مەن ئوردىنىڭ چوڭ زالىغا كىرگىنىمدە، ئەڭ ئالدى بىلەن كۆرگىنىم ئاشۇ گۈزەل ئىلاھ بولدى. سۆيۈملۈك مىرو ئارىلىدىكى ئۇ گۈزەل ئايال مېنىڭ ئالدىمدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، مەن ئۇنى كۆرۈپ ئۈنسىز يىغلىدىم، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا خېلى ئۇزاق ياتتىم، مېنىڭ يىغام ئازابلىق ئىدى. شۇ چاغدا، مېنىڭ ھالىمغا ھەممىسى، ھەتتا سوغۇق تاشلارمۇ ئىچ ئاغرىتتى، ئايال ئىلاھ ماڭا ھېسسىداشلىق قىلغاندەك قاراپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ ئامالسىز ئىدى، ئۇ گويا ماڭا: سەن مېنىڭ قولۇمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ساڭا ياردەم قىلىشقا ئامالسىز مەن، دەۋاتقاندەك كۆرۈندى!

ھەي، شائىر! سەن ئايال ئىلاھنىڭ ئوبرازىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ھۇھەببىتى بىلەن گۈزەللىكىنى كۆردۈڭ، شۇڭا، سەن ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتتىڭ!

قاراڭ، ئايچېچەك! كىتابىتىمكى بۇ ھەيكەلگە قاراپ، بىز قەدىمىي يۇنان سەنئەتكارلىرىنىڭ تالانتىغا، ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز! ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل گۈزەللىك غايىسىنى كىشىگە چىن ئادەم سىياقىدا تۇيغۇ بېرىدىغان بۇنداق كونكرېت ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكى دۇنيا مەدەنىيىتىدە ھەقىقەتەنمۇ مەڭگۈ نۇر چاچقۇچى خاتىرە مۇنارىسى بولۇپ قالىدۇ!»

تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلگەن — ئۆز ۋەتىنىدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا، پارىژدىكى سەلتەنەتلىك لوۋۇر ئوردىسىدا ئېسىگە كەلگەن بۇ ئاچچىق ئەسلىمىلەر ئايچېچەكنىڭ يۈرىكىنى تىلغاپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلتۈردى. چۈنكى، «مىرو ئارىلىدىكى ۋېناس» ئۇنىڭ ئېسىگە تۇنجى سەبىي مۇھەببىتى بىلەن چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن بىلىملىك، قامەتلىك، ئاق كۆڭۈل يىگىتى دىلشاتنى كەلتۈرگەنىدى. مانا، ئايچېچەك ھازىر شۇ يىگىتى ئىشتىياق بىلەن سۆزلەپ بەرگەن گۈزەل ئىلاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن يېنىدا يىگىتى يوق، ئۇ ئاللىقاچان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان، ئۇنى لەنىتى، مەرەز بىر كېسەل سۆيۈملۈك بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئېلىپ كەتكەن!... شۇ كۈنى، ئۇنىڭ كۆك يوپۇق يېپىلغان سۈرلۈك جىنازىسى ئىشىكتىن لەڭ ئۆرۈپ چىققاندا، ئايچېچەك ھەسرەت ـ نادامەتتە ھوشىدىن كەتكەنىدى...

كېيىن، ئايچېچەكنىڭ ئوقۇشى پۈتتى، خىزمەتكىمۇ چىقتى. بىر كۈنى ئۇ دىلشاتنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئۈچۈن، ئۆزى يالغۇز تۇپراق بېشىغا باردى. قايتىش ۋاقتىدا، كۈتۈلمىگەن بىر ئىشقا يولۇقتى: ئۈچ لۈكچەك قەبرىستانلىقنىڭ ئادەمسىز، خىلۋەت يولىدا ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇلار ئەسلىدە، خېلى بۇرۇنلا — ئايچېچەك قەبرىستانلىققا ماڭغان چاغدىلا ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشكەنىدى.

ئۇ، ۋارقىراپ باقتى، قېچىپ باقتى، لېكىن ئۈچ لۈكچەك ئۈچ تەرەپتىن خۇددى قۇزغۇننىڭ چاڭگىلىدەك ئۇنى قىسماققا ئېلىپ، يولدىن چەتكە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھاياتى، ئىپپەت ـ نومۇسى خەۋپ ئاستىدا قالدى، ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى. سۈرلۈك قەبرىستانلىقتا كىچىلىك ئەكس سادا ياڭرىدى.

ئۇنىڭ نالە قىلغان ئاۋازى بىھۇدە كەتمىدى، بىر شوپۇر يېقىنىدا قازا قىلغان سەپىدىشىنى يوقلاپ قەبرىستانلىققا چىقىۋاتاتتى، ئۇ يىراقتىن بىر قىزنىڭ ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ماشىنىسىنى تېزلەتتى. قىزنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرى يۇلۇنۇپ، كىيىم ـ

كېچەكلىرى يىرتىلىپ، يۈز - كۆزلىرى تىرنالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىپپەت - نومۇسى ساق ئىدى. ياش شوپۇر ئۈچ لۈكچەك بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئاخىر ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالدى! جىددىي پەيتتە ئۇنىڭ هاياتى بىلەن ئىپپەت - نومۇسىنى قوغداپ قالغان ياش شوپۇر ئايچېچەكنىڭ هازىرقى ۋاپادار، كۆيۈملۈك ئېرى سابىر ئىدى!

ئايچېچەك يىراق تارىخنىڭ ئوبرازلىق گۇۋاهى بولغان لوۋۇر ئوردىسىدىن ئەنە شۇنداق ئاچچىق ئەسلىمە ۋە رومانتىك خىياللارغا بېرىلگەن هالدا قايتىپ چىقتى.

2

ئايچېچەك چىرايلىق كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىدە، ئالەمچە شان - شەرەپ قۇچۇپ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلدى.

ئايرودرومدا ئۇنى ئەكرەم، ئىلياس قاتارلىق خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرمۇنچە دوست - ئاغىنىلىرى كۈتۈۋالدى، تېخى توپنىڭ ئالدىدا قۇربانوۋمۇ بار ئىدى. ئۇ تەشكىلىنىڭ، رەهبەرلىكنىڭ نامىدا ئىككىسىنىڭ ئالدىغا چىققانىدى.

— خۇش كەپسىز، بۇلبۇل!

— خۇش كەپسىز، كېپىنەك!

ئەرلەرنىڭ هاياجانغا، سېغىنىشقا، ماختاشقا تولغان تەسىرلىك سۆزلىرى؛ ئاياللارنىڭ قۇچاق ئېچىپ قۇچاقلاشلىرى، چوكۇلدىتىپ سۆيۈشلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. هەممەيلەن خۇشال، ئەركىن، بەختىيار ئىدى. خۇشاللىق ۋە هاياجاندىن ئايچېچەكنىڭ قايرىما كىرپىكلىك بولاق كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، يال - يال چاقنايتتى. تېخىمۇ ئاقىرىپ، سەمىرىپ قالغان نۇرانە يۈزلىرى تاڭغۇنچىسىدەك ئېچىلىپ، پارقىراپ كەتكەنىدى.

كۆرۈشۈش، ئەهۋاللىشىش بىرئاز بېسىققاندىن كېيىن، ئايچېچەكنىڭ سەل - پەل قىسىلغان كۆزلىرى سەۋرسىزلىك بىلەن ئەتراپقا قاراشقا، كىشىلەر توپى ئىچىدىن كىمنىدۇ ئىزدەشكە باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىزدىگەن ئادىمى كۆرۈنمىدى، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى خىرەلىشىپ، چىرايلىق يۈزلىرىمۇ سەل - پەل تاتىرىپ، خۇشال كۆڭلىگە غەشلىك ئولاشتى.

ئايچېچەكنىڭ ۋۇجۇدىدا بولغان بۇ جىددىي ئۆزگىرىش ئۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان ئەكرەمنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ئايچېچەكنى چەتكە تارتىپ، خۇددى ئەيىبكاردەك مۇنداق دېدى:

— سابىر بۈگۈن ئالدىڭىزغا چىقالمىدى، سىلەردىن خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، مەن ئىككى - ئۈچ قېتىم ئىزدەپ كىرىپ كۆرۈشەلمىدىم. كېيىن ئۇقسام، ئۆتكەن هەپتە جىددىي بىر ۋەزىپە بىلەن شىزاڭغا كېتىپتۇ. هېسابلاپ كۆردۈم، يەنە ئىككى كۈندە يېنىڭىزدا پەيدا بولىدۇ!

— رەهمەت، ئەكرەم ئاكا، ئاۋارە بوپسىز! بۇنداق ئىشلارغا مەن كۆنۈپ قالغان.

ئۇ گەرچە ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ، لېكىن ئاۋازىنىڭ زەئىپ ۋە مىسكىنلىكىدىن كۆڭلىدە ئاغرىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ بۇنداق ئايرىلىشقا، تەنهالىققا كۆنۈپ قالغانلىقى راست، سابىرنىڭ يولغا بىر چىقىپ كەتسە، هەپتە - ئون كۈن، هەتتا ئايلاپ كېلەلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان. بەزىدە، ئايچېچەكنىڭ ئۆزىمۇ سىرتلارغا ئويۇن قويغىلى چىقىپ كېتىپ، سابىر يولدىن هېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە، ئالدىغا چىقالمىغان! لېكىن بۈگۈنكىسى پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى! ئايچېچەك مانا مۇشۇ

ئايرودرومدا سابىر بىلەن خوشلىشىپ كەتكەن قىرىق كۈندىن بېرى ئۈچ مەملىكەتنى ئايلىنىپ، يۈز نەچچە قېتىم ناخشا ئېيتىپ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا، تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا ھەر خىل تىل، ھەر خىل يېزىقلاردا ماختىلىپ، قۇچاق ـ قۇچاق گۈل ـ غۇنچىلارغا ئورىلىپ، ئالەمچە شان ـ شەرەپ قۇچۇپ كېلىۋاتامدۇ؟! بۇنداق چاغدا، سابىر ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا ھەمدەم بولمىسا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ھاياجانلانمىسا، تەڭ كۈلمىسە قانداق بولىدۇ؟!

ئايچېچەك بۇدرۇق قوللىرى بىلەن بويىنىغا گىرە سېلىپ، يۇمساق يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ تۇرغان قىزى ساباھەتنىڭ ئانا سۈتى بىلەن دادا ھىدى يۇراپ تۇرغان پاك ۋۇجۇدىدىن ئۆزىگە تەسەللى تاپتى!

ئەتىسى قۇربانوۋ «چاھارباغ مېھمانخانىسى» دا، چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن ئىككى ئارتىسنىڭ شەنىگە زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ غەلىبىسىنى، شان ـ شۆھرىتىنى تەبرىكلىدى. زىياپەتتىن كېيىن، چىرايلىق زىننەتلەنگەن، قاشتېشى تۇۋرۇكلۇك، رەڭگارەڭ چىراغلىق زالدا تانسا بولدى. قۇربانوۋ يەنە ئايچېچەكنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالدى، بېزەكلىك بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم تانسىغا تارتتى. بىرىنچى قېتىم تانسا ئوينىغاندا، ئۆتكەنكى ئىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ، ئۆزىنىڭ خىجىللىقىنى بىلدۈردى، ئىككىنچى قېتىمدا بولسا:

— ئايچېچەك، سىز بۇ قېتىم ۋەتىنىگە، مىللەتكە شان ـ شەرەپ كەلتۈردىڭىز! سىزنى قانچە مەدھىيىلىسەك، كۆككە كۆتۈرسەك، ئەتىۋارلىساق ئەرزىيدۇ! — دەپ يۈزىدىن يۈزىگە ماختىدى. ئۈچىنچى قېتىمدا بولسا، كونا كېسىلى قوزغىلىپ، خۇددى «ئىپشەككە ھۈنىرىڭنى كۆرسەت، دېسە، ھاڭراپ بېرىپتۇ» دېگەندەك، ئەسلى قىياپىتىنى يەنە ئاشكارىلىدى:

— سىزگە چەت ئەل يارىشىپتۇ، نېمىدېگەن چىرايلىق بولۇپ كەتكەنسىز ـ ھە؟ بۇندىن كېيىنمۇ پات ـ پات چىقىرىپ تۇرساق بولغۇدەك!

— لېكىن سىزنىڭ شەرتىڭىز بار ئەمەسمۇ؟! — دېدى ئايچېچەك سوغۇق نەزەر بىلەن مەنىلىك قاراپ.

— دۇنيادا شەرتسىز ئىش بولامدۇ، ئايچېچەك! — دېدى ئۇ يەنە ئۆز مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ، — مانا قاراڭ، بىز ئويناۋاتقان مۇشۇ تانسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى مۇزىكىنى شەرت قىلىدۇ، مۇزىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئادەمنى شەرت قىلىدۇ، ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھاياتلىقنى شەرت قىلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟! خۇددى شۇنىڭدەك، ئەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئايالنى، ئايالنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەرنى شەرت قىلىدۇ!

— لېكىن سىز بىلەن مەندە بۇ شەرت ئالماقچان ئورۇندىلىپ بولغان، قۇربانوۋ ئاكا، — دېدى ئايچېچەك ئۇنىڭغا سوئال نەزەردە تىكىلىپ.

— ئۇ مۇتلەق ئەمەس، ئايچېچەك، — دېدى قۇربانوۋ كۆزلىرىنى ھەييارلارچە ئوينىتىپ، — سىز پەقەت كۆكسى ـ قارنىڭىزنى سەل ـ پەل كەڭرەك تۇتسىڭىزلا، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ مۇتلەق ئەمەسلىكىگە ئىشىنىسىز!

قۇربانوۋ بىردىنلا بىچارە قىياپەتكە كىردى، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، ئاغزىنى ئۆمچەيتتى:

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ئايچېچەك! مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ، ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! سىز ئۈچۈن تىك تاغلارغا چىقىشقا، ئوت دېڭىزىغا كىرىشكە تەييارمەن.

بەختىڭىز، ئىستىقبالىڭىز ئۈچۈن جېنىم پىدا!...— دەپ ئايچېچەكنى ئۆزىگە تارتتى ئۇ.

ئايچېچەكنىڭ چىشلىرى قېرىشىپ، قاتتىق غىجىقى كەلدى، بىر چاغلاردا ئۆزى ھۆرمەت قىلغان، كۆڭلىنى ئايىغان بۇ بېزەك، پەس ئادەمدىن ئەمدى رەسمىي نەپرەتلەندى، يىرگەندى.

— ھۆرمەت قىلغاننى، ئايىغاننى بىلمەيدىكەنسىز! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — ماڭا سىزنىڭ خەيرىخاھلىقىڭىز، ھىممەت - شاپائىتىڭىز كېرەك ئەمەس! مەن ئۆزۈمگە، ئائىلەمگە تايىنىپ ياشاۋېرىمەن. بۇنداق تېتىقسىز گەپلەرنى ئارقا كوچىدىكى ئاياللارغا دەپ بېرىڭ!

ئايچېچەكنىڭ قىلچە ئايىماي، يۈز - خاتىرە قىلماي ئېيتقان ئاچچىق گەپلىرى قۇربانوۋنى خېلى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلمەي بىر دەم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بىر دەم ئاغزىنى ئۆمەللەپ، قولايسىز ئەھۋالدا تۇرۇپ قالدى. بۇ ئىككىسىنىڭ بۇنداق سوغۇق، قاتمال مۇناسىۋىتىدىن خەۋىرى يوق گۈلناز بىر چەتتە خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، پۈچۈلىنىپ، زەردە گۆش بولۇپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ تانسا باشلانغاندىن بېرى، قۇربانوۋ بىلەن ئايچېچەكنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم تانسا ئوينىغانلىقىنى ماراپ كۆردى، بۇ جەرياندا ئىككىسىنىڭ پىچىرلىشىپ، مۇڭلىدىشىپ، ئۇرغۇن سىرلىق گەپلەرنى قىلىشقانلىقىنى قىياس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سەزگۈر ۋۇجۇدىدا ھەم رەشك، ھەم ھەسەت ئوتى بىرلا ۋاقىتتا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابقا سالدى!

ھەسەت بىلەن گۇمانخورلۇق ئەزەلدىن قوشكېزەك. ھەسەتخور ئادەملەر جەزمەن گۇمانخور كېلىدۇ! ئۇ باشقىلارنىڭ ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆزىنى بەكمۇ ئاقىل ھېسابلايدۇ. بۇ ئىللەت گۈلنازغا خېلى بۇرۇنلا يۇقۇپ، يۈرىكىگە سىڭىپ كەتكەنىدى!

ئۇ ئايچېچەكنىڭ چەت ئەلدە قازانغان شان - شۆھرەتلىرىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى ئېچىشقىنىدىن نەچچە كېچە ئۇخلىيالمىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئايچېچەك دېگەن بۇ «كۆشەندە» ئەمدى ئۇنىڭ كونا ئاشنىسى، يۆلەنچۈكى قۇربانوۋنىمۇ تارتىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى! ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟! گۈلنازنىڭ ئازابلىق يۈرىكىدىن كۈچلۈك بىر نىدا كۆتۈرۈلدى: ھەي، غەپلەتتە ياتقان چوكان، تېزدىن ھوشۇڭنى تاپ، بولمىسا، ھەممە نەرسىدىن — نام - ئاتاقتىن، شان - شەرەپتىن، ئويۇن كۈلكىدىن بىراقلا مەھرۇم قالىسەن! ئايچېچەك سېنىڭ ئورنۇڭنى، ئابرۇيۇڭنى، رىسقىڭنى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ! ئۇنىڭغا ئېتىل! تاشلان، يەرگە ئۇر!

3

بۈگۈن كېچە قۇربانوۋ جۆيلۈپ، تولغىنىپ زادىلا ياخشى ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ چۈشىگە ئايچېچەك كىرىۋالغانىدى. ئايچېچەك چۈشىدە بولسىمۇ ئۇنى ئەركىلىتىپ، ئوينىتىپ، خۇش قىلىۋاتاتتى، ئۇ بىردەم يوتقاننى قۇچاقلىسا، بىردەم ياستۇقىنى شوراپ سۆيەتتى؛ بىردەم شالىسىنى ئاققۇزۇپ جۆيلۈيتتى:

— جېنىم... جېنىم ئايچېچەك... سىزنى... سىزنى سۆيىمەن... سىز ئۈچۈن... جېنىم پىدا...

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئالا - تاغىل ئاۋازىدىن خوتۇنى چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى ۋە ئېرىنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ چالۋاقىدى:

— هوي كىشى، نېمە بولدى سىلىگە، ئايچېچەك، ئايچېچەك دەۋاتىلاغۇ؟

قۇربانوۋ چاپاق باسقان كۆزلىرى بىلەن خوتۇنىغا گۆلەيدى:

— نېمە ئويغىتىپ يۈرىسەن، ئۇيقۇمنى بۇزۇپ؟!

ئۇ، شېرىن چۈشىنىڭ ئۇزاقراق داۋاملىشىشىنى، چۈشىدە بولسىمۇ، ئايچېچەك بىلەن مۇراد - مەقسىتىگە يېتىشنى خالايتتى، ئەمما خوتۇنىنىڭ بىمەھەل ئويغىتىشى بىلەن ھەممە ئىشىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى ئويلاپ ئاچچىقلىنىۋاتاتتى.

— تېخى مەندىن بەكرەك تۇۋلايدىيا؟!— دېدى سېمىز خوتۇن ھۆمىدەپ تۇرۇپ،— بۇگۈن سىلىگە ئاي چېچەكنىڭ جىنى چاپلاشقانمۇ؟ نېمانچە ئۇنىڭ ئىسمىنى تووۋلاپ ئۆندەرەيلا؟!

قۇربانوۋ شۇ چاغدىلا، ئۆزىنىڭ جۆيلۈگەنلىكىنى، ئاغزىدىن ئايچېچەكنىڭ ئىسمى چىقىپ، خوتۇنىنى گۇمانلاندۇرغانلىقىنى سەزدى.

— نەدىكى گەپنى قىلىسەن، خوتۇن، بايا قارا بېسىپتۇ!— دېدى ئۇ دەرھال چىرايىنى ئۆزگەرتىپ،— ماۋۇ ئايچېچەك دېگەن خوتۇن ئۆمەكتىكى بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئالدىمغا سۆرۈشۈپ كەپتىكەن. بۇگۈن شۇنىڭ دەۋاسىنى سوراپ ھېرىپ كەتكەنىدىم، بەلكىم چۈشۈمگىمۇ يەنە شۇلار كىرىپ ئىسمىنى چاقىرغان ئوخشايمەن!... خاتىرجەم ئۇخلا، خوتۇن! بۇ دۇنيادا سەندىن باشقىسى ماڭا ھارام جۇمۇ!...

سېمىز خوتۇن نائىلاج ياتتى، لېكىن ئۇيقۇسى كەلمىدى، كۆڭلىدە ئېرىگە بولغان گۇمانى كۈچەيگەنىدى: بۇ ئايچېچەك دېگەن جادۇگەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك! ئۇنىڭ چىرايلىق قاش - كۆزى، نازۇك بەستى - بويى ھەرقانداق ئەرنى مەپتۇن قىلىدۇ! ئەر خەق دېگەن كۆرسۈك ئىتتەكلا بىر نېمە، ئۇنداق ئاياللارنى كۆرسە، غىڭشىماي قالامدۇ!؟ بىزنىڭ بۇ كىشىمۇ ئاغزىدا ئۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلىدە قانداق ھارام خىياللارنى ئويلاپ يۈرگەنلىكىنى كىم بىلىدۇ! ئىككىمىز بىر ياستۇقتا باش قويغىنىمىز بىلەن، كۆرىدىغان چۈشىمىز بايىقىدەك ئايرىم - دە! ئايچېچەكنىڭ ئىسمى بىكار چىقمىدى، ئۇ چەت ئەلگە بېرىپ كېلىپ، تېخىمۇ سەتەڭلىشىپ كېتىپتۇ. كونىلاردا «شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قاچ!» دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭدىن چوقۇم ھەزەر ئەيلەش كېرەك!

* * *

ئىككى دەردمەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار خالى يەردە مۇڭدىشىش ئارقىلىق، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىگە يول ئاچتى. ھەر ئىككىسى ئايچېچەكنىڭ پې - يىدا يۈرگەن يوشۇرۇن ئاداۋەتچىلەر بولۇپ چىقتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاداۋەتچىلىك دەرىجىسى،

ئاداۋىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئوخشىمايتتى. سىمىز خوتۇن پەقەت قۇربانوۋنى گۇ-
مانىي كۈنلەپ، ئۇنى ياش، چىرايلىق چوكاننىڭ تارتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپلا شۇ
كويغا چۈشكەنىدى. گۈلناز بولسا، پۈتۈنلەي باشقا غەرەزدە ئىدى. ئۇ ئايچېچەكنىڭ
شان - شۆھرىتىدىن قاتتىق ھەسەت قىلاتتى، ئىچى ئاداۋەتتى. ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆزىگە
قادالغان مىخ، پۇتىغا سانجىلغان تىكەن، دەپ قارايتتى، بۇ قېتىم چەت ئەلگە چىقى-
قالمىغانلىقىنى شۇنىڭدىن كۆرەتتى، ئۆزىنىڭ بارا - بارا سەھنىدىن چۈشۈپ قېلىشۋات-
قانلىقىنىمۇ ئاشۇنىڭ كاساپىتىدىن دەپ بىلەتتى. ئەگەر ئايچېچەك بۇ دۇنياغا تۆرەلمە-
گەن بولسا، گۈلناز چوقۇم بۇ يۇرتنىڭ ناخشا چولپىنى، جىمى ناخشىچىلارنىڭ گۈلتا-
جىسى بولغان بولاتتى! لېكىن ئايچېچەك ئۇنىڭغا يول بەرمىدى، ھەممىنى تارتىۋالدى،
گۈلنازغا ئېچىلىپ - يېيىلىپ، ئەركىنرەك نەپەس ئالغۇدەك ھاۋانىمۇ قالدۇرمىدى.
ئەمدى كېلىپ، ئۇنىڭ قويىنىدىن قۇربانوۋنىمۇ تارتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ! شۇڭا
گۈلنازنىڭ ھەسرىتى، رەشكى، خۇسۇمىتى ھەممىدىن كۆپ، ھەممىدىن چوڭقۇر ئىدى.
ئۇ ھەسەت ئوتىدا كۆيەتتى. كۈندەشلىك دەردىدە ئازابلىناتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ھۇ-
جەيرىلىرى ئايچېچەككە بولغان ئۆچ - ئاداۋەت بىلەن تولۇپ تاشقانىدى! بۇنداق
ئادەملەرنىڭ تىلى ئۇزۇن، ئىچى تار كېلىدۇ! ئۇلار بەئەينى لۇشۇن ئەپەندى ئېيت-
قاندەك: «گويا چۈپرەندى پەتەكلەردەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ھامان باشقىلارغا تىكىپ،
تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۇلارنىمۇ پەتەك كۆرسىتىپ، ئۇلار بىلەن ئوخشاش نومۇرلۇق
شىم كىيمەكچى بولىدۇ!» بۇ سۆز ھەقىقەتەنمۇ جايىدا ئېيتىلغان، قەيەردە قۇرۇق
شۆھرەتپەرەسلىك، بىلىمسىزلىك، نادانلىق، شەخسىيەتچىلىك بولسا، شۇ يەردە ھەسەت-
خورلۇقنىڭ قارا كۆلەڭگىلىرى بولىدۇ. ئۇلار گويا بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قوش-
كېزەك ئاكا - ئۇكىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ!

گۈلناز بىلەن سىمىز خوتۇن خېلى ئۇزاق كۇسۇرلىشىپ، ئۆزلىرىچە ئىچ قار-
نىنى بوشىتىشتى.

— ئايچېچەك دېگەن بۇ سالما باش، يۈندا چىراي ھازىر يەردە ماڭالمايمۇ، ئاسمان-
دىمۇ دەپ ئۆزىنى بىلەلمەي قېلىۋاتىدۇ، — دەپ ئەلەم بىلەن غودۇڭشىدى گۈلناز،—
ئۇنى كىشىلەرگە ئاشۇنداق شۆھرەت قەدرىدەك ئەتىۋار كۆرسىتىۋەتكەن ئادەم ھېلىقى
ئەكرەم دېگەن سولتەك! ئەمدى ئۇنىڭمۇ ھالىغا ۋاي، مۇزىكىسىدىن كۈلكە ئەمەس،
يىغا ئاڭلانمىغىنىنى كۆرەي!

— ئەمدى ئۇ ئىككىسىنىڭ كاۋىكىغا كىرىۋېلىپ، بۇ ئىشنى ھەق - دادىغا يەتكۈ-
زەيلى! — دېدى سىمىز خوتۇن يېپىلاڭغۇ قاشلىرىنى لىكىلدىتىپ، — سانىيە بىلەن
ئەتىلا كۆرۈشەيلى!

گۈلناز چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، تەلۋىلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— شۇنداق قىلايلى! ئەمدى گېپىمىز - گەپ، ئىشىمىز - ئىش! مېنىڭچە، ھايات
دېمەك قىمار دېمەك! مەن ئەمدى قىلغۇلۇقنى قىلىمەن. بۇندىن كېيىنكى تەقدىرىم
ياكى پىكاپقا ئولتۇرۇش ياكى بولمىسا، تۈرمىگە چۈشۈش، ئىككىنىڭ بىرى بولىدۇ!

## تۆتىنچى باب

# گۈگۈم باسقان سەھنە

«ئازاب - ئوقۇبەتتە قالساڭمۇ، تەشۋىشلىنىپ
كەتمە، ھايات بۇلىقى كۆپىنچە، قاراڭغۇ
يەردىن ئېقىپ چىقىدۇ.»

— شەيخ سەئىدى

1

ئەكرەمنىڭ سابىق خوتۇنى سانىيە ئىككى «دەردمەن» تەرىپىدىن قاتتىق قوشلانغانىدى. يالغان-ياۋىداق، چۆرىمە-چۆچەك گەپلەر ئۇنىڭ ئەقلىنى كېسىپ، بېشىنى ئايلاندۇردى. بولۇپمۇ گۈلنازنىڭ «ئېرىڭنى بۇزغان جادۇگەر ئاشۇ! ئېرىڭ ئاشۇ قانجۇقنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، سەندىن چانغان، ئىككى بالىنى يېتىم قىلغان! ئەمدى ئۇ بەختىڭنى قايتۇرۇپ ئال!...» دېگەندەك ئېچىتقۇ گەپلىرى سانىيەنىڭ يۈرىكىنى تىلغاپ، گويا ئۇنى يارىلانغان چىشى شىرغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ كۈنلەردە سانىيەنىڭ ھالىمۇ خاراب ئىدى. ئۇ ئەكرەمدىن ئايرىلىپ، ئۈچ ئاي ئۆتە-ئۆتمەي، تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان بىرى بىلەن ئالدىراپلا، ئېنىقراقى، ئەكرەمگە كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈنلا توي قىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ شېرىن ئايلىرى بىر ئاي ئەمەس، بىر ھەپتىگىمۇ بارمىدى، سانىيەنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ تاللىغان خاپانباش، پالكۆز، قىرىق ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان بۇ ئادەم ئۈچىغا چىققان ئىچەرمەن، يالغانچى، كازاپ ئىدى. ھەر ئايدا ئالغان مائاشى ئۆزىنىڭ ئىككى ھەپتىلىك ھاراقىغا يەتمەيتتى، قالغان ۋاقىتتا سانىيەدىن پۇل تەلەپ قىلىپ، سوقۇشاتتى، ئۇراتتى. سانىيەنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى، ئاخىرى ئۇ، تېپەپ-تۆمەپ يىغقان بىر مۇنچە پۇللىرىنى ئۈستەك بېرىش ھېسابىغا ئۇنىڭدىن ئاران قۇتۇلدى. ئۇ بارى-يوقى تۆت ئايدەك ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن تۆت يىللىق ئەقىل-ھوشىدىن كەتتى. ئاپئاق، سىدام ماڭلايلىرىغا پۇرۇم-پۇرۇم قورۇقلار چۈشتى، دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان بۇدۇر چاچلىرىغا ئاق ئارىلىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ، ئەكرەمنىڭ قەدرىگە يەتتى. ئۇنىڭ مۇلايىملىقى، سەمىمىي-ساداقىتى، ئۆزىلا چېقىلمىسا، ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي، پىئانىنو بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان تىنچ، رايىش مىجەزى ئەمدى ئۇنىڭغا ئېسە قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى بېشەملىكىدىن، ئەركە-نايناقلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يېدى. لېكىن بولار ئىش بولغانىدى، شۇڭا، ئۇ ھەسرەت-نادامىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئولتۇراتتى!

كۈتۈلمىگەندە ئىككى خوتۇنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىپ

قېقىتىشى سانىيەنى بىردىنلا ئاياغقا تۇرغۇزدى، ئۈمىدسىز، چۈشكۈن كۆڭلىگە بەخت ـ ئىقبالنىڭ يورۇق شامىنى ياقتى. ئۇنىڭدا راستىنلا ئۈمىد تۇغۇلغان، ئۆز ۋاقتىدا تارتقۇزۇپ قويغان بەختىنى قايتا قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچى پەيدا بولغانىدى.

بولۇپمۇ ئۇ، يېقىندىن بېرى، ئەكرەم بىلەن ئايچېچەكنى يوشۇرۇن كۆزىتىش، ئەكرەمنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئۇلارنى پايلاش ئارقىلىق، گۈلناز بىلەن سىپىز خوتۇن ئېيتقان گەپلەرنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئەكرەم بىلەن ئايچېچەكتىن ئېخىمۇ قاتتىق گۇمانلاندى. گۇمان ئاستا ـ ئاستا ئىمانىنى قاچۇردى، ئۇنىڭ كۆزى قىزىرىپ، يۈرىكى قارامالاشتى!

بۈگۈن يەكشەنبە، ھەممە ئادەم ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ھەلەك ئىدى. ئايچېچەك چۈشتىن بۇرۇن ئۆي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، چۈشتىن كېيىن ئەكرەمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئەكرەم يەنە شۇ نوتا يېزىش، پىئانىنو چېلىش بىلەن بەنت ئىدى.

ــ بۈگۈن يەنە دەم ئالغىلى كەلمەپتۇدە، ئايچېچەك، ــ دېدى ئەكرەم ئورنىدىن تۇرۇپ،ــ سابىرنى يالغۇز تاشلاپ كەلدىڭىزمۇ؟

ــ ياق، سابىر تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن يولغا چىقىپ كەتتى،ــ دېدى ئايچېچەك پىئانىنونىڭ بىر تەرىپىگە يۆلىنىپ،ــ ھېلىقى ناخشىنىڭ ئەۋجىسىنى تازا ياخشى چىقىرالمايۋاتىمەن، شۇڭا ئىچىم تىتىلداپ، قايتا ئۆگىنەي، دەپ كەلدىم.

ــ ياخشى بوپتۇ، ئەمىسە، مەن چالاي، سىز ئوقۇڭ!

ئەكرەم دەرھال تەييار قىلدى، ئۆيدە پىئانىنونىڭ يېقىملىق ئاۋازى ياڭرىدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئايچېچەكنىڭ لەرزان، نەپىس ناخشىسى كۆتۈرۈلدى.

قايتا ـ قايتا چېلىش، قايتا ـ قايتا ئېيتىش يېرىم سائەتتەك داۋام قىلدى، ئەمدى ئۇلار چارچاپ قالدى بولغاي، كرېسلودا يانمۇ ـ يان ئولتۇرۇپ، ئالما ـ نەشپۈت يېگەچ پاراڭغا چۈشتى.

دەل شۇ چاغدا ــ ئەكرەم بىر تال قىزىل ئالمىنى ئاقلاپ، ئايچېچەككە قوش قوللاپ تۇتقۇۋاتقان چاغدا ــ ئىشىك قاتتىق ئېچىلىپ، بوسۇغىدا سانىيە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن، چىرايى ئۆزگىرىپ، چويۇندەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئايچېچەككە بىر پەس بېگىزدەك تىكىلىپ قاراپ، ئارقىدىن بىردىنلا تىللاپ كەتتى:

ــ ھۇ!... يۈزى قېلىن جالاپ! تاخ دېسە تاختا بېشىغا، پەش دېسە مورا بېشىغا چىقىدىغان لوقما ئوغرىسى!

بۇنداق كۈتۈلمىگەن غەلىتە ئەھۋالدىن ئەكرەممۇ، ئايچېچەكمۇ خۇددى تۈيۈقسىز يەر تەۋرەپ، ئەنسىزچىلىكتىن باشلىرى گاراڭ بولۇپ قالغاندەك ياكى ئوچۇق ھاۋادا تۈيۈقسىز چاقماق چېقىپ، كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرغاندەك بىر خىل تاسادىپىي، چۈشىنىكسىز، غەلىتە سېزىم ئىچىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان سانىيە ئىشىكنى يوغان ئېچىۋەتتىدە، ئەتراپنى بېشىغا كىيىپ، ساراڭدەك ۋارقىراپ ـ جارقىرىدى:

www.uyghurkitap.com

ــقاراڭلار، خالايىقلار! ئوغرى مۈشۈك قولغا چۈشتى، جالاپنىڭ شەرمەندىسى چىقتى!

قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى غىچىرلاپ ئېچىلىشقا، شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

سانىيە ئەمدى ئۆزىنى ئۆيگە ئېتىپ، ئايچېچەككە خۇددى ئاچ قالغان بۆركۈتتەك شىددەت بىلەن تاشلاندى. ئۇنىڭ چاچلىرىنى چۇۋۇدى. كۆڭلىكىنى يىرتتى، كارنىيىدىن بوغدى!



ئەكرەم كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا ئەقلى يەتمەي، بىر پەس ھاڭۋېقىپ قالدى، كېيىن ھوشىنى يىغىپ يىردىنلا سانىيەگە ئېسىلدى. لېكىن سانىيە ئۇنىڭغا ئۆزىنى تۇتقۇزماي ۋارقىردى:

ــماڭا يېقىن يولىماڭ، ئەكرەم!ــ دېدى ئۇ قوينىدىن بىر پىچاقنى ئېلىپ،ــ بولمىسا، مۇشۇ يەردە ئۆزۈمنى بوغۇزلاپ بېرىمەن. سىز قاتىل بولۇپ قالىسىز!

ئەكرەم مەڭدەپ قالدى. سانىيە غالجىرلىق بىلەن ئايچېچەكنى سۆرەپ ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. بۇ يەردە ئادەملەر توپلىشىپ قالغانىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە قوشنا-قولۇملاردىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە كەلگەن بىر نەچچە جۈپ مېھمانلار بىلەن ئۆتكۈنچى يولۇچىلارمۇ بار ئىدى. سانىيە بىر قولى بىلەن ئايچېچەكنىڭ چېچىغا ئېسىلغان، بىر قولى بىلەن ئۆزىنى كاچاتلىغان ھالدا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقا باشلىدى:

ــخالايىق، مەن شۇم پېشانە، مەن بەختى قارا! مېنىڭ بەختىمنى مۇشۇ نومۇسسىز جالاپ ئوغرىلاپ كەتكەن! ئۇ مېنىڭ ئېرىمنى بۇزۇپ، ئىككى بالامنى يېتىم قىلدى! ئەرگە تەگكەننىڭ سازايى خالايىق، بالاتۇغقاننىڭ سازايى خالايىق!

سانىيە يىغلاپ، قاقشاپ، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى، ۋارقىرايتتى. ئايچېچەككە بىر ئېغىز سۆزلەش پۇرسىتىمۇ بەرمىدى، ئايچېچەك نومۇستىن بېشىنى ئېگىپ، كۆزى بىلەنلا ئەمەس، يۈرىكى بىلەنمۇ يىغلاپ، ئاللانىڭ، تەقدىرنىڭ بۇ

قىسمەتلىرىدىن ھەيران بولۇپ، ئىچ-ئىچىدىن قاپساپ چىقىۋاتقان ئازاپ ۋە ئەلەمگە چىدىسماي، ئاستىنقى لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى! ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئاقلاپ تۆت ئېغىز گەپ قىلالمايدۇ؟!

راست، مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ناخشا توۋلاپ، بۇ يەر تۇگۇل، خەلقئارا سەھنىلەردىمۇ ئوت چىقىرىۋەتكەن بۇ چوكان بۈگۈن بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ ئۆزىنى ئاقلىيالمىدى. تۇيۇقسىز زەربىدىن ئۇنىڭ نېرۋىلىرى تورمۇزلىنىپ قالغانىدى. ئۇ سانىيەنىڭ شىددەتلىك، رەھىمسىز ھۇجۇمى ئالدىدا بىچارە ھالغا چۈشۈپ، خۇددى ياپراقلىرىغا چاڭ-توزان قونغان ئەۋرىشىم گۈلگە، يىلتىزىغا قۇرت چۈشكەن يۇمران مايسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. قايسىبىر دانىشمەن توغرا ئېيتقان: «بوھتان-قىلىچتىنمۇ مۇدھىش قورال!» ئەنە شۇ مۇدھىش قورال بىلەن يۈرىكى قاتتىق زەخمە يېگەن ئايچېچەك پەقەت يىغلامسىراپ، ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

—يالغان، ھەممىسى يالغان! تۆھمەت... — تۆھمەت!...—دېگەن گەپلەرنىلا قىلالىدى.

شۇ چاغدا ئەكرەم ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ، دەۋرەپ تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى:

—يولداشلار، بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەڭلار، ھەممىسى يالغان، تۆھمەت! بۇ خوتۇن ساراڭ بوپتۇ! ئېلىشىپتۇ!

لېكىن سانىيە كىشىلەرنى يەنە ئۆزىگە قارىتىۋالدى:

—كۆپچىلىك، قايسى ئوغرى ئۆزىنى ئوغرى دەپ باققان؟! قايسى جالاپمۇ ئۆزىنى جالاپ دەپ باققان؟! مەن بۇ ناپاكلارنى نەق ئۈستىدىن چۈشۈپ تۇتۇۋالدىم! بۇ جالاپنىڭ بۇ ئۆيىنى ئەگىپ يۈرگىنىگە خېلى بولغان، سىلەر بىلمەيسىلەر، قوشنىلار!؟ سىلەر كۆرمىگەنمۇ؟! ئايال كىشى يوق ئۆيدە ئۇنىڭغا زادى نېمە بار!؟ قاراڭلار، ئۇنىڭ شۈمشىيىپ كەتكىنىنى؟! بويىنىدا ئىللىتى بارنىڭ مانا مۇشۇنداق پېيى سىرقىرايدۇ!

بارغانسېرى ئۇلغايغان خەلق توپى مالىمانلاشتى. نۇرغۇن ئادەملەر ئايچېچەكنى تونىدى، بەزىلەر ئۇنىڭغا ئېچىندى، ئەپسۇسلاندى؛ بەزىلەر بولسا، ئۇنىڭ شەنىگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق سەت گەپلەرنى قىلىشتى؛ بەزىبىر قوشنا-قولۇملارمۇ سانىيەگە ئىچ ئاغرىتىپ، ئايچېچەكنى ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە پات-پات كېلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك، باشلىرىنى مەنىلىك لىڭشىتىپ، بىر-بىرىگە ئېڭەك قېقىشىپ، يۈزىدىن-يۈزىگە بىر مۇنچە كىنايىلىك گەپلەرنى ئۈستى-ئۈستىلەپ ياغدۇرۇشتى!

«ئويۇن» بار-يوقى يېرىم سائەتتەك داۋام قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ زەربىسى، شىددىتى يېرىم ئاي ئۈزۈلمەي ياغقان قارا مۆلدۈردەك، ئايچېچەك بىلەن ئەكرەمنىڭ نامىنى تۆكۈۋەتتى! ئۇلارنىڭ قان-تەر، ئەقىل-پاراسەت سەرپ قىلىپ تىكلىگەن يۈز-ئابرويى ئەنە شۇ تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن بىرلا بوران بىلەن كەچكۈزنىڭ خازىنىدەك سېرىلىپ كەتتى!

www.uyghurkitap.com

2

ئادەم ــ ئىشى ئوڭۇشلۇق، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك بولغاندا، گويا تۇرمۇشنىڭ ھەممە يولىغا ئەتىر گۈل غۇنچىسى چېچىلغاندەك ھېس قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا بولسا، تۇرمۇش ھەممىلا جايدا كۆڭۈلسىز، بەختسىز ئۆتۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ، زارلايدۇ!

ئايچېچەك شۇ كۈنلەردە ئۆزىنى خۇددى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك، بىر كېچىدىلا جەننەتتىن دوزاخقا چۈشۈپ قالغان ئادەم سىياقىدا ھېس قىلدى!

پۈتۈن شەھەر بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ توغرىسىدىكى مىش ــ مىش گەپلەر بىلەن گۈررىدە قوزغىلىپ كەتكەنىدى. كوچا دوقمۇشلىرىدا، ئاشخانا، چايخانىلاردا، قەھۋەخانىلاردا، ھەتتا ماگىزىن، ساتىراشخانىلاردىمۇ شۇ ھەقتە گەپ، شۇ ھەقتە تالاش ــ تارتىش بولۇۋاتاتتى.

سانىيەنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆز مۇددىئالىرىغا يەتكەن ئىككى «دەردمەن» خوتۇن خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ مىكروبىنى تۇشۇغۇچى مەخلۇقلاردەك، كوچىمۇ كوچا، ئۆيمۇ ئۆي، ئىدارىمۇ ئىدارە يۈرۈپ، بۇ ئىشتىن تېخى خەۋىرى يوق كىشىلەرنى خەۋەرلەندۈردى، بولغان ئىشلارنى كۆپتۈردى. ئۇلار قىلچىمۇ تەپتارتماي ئايچېچەكنى «چەت ئەلگە چىقىدىغان چاغدا پۇلغا بۇزۇلغان شەرمەندە! ئىككى بالىنى يېتىم قىلغان ئالۋاستى!...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن كىشىلەرگە تېخىمۇ سەت كۆرسەتتى.

«ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتسە، يېڭنىمۇ تۆۋرۈككە ئايلىنىدۇ» دېگەندەك، ئايچېچەك ھەققىدىكى بۇ گەپلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتكەنسېرى يوغىناپ، كۈچىيىپ، مىش ــ مىشلار راستقا، گۇمانلار ھەقىقەتكە ئايلانغاندەك بولۇپ قالدى. بوھتان، تۆھمەت ھەممە تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، خۇددى ئۇۋۇسى بۇزۇلغان ئۆششۈك ھەرىدەك غوڭۇلداپ، ئۇنىڭ ئۇچرىغانلا يېرىدىن چېقىپ، ئازابلاپ، جېنىنى قاقشىتىشقا باشلىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بېشىغا يېغىۋاتقىنى بۇرۇنقىدەك شان ــ شۆھرەتنىڭ خۇش پۇراق گۈللىرى ئەمەس، بەلكى جان ئالغۇچى مۇدھىش چېقىن ئىدى!

ئايچېچەك ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆيدىن سىرتقا چىقمىدى، كۆزلىرى ئولتۇرۇپ، چىرايلىرى سارغىيىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچسىمۇ، يۇمسىمۇ ئۆتكەنكى ئىش خۇددى تارىم دەرياسىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنى لەپپەك ئۇرغاندەك، كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئىچ ــ ئىچىنى ئازابلايتتى، جېنىنى قىينايتتى.

سانىيە يەنە شۇ ئىككى خوتۇننىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن مەدەنىيەت ئىدارىسىغا بېرىپ، ئۇ يەرنىمۇ بېشىغا كىيدى. قۇربانوۋغا ئەرز قىلىپ، ئايچېچەككە چارە كۆرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ ئۆزۈندىن بېرى مەقسىتىگە يېتەلمەي، دەككىسىنى يەپ، قورسىقىدا غوم ساقلاپ يۈرگەن قۇربانوۋغىمۇ ياغدەك ياقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمەككە ئۈچ ماددىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى: بىرىنچى، ئايچېچەكنى

ۋاقتىنچە سەھنىگە چىقارماسلىق. ئىككىنچى، تارقىلىش ئالدىدا تۇرغان «ئايچېچەك ناخشىلىرى» ناملىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى دەرھال توختىتىش. ئۈچىنچى، ئايچېچەكنى شەھەرلىك خەلق ۋەكىللىكىدىن قالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش!

بۇ بۇيرۇق ئۆمەك باشلىقى ئىلياسنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ بىر تالانت ئىگىسىنىڭ تەقدىرىگە، ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك جىددىي ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ، قۇربانوۋغا مۇنداق دېدى:

— جەمئىيەت دېگەندە ئادەم كۆپ، جۈيجاڭ، ھەر خىل گەپ-سۆزلەر تولا بولىدۇ! مېنىڭچە، تىرىك يۈرگەن ھەرقانداق ئادەم تۆھمەت، مەسخىرە ۋە كىنايىنىڭ نىشانىسى بولۇپ قېلىشى، ھەتتا بەزىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قىلىنغان ئەپقاچتى گەپلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئادەتتە تاتلىق مېۋىگە قۇرت چاپلاشقاندەك، بوھتانمۇ ياخشى ئادەملەرگە چاپلىنىدۇ! ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر پەيلاسوپ «تەقدىر توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا: «نوتا ئورمان بولسا، بوران سوقماي قالماس، دەريا لېۋىدە تۇرغان كىشىنى دولقۇن ئۇرماي قالماس، يۈرۈش-تۇرۇشى پەرقلىق بولغانلارنى باشقىلار غەيۋەت قىلماي قالماس!» دەپ يازغان. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدە كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق ئىللەتلىرىنى يوق دېگىلى بولامدۇ؟! بۇ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بىر خىل رەزىل ئادەت كۈچى. بەزىبىر مۇشۇنداق «ئىشتىن سىرتقى ھەۋەس» كە بېرىلىپ كەتكەن ئادەملەر ئۆزىدىن ئۈستۈن كەتكەنلەرنى، يۇقىرى ئۆرلەۋاتقانلارنى كۆرەلمەيدۇ! ئىش ۋۇجۇدقا چىققاندا ھاقارەت يېغىپ كېتىدىغان، ئابروي ئاشقاندا تۆھمەت بولىدىغان ئەھۋال ھەممە يەردە بار! راستىمنى ئېيتسام، ئايچېچەكنىڭ بۇنداق بىر كېچىدىلا بۇلبۇلدىن ھۆپۈپكە ئايلىنىپ قېلىشىغا ئىشەنمەيمەن! ئۇ سابىر بىلەن ئەزەلدىن بەختلىك، ئىناق تۇرسا، ھەرگىزمۇ بۇنداق سەت ئىشقا ئاياغ باسمايدۇ، ئەكرەممۇ ئۇنداق يەلىكى سۆيۈق، ۋىجدانى سۇس ئادەم ئەمەس!

— پەرەز بىلەن قىياسنى پاكىت ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ، ئىلياس! — دېدى قۇربانوۋ سوغۇق ھىجىيىپ، — پاكىت ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، ئۇنىڭغا سىزمۇ، مەنمۇ ئارا تۇرالمايمىز! ئەلۋەتتە مەنمۇ ئايچېچەكنىڭ ئۇنداق بولۇپ قېلىشىنى، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ ئۆرلەۋاتقان ياش بىر ناخشىچىنىڭ سەھنىمىزدىن يوقىلىپ كېتىشىنى ھەرگىز، ھەرگىزمۇ خالىمايتتىم. لېكىن رەھىمسىز رېئاللىق مېنىڭ تىلىمىنى قىسقا قىلىپ قويدى. بىر كېچە ئۇخلىيالمىدىم. لېكىن بۇ شەرمەندە ئىشلار سىز بىلەن مېنىڭ ئارزۇيۇمنىڭ ئەكسىچە سادىر بولدى، رەھىمسىز رېئاللىق بىزنى ئوڭدا قويدى. ئايچېچەك بىلەن سابىرنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، مەنمۇ ئۇلارنى بەختلىك بىر جۈپلەر، دەپ قارايتتىم. لېكىن، ئىلياس، خوتۇن كىشى دېگەننىڭ شەيتىنى يامان، دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ، مۇشۇ ئىشلاردىن كېيىن مېنىڭ ئايال زاتىغا بولغان ئىخلاسىم قايتتى، قىرىق يىلدىن كېيىن خوتۇن كىشىنىڭ بىر تال چېچى ئەر تەرەپكە ئۆتىدۇ، دېگەن گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ قالدىم.

ئەمدى بىز ئۆمەكنىڭ، كوللېكتىپنىڭ، ئارتىسلىرىمىزنىڭ نامىنى ساقلىمىساق، قوغدىمىساق بولمايدۇ، ھەممىيلەن ئايچېچەكتىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك!

ئىلياس قۇربانوۋغا كۆڭلىنى چۈشەندۈرۈپ بولالمىدى، ئۇ قەيەردىن گەپ قىلسا، قۇربانوۋ شۇ يەردىن چىقىپ، ناھايىتى ئالىيجانابلىق بىلەن، ئىچ ئاغرىتقان، ئەپسۇس چەككەن قىياپەتتە رەت قىلاتتى، يوققا چىقىراتتى. ئىلياس ئۇنىڭغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي ئاخىرى «ئۈچ ماددىلىق بۇيرۇق» نى ئامال بار ئارقىغا سۈرۈش، ئىجرا قىلماي تۈگۈلۈۋېلىشقا ئوخشاش پاسسىپ ئۇسۇل بىلەن ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋەردى.

3

ئادەم ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەندە، ئۇنىڭغا قۇياش چاقناپ تۇرغان تومۇز كۈنلىرىمۇ سوغۇق ۋە يېقىمسىز، تولۇن ئاي نۇر سېپىپ تۇرغان ئايدىڭ كېچىلەرمۇ زۇلمەتلىك ۋە كۆڭۈلسىز بىلىنىدۇ!

ئايچېچەكنىڭ روھىي ھالىتى ھازىر شۇنداق ئىدى. تۇرمۇش ئۇنىڭغا رەھىمسىزلىك قىلدى. ھايات ۋاپاسىزلىق قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى گۇناھ، سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن، بۇنداق چىدىغۇسىز ئازابقا قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى! تۇرمۇش ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىۋاتامدۇ-يا؟ ئۇنىڭ چاقچاقلىرى نېمىدېگەن قاتتىق! ئىھ، تۇرمۇش سەھىپىسى! سېنىڭ بەتلىرىڭ نېمىدېگەن رەڭمۇ رەڭ ھە؟! بەزى بەتلىرىڭدىكى قىزىل رەڭ ئادەمنى خۇددى چوغدەك كۆيدۈرسە، بەزى بەتلىرىڭدىكى كۆك رەڭلەر خۇددى مۇزدەك ئادەمنىڭ بەدىنىنى شۈركەندۈرىدۇ! بەزى بەتلىرىڭدىكى ئاق رەڭلەر ئادەمنىڭ قەلبىنى يىللىتىپ، ھۇزۇر بېغىشلىسا، بەزى بەتلىرىڭدىكى قارا رەڭلەر خۇددى ئالۋاستىنىڭ قولىدەك ئادەمنىڭ گېلىنى بوغۇپ، جاھالەت قويىنىغا سۆرەيدۇ! لېكىن ئىرادىلىك، غەيرەتلىك، جۇشقۇن ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇمۇ ھېچگەپ ئەمەس. ھاياتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى، خۇشاللىق بىلەن قايغۇسىنى، ھىجران بىلەن ۋىسالىنى، قىسقىسى، ئۇنىڭ كۆز چاقنىتىدىغان ئاشۇ رەڭمۇ رەڭ سەھىپىسىنى باشتىن كەچۈرمىگەن ئادەم ئۇنىڭ چەكسىز گۈزەللىكى بىلەن چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى قانداق چۈشەنسۇن؟! شۇڭا بىر دانىشمەن: «كىشىلىك تۇرمۇش گويا جانلىق، قىزىقارلىق، ھەممىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كىتابقا ئوخشايدۇ!» دەپتىكەن.

ئايچېچەك شۇ كۈنلەردە مانا شۇ كىتابنى ناھايىتى قىينىلىپ، ئازاب ئىچىدە ئوقۇۋاتاتتى!

ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى، ئۆيدىن چىقماي ئاھ ئۇرۇپ يېتىۋېلىشى، ئۇخلىماي، تاماق يېمەي ئۆزىنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىشى نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل سەپداشلىرىنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغىدى ھەم ئۇلارنى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۆمەك باشلىقى ئىلياسمۇ دەككە-دۈككە ئىچىدە قالدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆز پىكرىنىڭ

توغرىلىقىغا بارغانسېرى ئىشىنىۋاتاتتى. چۈنكى گۈلنازنىڭ باشقىچە كېرىلىپ گۈلقەقەلىرىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكى، بارغانلا يەردە ئايچېچەك بىلەن ئەكرەمنىڭ غەيۋەت-شىكايىتىنى قىلىشى، ئۇنىڭ قۇربانوۋنىڭ ھېلىقى سېمىز خوتۇنى بىلەن سىرلىق، بىنورمال مۇناسىۋەتتە بولۇشى بۇ نۇقتىنى كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلايتتى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن ئەكرەمنى ئەگەشتۈرۈپ، ئايچېچەكنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئايچېچەكنىڭ تەقى-تۇرقىغا قاراپ، ئىلياسنىڭمۇ، ئەكرەمنىڭمۇ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى يالتىراپ تۇرىدىغان، دولقۇنلۇق بۇدۇر چاچلىرى نەچچە كۈندىن بېرى تاغاق تەگمەي چىگىشلىنىپ، پاخپىيىپ كەتكەنىدى؛ بۇلاقتەك مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان يوغان، قاپقارا كۆزلىرى قىسىلىپ، خىرەلىشىپ قالغانىدى؛ ئاپئاق يۈزى، قىزىل مەڭزى تاتىرىپ، سارغىيىپ كەتكەنىدى.

ئۇ، ئاكا ئورنىدا ئىچەكىشىپ كەتكەن ئىككى سەپدىشىنى كۆرۈپ يەنە يىغلىدى، ئۇزاق، ئېزىلىپ يىغلىدى.

— ئايچېچەك، ئۆزىڭىزنى تۇتۇڭ، قەددىڭىزنى رۇسلاڭ! — دېدى ئىلياس ئىچكۆيەرلىك بىلەن، — بىز سىزگە ئىشەنگەن، ھېلىمۇ ئىشىنىمىز! ھايات دېگەن ئوينىشىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ بەكمۇ قىممەتلىك. بولۇپمۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىز يالغۇز ئۆزىڭىزگىلا مەنسۇپ ئەمەس. سىز بىر ئىختىساس ئىگىسى. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى نابۇت قىلسىڭىز، جەمئىيەتتە كېرەكلىك بىر ئىختىساس ئىگىسىنى نابۇت قىلغان بولۇپ قالىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئازغىنە دەرد-ئەلەم ئۈچۈن ھاياتىدىن ئاسانلا ۋاز كەچكەن ئادەمنى كىشىلەر ياخشى نام بىلەن تىلغا ئالمايدۇ! سىز تەبىئەتتىكى كۈن تۇتۇلۇشنى كۆرگەنمۇ؟! ئۇ شۇنچە زۇلمەتلىك بولسىمۇ، لېكىن بىردەمدە ئۆتۈپ كېتىدىغۇ! تۇرمۇشمۇ شۇنداق بولىدۇ، بىر قارىسىڭىز ئالەمنى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەندەك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن يەنە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئالدىڭىزدا كۆركەم قۇياش پەيدا بولىدۇ! سىز ئۆزىڭىزنى ھازىر گويا يارداچسىز، يېتىم قالغاندەك، قاتمۇ-قات بېسىمغا ئۇچراۋاتقاندەك ھېس قىلسىڭىزمۇ، ئەمەلىيەتتە، كۆز ئالدىڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈپ ئۆتسىڭىزلا، يەنە يېڭى بىر ماكانغا قەدەم قويىسىز. چۈنكى، ھەقىقەت ۋە ئادالەت سىز تەرەپتە!

ئايچېچەك يىغىدىن، ئېسەدەشتىن توختىدى. ئۇ، بېشىغا تۆھمەت تاشلىرى ياغقاندىن بۇيان، بىرىنچى قېتىم مانا شۇنداق ئىشەنچكە، ھېسداشلىققا تولغان، ئىچكۆيەرلىك بىلەن ئېيتىلغان سەمىمىي سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، كۆز چانىقىدىكى ياشلارنى سۈرتۈپ، ئاۋۋال ئىلياسقا، ئاندىن ئەكرەمگە قارىدى. ئۇنىڭ مىسكىن نەزەرى ئەكرەمنىڭ يۈزىگە تىكىلگەندە، بىر پەس توختاپ قالدى. چۈنكى ئەكرەممۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە گويا بىرنەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك مۈكچىيىپ قالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۈمىدۋارلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى، كۆڭلىمۇ ئايچېچەككە ئوخشاش چۈشكۈنلىشىپ كەتمىگەنىدى. ئەمدى ئۇمۇ ئايچېچەكنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەلبىگە ئىشەنچ ئۇرۇقىنى چاچىدىغان گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى:

—ئايچېچەك، ئادەمنى ھەرگىزمۇ بىخەتەرلىك ساندۇقىغا سېلىپ قويغىلى بولمايدۇ، ھاياتتا كىشىگە بەخت ـ ئامەتتىن كۆرە، بەختسىزلىك كۆپرەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىز كۆكتە ۋاقىتلىق پەيدا بولغان ئاشۇ بەختسىزلىك تۇمانلىرىدىن قورقماي، ئۈمىدۋار بولسىڭىزلا، ھەرقانچە ئېغىر دەرد ـ ئەلەممۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، سىز ئۆزىڭىزگە ئاق ھەم پاك! ۋىجدان ئالدىدا قىلچە ئازابلىنىدىغان يېرىڭىز يوق! بۇ پەقەت ئايرىم كىشىلەر تەرىپىدىن غەرەزلىك ھالدا پەيدا قىلىنغان بىر قارا تۇتەك! ھەقىقەت شامىلى كۆتۈرۈلسىلا، تۇتەك تارقايدۇ! شۇڭا سىز ئەمدى كۆڭۈل دەرۋازىڭىزنى بۇنداق مەھكەم ئېتىۋالماي، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ، ھەمراھلىرىڭىزغا يېقىنلىشىڭ! گەرچە، سىزنىڭ ھازىر كۈلۈشكە ھەپسىلىڭىز بولمىسىمۇ، لېكىن ھەمراھلىرىڭىزنىڭ كۈلكە سادالىرىنى ئاڭلىسىڭىز كۆڭلىڭىز كۆتۈرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. ھازىر سىزگە زۆرۈرى، قايغۇ ـ ئەلەملەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، قانۇنىيەتلىك، ئاقىلانىلىك بىلەن ياشاشتىن ئىبارەت!

—شۇنداق، ئايچېچەك! —دېدى ئىلياس ئۇنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرۇپ، —ھازىرقى ئەھۋال ئاستىدا، ھەرگىز چېكىنىشكە، تىز پۈكۈشكە بولمايدۇ! ئەگەر سىز بىر قەدەم چېكىنسىڭىز، ھەسەتخورلار، قارا نىيەتلەر ئىككى قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ! تىز پۈكۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، بىز بۇ دۇنياغا رەزىللىك، قالاقلىق، نادانلىق ۋە قەبىھلىكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تۆرەلگەن!

سەمىمىي ئىشەنچكە، رىغبەتكە، ئىلھامغا تولغان بۇ تەسىرلىك سۆزلەر ئايچېچەكنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى قەلبىنى بېسىپ ياتقان قارا تاشنى، كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقنى ۋە كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپ يۈرگەن مۇدھىش خىياللارنى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈۋەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى خىرەلىك سۇزۇلدى، يۈزىدىكى دەرد ئىزلىرى يوقالدى.

ئىلياس بىلەن ئەكرەم كەتكەندىن كېيىن، ئايچېچەك بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئاغزىغا تېتىغۇدەك بىر پىيالە تاماق يېدى ۋە ئۇيقۇ دورىسىنى ئىچمەيلا، كرېسلودا ئولتۇرۇپ، ئىلەڭ ـ سىلەڭ ئۇيقۇغا كەتتى.

4

يوللار... يەنە شۇ تونۇش، تۈگىمەس يوللار!...

سابىر ئۇزۇن بىر سايدىن ئۆتۈپ، كۆجۈم مەھەللىگە كىردى. لېكىن بۇ يەردىمۇ توختىماسلىققا جەزم قىلدى، ئۇ ئالدىرايتتى، ئۆيىنى، ئۆيىنىڭ گۈلتاجىسى بولغان مەھبۇبىسى بىلەن ئوماق قىزى ساباھەتنى تېزرەك كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىرايتتى، ئالدىراشچىلىقتا يۈرىكى تېپىچەكلەيتتى. ئۇ ھېسابلاپ كۆردى، مانا بۈگۈن ئۆيىدىن ئايرىلغىنىغا توققۇز كۈن بوپتۇ، توققۇز كۈن ئۇنىڭغا گويا توققۇز ئايدەك، ھەتتا توققۇز

يىلدەك تۈيۈلۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان بۇ چەكسىز يوللارنى پەقەت مېڭىش، دەم ئالماي تېز مېڭىش بىلەنلا تۈگەتمەكچى ئىدى. لېكىن مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، يەنە توختاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنى ئاشخانىدىن ھېلىلا تاماق يەپ چىقىپ، ماشىنىسىنى تەكشۈرۈۋاتقان تونۇش بىر شوپۇر ۋارقىراپ توختىتىۋالدى، ئۇنىڭ ئىسمى قارا قاسىم ئىدى.

— نېمىگە ئالدىراپسەن، سابىر؟ — دېدى ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان سابىرغا قولىنى شىلتىپ، — ئۆيۈڭدە سەن ئالدىرىغۇدەك ئىش يوق، ئاداش!

سابىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ:

— سەن نەدىن بىلىسەن مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىشىمنىڭ بار - يوقلۇقىنى؟ — دېدى كۈلۈپ، — قاچان كەلدىڭ؟

قارا قاسىم ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ دېدى:

— تۈنۈگۈن يولغا چىققان.

— يۇرت تىنچ - ئامانمۇ؟ — دېدى سابىر پەرۋاسىزلا، — بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنى كۆرگەنمىدىڭ؟

— ئۆيۈڭدىكىلەرنى بۇرۇن سەھەردە كۆرۈپ تۇراتتۇق، ئاداش، — دېدى قارا قاسىم ئەتراپقا سىرلىق قاراپ قويۇپ، — لېكىن يېقىندىن بېرى سەھەردىمۇ كۆرمىدۇق، ئاڭلىساق ئۆيگە بېكىنىۋاپتۇ.

سابىر بىردىنلا سەگەكلەشتى:

— نېمىشقا؟ بىر ئىش بوپتىمۇ؟!

قارا قاسىم ياندۇرۇپ سورىدى:

— سەن تېخى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ھە، بوپتۇ ئەمىسە، ئاڭلىمىغان بولساڭ، ئۆيۈڭگە بارغاندا بىراقلا ئاڭلا! ئىشقىلىپ بەك ئالدىراپ ماڭمىساڭمۇ بولىدۇ، ھېرىپ بارغىنىڭدا، ھاردۇق ئېلىشى ئورنىدا گەپ ئاڭلايسەن، شۇ!

— قانداق گەپكەن ئۇ؟! — سابىرنىڭ ئاۋازى سەل - پەل تىترىدى.

— گەپ دېگەن ھەر خىل بولىدۇ، ئاداش! — دېدى قارا قاسىم ئەمدى خۇپسەنلىك قىلماقچى بولۇپ، — بارغاندا ئاڭلىمامسەن، مەن بۇ يەردە دېسەم، قىزىقى قالمايدۇ!

لېكىن، سابىر مىختەك قادىلىپ تۇرۇۋالدى، قارا قاسىم ئۆزى تەشكەن گەپنىڭ ئاخىرىنى چىقارماي قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئەمدى ئۇ تىلىنى چايناپ، بىرئاز ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ:

— يول ئۈستىدە ياخشى خەۋەر بولسا يەتكۈزسەم بولاتتى، ئاداش! — دېدى ئىككى يېنىغا قاراپ، — لېكىن ئۆزۈڭ قىستاپ تۇرۇۋالدىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۈگۈن ئەته جەزمەن ئاڭلايسەن، بوپتۇ، دېسەم دەي، لېكىن ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت!

ئۇ ئايچېچەككە مۇناسىۋەتلىك گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي، ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئېيتىپ بەردى. بۇ گەپلەر سابىرنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، كۆز قارىچۇقىسى ۋەھىمىلىك كېڭىيىپ،

www.uyghurkitap.com

چىرايى سۇرلۇك تۇس ئالدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئىتتىرەۋاتقان ئايىغى ئاستىدىكى زېـمىن گويا ئۆكتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، باشلىرى غوڭۇلداپ، يۈرىكى تارتىشىپ، پۇت - قو-لى ھالسىراپ كەتتى.

ئۇ يولدىن قالدى، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، كىچىك بىر كۆلنىڭ بويىدىـكى ئاشخانىغا كىردى. تاماقمۇ يېمەي، بىر تەخسە سەي قورۇتۇپ، بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى ئالدىغا تىكلەپ قويدى.

شۇ چاغدا، ئاشخانىغا يېڭىلا ئاپتوبۇستىن چۈشكەن ئون نەچچە يولۇچى كىـرىپ كەلدى. ئۇلار تاماق كەلگىچە ئارىلىقتا، بەزىلىرى چاي ئىچىپ، بەزىلىرى ھاـراق ياكى پىۋا ئىچىپ ئولتۇرۇپ، تۇشمۇ - تۇشتىن جاھاندا بار گەپلەرنىڭ ھەممىسى تۇغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈشتى. بۇ گەپلەرنىڭ ئارىسىدا، ئەلۋەتتە، ئايچېچەك ئۈستىدىـكى «ئالاھىدە خەۋەرلەر» مۇ بار ئىدى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ ئاغىنىلەر، — دېدى چوپۇرباش بىر زوۋاندار، — يېقىندىن ئايچېچەكنىڭ ناخشا ئېيتىشىنى مەنئى قىپتۇ!

— يالغۇز ئۇلا ئەمەس، — دېدى چوپۇرباشقا روبىرۇ ئولتۇرغان يەنە بىرى، — ئۇنىڭغا لېنتىسىنى تارقىتىشنىمۇ توختىتىپتۇ! تېخى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىدىنمۇ قالدۇرىدىغان ئوخشايدۇ!

— خوپ بوپتۇ! — دېدى چەتتە ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق سېمىز بىر ئادەم، — ھارام ئىشنى قىلغاندىن كېيىن شۇنداق بولىدۇ، پاقىمۇ - بىر سەكرەيدۇ، ئىككى سەكرەيدۇ، ئاخىر ئورىغا چۈشىدۇ!

— لېكىن، ناخشىنى قالتىس ئېيتاتتى - دە، كاساپەت! كۆز تەگكەندەكلا ئىش بوپتۇ! مېنىڭ ئاڭلىشىمچىغۇ، ئۇ ئىچىدىكى بەزىلەر كۆرەلمەي، ئاشۇنداق پىتنە - پاسات تېرىغان، دەيدۇ!

— راست، ئارتىس خەق دېگەن بىر - بىرىنىڭ پېيىدىلا يۈرىدۇ، بىرەرى شۇنداقلا كۆتۈرۈلدىمۇ، بولدى! ھەممىسى خۇددى ھەسەلگە ئولاشقان چىۋىندەك تالايدۇ!

— لېكىن نەق ئۈستىدىن چۈشۈپتۇ ئەمەسما! ھېلىقى مۇزدىكانت ئىندەككە كەلـتۈرۈۋاپتىكەن.

— شۇ! ئارتىست دېگەننىڭ ئىشەنگىلى بولىدىغان خەق ئەمەس، ئۇلارنى كۆرسە بولىدۇ، ئالسا بولمايدۇ! بىچارە، ئاشنىسىغا ئىشىنىپ، ئەرسىز قالمىسا بولاتتىغۇ!

— ھەي ئاغىنىلەر، ئۇنداق دېيىپ كەتمەڭلار، ئايچېچەكنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىـساڭلارغۇ، شۆلگىيىڭلارنى ئاققۇزۇپ، ماختاپ، شۇتا قويماي ئاسمانغا چىقىرىۋېتىدىكەنـسىلەر، ئەمدى كىچىككىنە مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلاپلا، بۇنداق يەرگە ئۇرۇۋەتـسەڭ بولماس!

— يەرگە ئۇرغۇدەك ئىش قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇش كېرەك - تە! — دېدى ھېلىـقى سېمىز ئادەم غودۇراپ، — ئېرىمۇ بار بولغىيدى ئۇنىڭ! «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەندەك، بىچارە ئېرىنى يەر قىلدى - دە، كۆڭلى قارا!

— ۋاي - ۋۇي! ئۇ چوكانغا نېمانچە ئۆپكە قاقىسلەر ئاغىنىلەر! — دېدى چەتتە
هاراق ئىچىپ ئولتۇرغان بىرى، — بىزگە ئۇنىڭ ناخشىسى كېرەك، ناخشىسىنى ئاڭ-
لىساق بولدى، ئۆزى نېمە قىلسا قىلمامدۇ؟! پۈكۈلۈق يەر دېگەنگە نېمە تېردسا، ئۆزد-
نىڭ ئىختىيارى!

سابىرنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، مۇشتلىرى تۈگۈلدى، پۈتۈن بەدىنى ساداقىتىن
چىقىدىغان ئوقيادەك تارتىشتى. شۇ تاپتا ئۇ، قاڭقىپ بېرىپ، بۇ زۇۋاندازلارنىڭ يۈ-
گەنسىز ئاغزىنى قان قىلىشقا، هاياسىز گەپلىرى ئۈچۈن تىلىنى سۇغۇرۇشقا تەييار
ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆتكەندىكىدەك ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يالغان - ياۋداق گەپ
توقۇغان تېرە سودىگىرى ئەمەس، بەلكى بۇلار ئايچېچەك توغرىسىدا رەسمىي ئوتتۇ-
رىغا چىققان ۋە چىقىۋاتقان ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەۋاتىدۇ، بابا قارا قاسىم يەتكۈز-
گەن گەپلەرنى هەر تەرەپتىن تولۇقلاپ، ئىسپاتلاۋاتىدۇ! بۇ هالدا، قانداقمۇ ئۇلارنىڭ
ئاغزىنى قان قىلىپ، تىلىنى سۇغۇرۇۋالغىلى بولىدۇ؟! ئەگەر ئۇ شۇ تاپتا، ئوت-
تۇرىغا سەكرەپ چۈشسە، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ سالاهىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ،
خالاس! هازىر ئۇ ئۆزىنى ئايچېچەكنىڭ ئېرى دېگەن نام بىلەن ئاتاشتىن قورقىدۇ،
نومۇس ۋە خورلۇق هېس قىلىدۇ!

سابىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، ئۇهسىنىپ ئولتۇرۇپ هاراق ئىچتى، ئۇ بۈگۈن
ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلدى، هاراقنى سۇ ئىچكەندەك
ئىچتى، شىركەيىپ بولدى، چىرايى قىزىرىپ، كۆزلىرى تېخىمۇ سۇرلۇك تۈس ئالدى!

ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا ئاشخانىدىن غالدا - غۇلدۇڭ مېڭىپ چىقتى،
بىردىنلا بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلدى، ئۇزۇن يىل غەمخانە بولغان بۇ ئاۋات ئۆتەڭ
ئۇنىڭ كۆزىگە يات، سوغۇق ۋە يېقىمسىز كۆرۈندى. ئۇ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى،
يول، پەقەت يوللا ئۇنىڭ دەردلىك كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغاندەك قىلاتتى. ماشىنا قاتتىق
گۈركىرەپ، سىلكىنىپ، تېز يۈرۈپ كەتتى.

هاراق ئاستا - ئاستا سابىرنىڭ بېشىغا كۆتۈرۈلدى، كۆڭلىمۇ سەسكەنگەندەك بول-
دى. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكى سەزگۈر، دىلى روشەن ئىدى. كۆز ئالدىدىن بىردەم ئاي-
چېچەك بىلەن يېڭى تونۇشقان چاغدىكى مۇهەببەتكە، ناخشىغا، خۇشاللىققا تولغان
غەمسىز، پاراغەتلىك چاغلار ئۆتتى؛ بىردەم تويدىن كېيىنكى ۋىسال لەززىتى بىلەن
مېهرى - ۋاپاغا تولغان قايناق، بەختىيار كۈنلىرى ئۆتتى!

شۇ چاغدا سابىرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە، هەر قېتىم سەپەرگە چىقىدىغان ۋاقىتتا ئاي-
چېچەك دۇتار بىلەن ئوقۇپ بېرىدىغان ئامراق ناخشىسى جاراڭلىغاندەك بولدى:

قەيەردە بول، قاچانلا كەل،
سېنى كۈتەرمەن!
ساڭا بولغان پاك سۆيگۈمنى،
ساقلاپ ئۆتەرمەن!

لېكىن بۇ شېرىن تەسىراتلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى تېزلا مۇزدەك سوغۇق، زەھەردەك ئاچچىق، زۇلمەتلىك تۈندەك كۆڭۈلسىز بىر سېزىم ئىگىلىۋالدى.

بۇ سېزىمنىڭ بىر تەرىپىدە، ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغان، جېنىنى قاقشىتىۋاتقان ۋاپاسىز ئايچېچەك، يەنە بىر تەرىپىدە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قىستىلىپ كىرىپ، بەختلىك بىر ئائىلىنى بۇزۇش ئۈچۈن زەھەرلىك قولىنى سوزغان، قارا كۆڭۈل ئەكرەم تۇراتتى. سابىر شۇ چاغدىلا، ئەكرەمنىڭ دوست قىياپىتىدە ئۆز يۈرىكىگە قول سالغانلىقىنى، ئايچېچەكنىڭمۇ ئۇنى «ئىككىنچى ئۇستازىم» دەپ يۈرۈپ، ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى!

سابىرنىڭ بوغۇزىغا يىغا قاپلاشتى، ئىچ - ئىچىنى تاتىلاپ، تومۇر - تومۇرلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان سوغۇق، ئاچچىق ياش كۆز چاناقلىرىنى توشقۇزۇپ، مەڭزىنى بويلاپ يەرگە دومىلىدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش بىلەن خىرەلەشتى، كۈچلۈك، ماھىر قوللىرى تىترەپ، رولنى باشقۇرالماي قالدى. ئۇ ئۆزىگە قارشى كېلىۋاتقان ماشىنىغا بەلگە بېرىش ئۈچۈن چىراغنى ئۆچۈردى - يۇ، لېكىن قايتا يېقىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. شامالدەك تېز كېلىۋاتقان ماشىنا 7 - 8 مېتىر ئېگىز قىيالىقتىن تۆۋەنگە دومىلىدى!...

سابىرنى بۇ خەتەرلىك قىيالىقتىن ماشىنا ئەمەس، بەلكى دەرد - ئەلەم، خورلۇق ۋە رەشىك ئازابى سۆرەپ چۈشۈپ كەتكەنىدى! ماشىنىنىڭ گۈلدۈرلەپ چۈشكەن ئاۋازى، تاشلارنىڭ شاراق - شۇرۇقى ۋە سابىرنىڭ ئاشۇ ئازابتا چىدىماي «ۋايجان!» دەپ تۈۋلىغان ئەنسىز ئاۋازى يىراقلارغا ئاڭلاندى. ئىككى تەرەپتىن كەلگەن ماشىنىلار چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ، سابىر دومىلىغان قىيالىقتا توختىدى!

## 5

ئايچېچەك تەستە ئاياغقا تۇردى، توققۇز كۈندىن بېرى جېنىنى قىينىغان روھىي قىسماقتىن ئاستا - ئاستا قۇتۇلۇپ، كۆز ئالدىدىكى رەھىمسىز رېئاللىققا بىرىنچى قېتىم بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ قارىدى. لېكىن ئۇ سەھنىگە چىقىپ، ناخشا ئېيتىشقا يەنىلا ئارىسالدى بولۇپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىن، ئۆيگە ئىلياس كەلدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئايچېچەككە مۇشۇ ئىش ئۈستىدە خىزمەت ئىشلەۋاتاتتى.

— قانداق، تەييار بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا، — بۈگۈن كەچتە سەھنىگە چىقمىسىڭىز بولمايدۇ، ئاممىنىڭ تەلىپى كۈچلۈك!

— ئىلياس ئاكا، مەن ... — ئايچېچەك يەرگە قاراپ لېۋىنى چىشلىدى، — قورقۇۋاتىمەن، سەھنىگە چىقىشنى ئويلىسىلا، يۈرىكىم سىلىپ كېتىدۇ!

— قورقماڭ، ئايچېچەك، نېمىدىن قورقىسىز؟ — دېدى ئىلياس ئۇنى يەنە ئىلھاملاندۇرۇپ، — ئېھتىمال، بېشىڭىزغا كەلگەن بەختسىزلىك سىزنى ئاشۇنداق يۈرەكئالدى قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بەختسىزلىك دېگەن شۇنداق بىر

مەخلۇقكى، ئۇ بىر تەرەپتىن، ئادەمنى ئازابلايدۇ، ۋەھىمىگە سالىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە، ئىرادىسىنىڭ، غەيرىتىنىڭ تاۋلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ! سىز ئەمدى بۇنداق تۈگۈلۈۋالماي، قەتئىي چامداپ، ئالدىڭىزغا مېڭىڭ! سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز، غۇرۇرىڭىز، شان - شۆھرىتىڭىز سەھنىدە! ئىشىنىمەنكى، سىزنىڭ قەلب يارىڭىز پەقەت تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشى بىلەنلا ساقىيىدۇ!

ئايچېچەك تۇيۇقسىز كەلگەن بىر غايىبانە كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن بۈگۈن كەچتە سەھنىگە چىقىش قارارىغا كەلدى، ئىلياسمۇ خۇشال بولدى!

ئايچېچەك كەچتە — شەھەر كوچىلىرىنىڭ چىراغلىرى ئەمدىلا يانغان ۋاقىتتا ئۆيىدىن چىقتى. شەھەرنىڭ كېچىلىك قاينام - تاشقىنلىق ھاياتى باشلانغانىدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر، ئايچېچەككە بۈگۈن كېچە ھەممە يەرنى مەيۈسلۈك، قاراڭغۇلۇق قاپلىۋالغاندەك سېزىلدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ ھېلىلا ساقىپ چۈشىدىغاندەك سۇس جىمىرلايتتى. ئايچېچەك بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۆرمەي سېغىنىپ قالغان شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ ماڭدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ ئاۋات، كۆركەم كوچىلارمۇ خۇددى ئۆمچەرگەندەك، خامۇش كۆرۈندى.

ئۇ ئەمدى ئايلىنىشنى توختاتتى، سائىتىگە قاراپ قويۇپ، ئۇدۇل ئۆمەك تەرەپكە قاراپ، تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى.

بۈگۈن زالدا ئادەم كۆپ ئىدى، بىرمۇ بوش ئورۇن كۆرۈنمەيتتى، ئۇستۇنكى قەۋەتمۇ لىق توشۇپ كەتكەنىدى.

ئايچېچەكنىڭ ناخشىسى ئىككىنچى نومۇردا ئېلان قىلىندى، ئېلانچىلىك پەردىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن «ھازىر تالانتلىق ياش ناخشىچى ئايچېچەك ...» دېيىشىگىلا، زالدا گۈلدۈراس چاۋاك كۆتۈرۈلدى.

قىزىل دۇخاۋا پەردە ئاستا ئېچىلدى، ئايچېچەك ئوڭ تەرەپتىن خۇددى مەيىن تاڭ شامىلىدەك لەرزان تەۋرىنىپ سەھنىگە چىقتى. ئۇ بۈگۈن، ئۆز ۋاقتىدا پارىژ سەھنىسىگە كىيىپ چىققان ئېسىل كىيىمىنى — ئويما ياقىلىق، ئاچ قىزىل رەڭلىك، پەش - ئېتەكلىرىگە ئالتۇن زەر تۇتتۇرۇلغان بەل پۇرمە كۆڭلەكنى كىيگەن ئىدى. ناۋاتتا پاتلانغاندەك يۇمشاق، پارقىراق چاچلىرى يەلكىسىدە دولقۇنلىنىپ تۇراتتى، تاماشىبىنلارغا مۇلايىم تىكىلگەن كۆزلىرى بىلەن ئاق، مەرمەردەك سۈزۈك يۈزلىرى بولسا، رەڭدار چىراغلارنىڭ نۇرىدا تېخىمۇ نۇرلىنىپ جۇلالىنىپ كەتكەنىدى.

بۈگۈن ئۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەل ۋە سالاپەتلىك كۆرۈندى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بېشىنى قىيغاچ ئېگىپ تۆۋەنگە — ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولغان تاماشىبىنلارغا چوڭقۇر ئىززەت - ئېكرام بىلەن سالام بەردى.

زالدا يېنىك، مۇڭلۇق مۇزىكا ساداسى ياڭرىدى، مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ، ئايچېچەكنىڭ لەرزان، نەپىس، ئەمما يارقىن ئاۋازى كۆتۈرۈلدى:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

خىيالىڭ بىر ئوتتۇر، مەن ئۇندا خەسمەن.
كۆيۈپ كۈل بولسام، رازىمەن ئانا.
ھاياتىم، ئىمانىم، تەندە جانىمسەن،
سەن بولغاچ تۇرىمەن مەردانە مانا!...

ناخشا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭ زالدا يەنە گۈلدۈراس چاۋاك ئاۋازى ياڭرىدى. لېكىن شۇ چاغدا ــ ھەممە ئادەم ئايچېچەكنىڭ ناخشىسىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ياڭراق، مۇڭلۇق، تاتلىق ئاۋازىدىن ھۇزۇرلىنىپ، مەستخۇش ئولتۇرغان چاغدا ــ كۈتۈلمىگەن، كۆڭۈلسىز بىر ئىش يۈز بەردى: كىمدۇر بىرى قاتتىق ئىسقىرتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن سەھنىگە قارىتىپ قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ شاپاقلىرى، ئالما ـ نەشپۈتنىڭ شۆپەكلىرى ئېتىلدى ۋە ئاللىكىملەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىراپ، چۇقان كۆتۈردى:

ــ بۇزۇق خوتۇننىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىمايمىز! سەھنىدىن چۈشسۇن!

ــ چۈشسۇن! ئۇنداق شەرمەندىنىڭ سەھنىگە چىقىش سالاھىيىتى يوق!

خۇددى ھۆل كېسەكتىن ئوت چىققاندەك بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش تاماشىبىنلارنى بىر مەھەل گاڭگىرىتىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ بەزىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيۈننىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغانلارنى ئەيىبلەپ كەتتى:

ــ يولداشلار، تەرتىپ بۇزغانلارنى قوغلاپ چىقىرايلى!

ــ بىز ناخشا ئاڭلايمىز، ئايچېچەك ناخشىسىنى ئېيتسۇن!

كىشىلەر ئۆرە ـ تۆپە بولۇپ كەتتى، سەھنىگە يەنە ھەرخىل ئەسكى ـ تۇسكى نەرسىلەر ئاندا ـ ساندا ئېتىلىشقا باشلىدى. زالدا بىر ـ بىرىنى ئەيىبلىگەن، تىللىغان، كۈلگەن ۋە ئىسقىرتقان ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ، بىسەقتۇرغىلى بولمايدىغان بىر خىل مالىمانچىلىق كېلىپ چىقتى!

ئايچېچەك سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ بايىلا گۈلدەك ئېچىلغان چىرايى ئۆڭۈپ، تاتىرىپ، كۆزلىرى ياشلانغانىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردىن كېلىۋاتقان ھەر ـ خىل سەت گەپلەر يەنە ئاڭلاندى، بەدىنىگە شاپاق ـ شالتاقلار چاپلاشتى.

چىراغچى گويا ئايچېچەكنىڭ كىرىپ كېتىشىگە بەلگە بەرگەندەك، سەھنىنىڭ چىرىغىنى خىرەلەشتۈردى، سەھنىنى بىر خىل كۆڭۈلسىز گۇگۇملۇق باستى، لېكىن ئايچېچەك تۇرغان ئورنىدىن قوزغالمىدى، ئۇنىڭ پۇتلىرى دىرىلدەپ، يۈرىكى ئېغىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن كۈچ ـ مادار كېتىۋاتاتتى. بىر چاغلاردا ئۇنىڭغا يۈكسەك شان ـ شۆھرەت، چەكسىز ئامەت ئاتا قىلغان بۇ سەھنە بۈگۈن ئۇنىڭغا تۈگىمەس ئاھانەت ۋە چوڭقۇر قايغۇ ـ ئەلەم بەخش ئەتكەنىدى!

ئۇ ھوشسىزلىنىپ، سەھنىدە يېتىپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا تۆۋەندىن كىمدۇر بىرىنىڭ: «ئايچېچەك ھايات ــ ئۇيغۇر ناخشىسى ھايات!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى خىرە ـ شىرە ئاڭلانغاندەك بولدى!

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئەخەت هاشىم

# سوداىگەر...

(هېكايە)

دۇنيانىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەن مۇرەك-
كەپ بولىدىكەن. مەن 1964 - يىلى
ئىدارە باشلىقىنىڭ تەرجىمانلىق ۋە كاتىپ-
لىقىنى قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مە-
لۇم بىر يېزىسىدا سوتسىيالىستىك
تەربىيە خىزمىتى بىلەن تۆت - بەش ئاي
تۇردۇم، مېنىڭ بۇ باشلىقىم يېزىدا ئۆزى
بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ بىر تالاي ئىش-
لارنى سادىر قىلىپ، خىزمەت گۇرۇپپىسى-
دىكى كادىرلارنىڭ يۈزىنى تۆكتى، دۇنيادا
ھېسابى ئېلىنمايدىغان ئىش بولمايدۇ،
ئەلۋەتتە. خىزمەت ئاياغلىشىپ ئىدارىگە
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باشلىقنىڭ
يېزىدىكى ئىشلىرى سۈرۈشتۈرۈلۈشكە باش-
لىدى. شۇ قاتاردا مەندىنمۇ سوراپ ئې-
نىقلىغىلى تۇردى. ھەي، ئۆزۈمدىنمۇ
ئۆتۈپ كېتىپ قاپتۇ. مەن ئاددىي بىر
تەرجىمان، باشلىقنىڭ ئىشلىرىنى نەدىن
بىلەي، دېگەن بولسامغۇ بوپتىكەن. بىرى
مېنى نېمىشقا بىلمەيسەن، دەپ سوراقىقا
تارتىپمۇ كەتمەس ئىدى. بىراق يەنىلا شۇ
ساددىلىقىمدىن يېزىدىكى چاغدا كۆرگەن،
ئاڭلىغان بەزى ئەھۋاللانى تەشكىلگە ئۆز
ئەينى ئېيتىپ بېرىپ ساپتىمەن. كېيىن
ئاڭلىسام، ئىش چىڭىغا چىقىپ، باشلىق
پارتىيە ئىچىدە ئۆزىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ-
تۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش
جازاسىمۇ بېرىلىپتۇ. «ئالەمنى سۇ بې-
سىپ كەتسە، ئۆردەكنىڭ قاپ بېلىگە
كەلمەپتۇ» دېگەن راست گەپكەن. باشلىق
دېگەن يەنىلا باشلىق - تە! ئۇنىڭ بۇرۇنقى
«ئۇلۇغ تۆھپىلىرى» ئالدىدا بۇ قانچى-
لىك ئىشلار دەيسىلەر؟

ئۇزۇنغا قالماي باشلىقنىڭ تەنقىد-
لەنگىنى، جازالانغىنى كىشلەرنىڭ ئېسىدىن
كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. باشلىق يەنىلا بۇرۇن-
قىدەكلا باشلىقلىقىنى قىلىپ، دەۋران
سۈرۈپ يۈرۈۋەردى. لېكىن مېنى نەس
باستى. «ئۇيناشماڭ ئەرباب بىلەن ئەرباب ئۇ-
رار ھەرباپ بىلەن»دېگەندەك ھېلىقى ئىشتىن
كېيىن ئۇ كىچىككىنە، ئەرزىمەس ئىشلارنى
باھانە قىلىپ، پەيتىنى تاپسىلا تازا كې-
لىشتۈرۈپ ئەدىبىمنى بېرىدىغان بولۇپ
قالغانىدى. بۇنى باشقا خىزمەتداشلىرىم
ئانچە سەزمىگەن بىلەن مەن سېزىپ، چۈ-
شىنىپ تۇراتتىم. ئۇ ھەر ئامال بىلەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەندىن ئۆچمەنى ئېلىشقا باشلىغانىدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي باشلىقنىڭ ئۇشۇقى ئال-
چۇ قوپتى، «تەلەيلىك يىگىتنىڭ يەڭگىسى ئال-
دىدا» دېگەندەك مېنى كۆزىدىن يوقىتالماي
تۇرغان باشلىققا نەقلا پۇرسەت كەلدى.
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن سەللا
ئىلگىرى ئىدارە-ئورگانلارنى ئىخچاملاش،
كادىر قىسقارتىشنىڭ كېپى چىقىپ قالدى.
كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيۇپ تۇراتتى.
دەل ئويلىغىنىمدەك بولدى — قىسقارتىل-
دىغان بىرىنچى نىشان مەن بولدۇم. شۇن-
داق قىلىپ ئىداردىن مېنى قىسقارتتى.
قىسقارتقاندىمۇ تېخى ئۆز يولى بىلەن،
چىرايلىقچە ئەمەس، بەلكى ئۇخلىسام
چۈشۈمگىمۇ كىرمەيدىغان تۆھمەتلەر چاپ-
لانغاندىن كېيىن كادىر بولۇش سالاھىيىتى-
نى يوقاتقان، دېگەن تاج كىيگۈزۈلۈپ
يېزىغا پالاندىم. ئۇشتۇمتۇت بېشىمغا كەل-
گەن بۇ كۈلپەتلەردىن ئۇنچىۋالا ئاھ،
ۋاھ قىلىپ ئۆزۈمنى يوقىتىپمۇ قويمىدىم.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتا-ئانامۇ يوق،
بالا-چاقاممۇ يوق بىر بويتاق تۇرسام،
يالىڭاياغ سۇدىن قورقامتى!
شۇنداق قىلىپ پالانغان يېزىغا
قاراپ راۋان بولدۇم. مەن ئىشنى سەل
چاغلىغانىكەنمەن. بىز ياشاۋاتقان بۇ جەم-
ئىيەتتە يېزىغا بېرىپ نوپۇسنى ئورنى-
تىپ دېھقان بولۇشمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش
ئەمەسكەن. مەن بارغان يېزىدىكى كىچىك
ئەمەلدارلار تونۇشتۇرۇش قەغىزىمنى كۆ-
رۈپلا: بىزگە ئادەم كېرەك ئەمەس، ئۆ-
زىمىزنىڭ ئادەملىرىگە ئىش تېپىپ بې-
رەلمەيۋاتساق، ساڭا ئوخشاش كۆتىدە
پۇقى بار، جازالىنىپ كەلگەن ئادەمنى
نېمە قىلاتتۇق، ئورۇنلاشتۇرالمايمىز. نا-
ھېيىگە بېرىپ ئورۇنلاشتۇرالمايدىكەن دې-
گىن، دەپ بىردەمدىلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى.
ئاندىن مېنى يېزىدىن گۇڭشېغا، گۇڭ-
شېدىن ناھىيىگە، ناھىيىدىن ۋىلايەتكە
ئىتتىرىپ، ئۈچ-تۆت ئايغىچە خۇددى
پوكزەكتەك ئۇياقتىن-بۇياققا ئىتتىرىپ،
راسا تېپىپ ئوينىدى. «خۇدا ئۇرغاننى
خۇدابەردىكام قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەن-
دەك نوپۇسىم تېخى بىر يەرگە ئورنىتىل-
ماي تۇرۇپلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»
نىڭ شىددەتلىك بورىنى كۆتۈرۈلۈپ
كەتتى. ئەمدى مېنىڭ ئىشىم بىلەن
كىمنىڭ كارى بولسۇن؟ يۇقىرىدىن بەر-
گەن تونۇشتۇرۇش، نوپۇس قەغەزلىرىم-
نى ئىچ يانچۇقىمغا مەھكەم سېلىپ،
كەلگەن يولۇم بىلەن يەنە ئاستا ئۈرۈم-
چىگە قايتىپ كەلدىم. لېكىن ئۈرۈمچى-
دىمۇ مېنىڭ ئەرزدادىمنى ئاڭلايدىغان
ئورۇن ياكى ئادەم چىقمىدى. «مەدەنى-
يەت زور ئىنقىلابى» دەك مۇنداق «مىس-
لى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ» ئىنقىلاب بولۇ-
ۋاتسا، مەندەك بىر چۈپۈرەندىنىڭ ئىشى
نېمىگە ئەرزىيتتى؟ ئاخىرى ئىگە-چاقىسىز،
يار-يۆلەكسىز كوچىدا قالدىم...
بىر مەزگىل قارا نوپۇس بولۇپ،
قەيەردە قورسىقىم تويسا شۇ يەردە ئىش-
لەپ جېنىمنى بېقىپ يۈردۈم. پۈتۈن
ئىدارە-جەمئىيەت، زاۋۇت-كارخانىلاردا
ئىش توختاپ، «ئىنقىلاب» يۇقىرى پەللى-
گە چىققانىدى. ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ
مەسلىھىتى بىلەن كېيىن بىرەر چاتاق
چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزلۈكىمدىن
ساقچى ئورگىنىغا بېرىپ، يېزىغا بېرىپ
نوپۇسىمنى ئورنىتالمىغانلىقىمنى، ئۇلارنىڭ
مەندەك ئادەمنى كېرەك قىلمايدىغانلىقىنى

غانلىقىنى، ئىلاجىسىز قايتىپ كەلگەنلىكىمنى ئېيتىپ قويدۇم ۋە مۇمكىن بولسا نوپۇسىمنى ئۈرۈمچىدىكە ئورنىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم، بىراق نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بار دەيسىلەر؟

— سېنى ئىدارەڭ خىزمەتتىن قىسقارتىپ ھەيدىۋەتكەن تۇرسا، بۇ يەردە يا ئۆيۈڭ، يا ئىگە بولىدىغان ئىش ئورنىڭ بولمىسا، نوپۇسىڭنى نەگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىلى بولىدۇ؟ — دېدى ساقچى باشلىقى مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

دەرۋەقە ئۇنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق ئىدى. لېكىن مېنىڭ نېمە ئامالىم بار؟ ئاخىرى مەنمۇ تەلەي سىناپ باقماقچى بولدۇم - دە، توقۇمنى قارنىغا ئېلىپ، چوڭ - چوڭ گەپ قىلىشقا باشلىدىم.

— ئىدارەمگە بارسام ئۇلار ئىگە بولمىسا، يېزىغا بارسام ئۇلار قوبۇل قىلمىسا، سىلەرگە كەلسەم سىلەر بۇنداق دېسەڭلار، ئەمدى قانداق قىلىمەن، ئېيتىڭا، زادى نەگە بارىمەن؟ نوپۇسىمنى نەگە ئورناتساڭلار ئورنىتىڭلار، ناۋادا شەرتىم تولغان بولسا قولغا ئېلىپ قاماپ قويساڭلارمۇ بولىدۇ، بۇ سىلەرنىڭ ئىشىڭلار. مەنمۇ بىر جۇڭگو پۇقراسى. بىر يەردە ماكان تۇتۇشۇم، ئىش قىلىشىم، تاماق يېيىشىم كېرەك! ياكى بولمىسا ئۆزۈڭلار مېنى يېزىغا باشلاپ ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلىڭلار.

بەزىدە قۇرۇق پوپوزا، جۇۋا تاراقلىتىشلارمۇ كارغا ياراپ قالىدىكەن. ئۇلار مېنى بىر نەچچە ئاي يالۋۇرتقۇزۇپ خېلى ئاۋارە قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى ئىنساپقا كېلىپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرىدىغان ۋاقىتلىق نوپۇستىن بىرنى ھەل قىلىپ بەردى - دە:

— قانۇنغا خىلاپ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماي، نەدىن ئىش تاپساڭ بىر يەردىن ئىش تېپىپ، جېنىڭنى جان ئېتىپ تۇر، كېيىنچە بىر گەپ بولار، — دېدى.

شۇ قالايمىقان، چاپ-چاپ كۈنلەردە تەقدىرىمنىڭ مۇشۇنچىلىك ھەل بولۇشى نېمىدىگەن چوڭ ئىش - ھە؟! خۇشال بولغىنىمدىن ئۇلارغا ئوتتۇز تەزىم قىلىپ رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتىم. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەندەك ئانچە-مۇنچە ئىش تېپىلىپ تۇردى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا-ئاستا ئۆزۈمگە ئوخشاش كوچىدا ئىش ئىزدەپ يۈرىدىغان ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتىم، قۇم تاشىدىم، كېسەك قۇيدۇم. ئاخىرى جاپالىق بولسىمۇ مۇقىم، كىرىمىمۇ يامان ئەمەسكەن، دەپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تاغلاردا شىبەن تاش كولىدىم. تاش كولايدىغانلارنىڭ تولىسى ماڭا ئوخشاشلا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالغان، چىقىش يولى تاپالمىغان دەردمەنلەر بولغاچقا، بىر-بىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنەتتۇق، بىر-بىرىمىزگە بەكمۇ كۆيۈنەتتۇق. ئالىمادىس بىرەرىمىز ئاغرىپ-تارتىپ قالساق ياكى تاسادىپىي بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ قالساق ھەممىمىز پايپېتەك بولۇشۇپ كېتىشەتتۇق ۋە قولىمىزدىن كېلىشىچە ھالىدىن خەۋەر ئالاتتۇق. بۇ خىل تۇغقانلارچە ھەمكارلىق بىزگە تۈگىمەس-پۈتمەس كۈچ-قۇدرەت، ئۈمىد بەخش ئېتەتتى. ئىشىمنىڭ ئېغىرلىقىدىن 40 ياشقا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىرمەي تۇرۇپلا 60 ياشلىق كىسەل ئادەمدەك مۈكچىيىپ قالغان بولساممۇ ھەر ھالدا قىلىۋاتقان ئىشىمدىن رازى ئىدىم. ئاغرىپ-تارتىپ قالماي ھەر كۈنى مىدىرلاپلا تۇرسام قورساقتىن غەم قىلمايتتىم. شۇڭا تاش كولاشنى قىش-ياز توختىماي ئىككى-ئۈچ يىل ئۇدا داۋام قىلدۇردۇم. بارا-بارا ھال كۈنىمىز سەل-پەل ئوڭشىلىپ قالغاندىن كېيىن ئۈچەيلەن بىرلىشىپ دۆڭ-كۆۋرۈكنىڭ ئارقىسىدىكى بىر كوچىدىن كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ كۆچۈپ كىرىۋالدۇق.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈچىمىزنىڭ ئىچىدىكى بىر ئاز گېپى ئۆتىدىغان ھەم ئاز-تولا ئىناۋىتى بار تەڭتۇشىمىز — خالىق جاپالىق تاش كولاشنى تاشلاپ، سودا-سېتىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ نەلەردىندۇر ئاياللارنىڭ باش ياغلىقى، پايپاق، باللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەرزان باھادا ئېلىپ كېلىپ قىممىتىگە ساتاتتى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە ماگىزىنلاردىكى مال ساتقۇچىلار بىلەن تونۇشۇۋاپتۇ ۋە ئۇلارغا ئاز-تولا نەپ بېرىدىكەن. ئۇلارمۇ ماگىزىنغا باھاسى چۈشۈرۈلگەن خېرىدارلىق ماللار چىققان ھامان ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىپ قويىدىكەن. بۇ نەرسىلەرنى خالىق چاققانلىق بىلەن توپلا ئېلىۋېلىپ، ئالدىرىماي پايدىسىغا ساتاتتى. ئۇ مۇشۇ خىل سودا بىلەن ئۆزىنى خېلى ئوڭشىۋالغانىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئارىمىزدىكى بىرەيلەن يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. ئەمدى ئۆيدە خالىق ئىككىمىزلا قالغانىدۇق. مەن يەنە تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاش كولىغىلى چىقىپ كېتەتتىم. كەچقۇرۇنلۇقى ھېرىپ-ئېچىپ ئارانلا قايتىپ كېلەتتىم. خالىقنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىدىغان بولسا كېرەك، ئانچە-مۇنچە يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ قوياتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا قاراپ:

— ئاداش ئابدۇللا، جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. بولدى، ئەمدى تاش كولاشنى قوي، مەن ساڭا سودا-سېتىقنى ئۆگىتەي. جاننى ئۇپراتماي ياشايدىغاننىڭ يولىنى قىلساڭ قانداق؟ — دېدى.

مەن چۆچۈگەندەك ئىتتىك ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قويدۇم. ئاغىنەمنىڭ مېنى ئۆمرۈمدە قىلىپ باقمىغان بۇ يېڭى كەسىپكە دالالەت قىلىۋاتقانلىقى مېنى ھەقىقەتەنمۇ مەڭدىتىپ قويغانىدى. راستىمنى ئېيتسام، بۇ ئىشنى قىلالىشىمغا زادىلا ئىشەنچىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قول ئىلكىمدە ھېچنېمەم يوق تۇرسا، نېمىنى دەسمايە سالىمەن؟ سودا قىلىش ئۈچۈن ئاز-تولا پۇل بولۇش كېرەك-تە! پۇل بار دېگەندىمۇ بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرۈش بىر گەپ. ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي ئازغىنە دەسمايىدىنمۇ ئايرىلىپ قالسام قانداق قىلىمەن؟ يەنە بىرى، بۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن جۈرئەت بولۇش كېرەك. ياق، بۇ مەندەك ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، خەتەرلىك ئىش. قالايمىقانچىلىق ئەۋجىگە چىققان مۇشۇ ئەنسىز كۈنلەردە بازار باشقۇرغۇچىلار، «قىزىل قوغدىغۇچى»لار ئەقەللىسى گازىر-پۇرچاق، بەش-ئون دانە تۇخۇم ساتقان ئۇششاق بالا، تۇل خوتۇنلارنىڭ ئاشۇ ئازغىنە نەرسىلىرىنى مۇسادىرە قىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى خالىغانچە قاماپ، جازالاپ

يۇرسە، مېنى بوش قويارمۇ؟ ياق، ئۆزۈك بىلگەن يولنى ئاتاڭغا ئېيتما، دېگەن گەپ بار. جاپا تارتساممۇ ئۆزۈم قىلالايدىغان ئىشنى قىلغىنىم تۈزۈك جۇمۇ!

— ھە، دېمەك ئىچىڭگە چۈشۈپلا كەتتىغۇ؟— خالىق ئاچچىق كۆك تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ تۇرۇپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— قۇشقاچ تۇتۇش ئۈچۈنمۇ بىر سىقىم تېرىقنى دەسمايە سالمىساڭ بولمايدۇ ئاداش. مېنىڭ تۇرغان-پۈتكىنىم مۇشۇ تۇرسا، نېمەمنى دەسمايە سېلىپ سودا قىلىمەن؟— مەن سودا قىلىشنى بىلمەيمەن دېيىشتىن ئىزا تارتىپ، قەستەن گەپنى ئەگىتىپ، شۇنداق دېدىم.

— ۋاي-ۋۇي... باياتىن بېرى خىيالغا چۆكۈپ كەتكىنىڭ مۇشۇ گەپمىدى؟— ئۇ كۈلدى ۋە تاماكىسىنى بىر نەچچە قېتىم پۇرقىرىتىۋېتىپ، ئالدىرىماي سۆزىنى داۋام قىلدى،— سېنىڭ ھېچنېمەڭنىڭ يوقلۇقىنى مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن، ئاۋۋال مەن تېپىپ كەلگەن نەرسىلەرنى سېتىپ بېرىسەن. كېيىنچە ئازراق پۇل دەسمايە سېلىپ بېرىمەن. پۇلنى سەن تاپمايسەن، سودا دېگەندە پۇلنى پۇل ئۆزى تاپىدۇ. دەرۋەقە ئىشنىڭ يولىنى بىلىۋالغۇچە بىر ئاز جاپا تارتىسەن، بىراق ئۇزۇنغا قالماي ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالىسەن. مەنمۇ قاراپ تۇرمايمەن، ئۆگىتىمەن-دە!

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت ئاداش، راستىمنى ئېيتسام بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيمەن، قورقىمەن.

— نېمىدىن قورقىسەن ئەخمەق؟— خالىق كۈلۈپ كەتتى،— بىلىپ قوي، جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم. تاشنىڭ ئاستىدا يانچىلىپ ئۆلۈپ تۈگىشىپ كەتمەكچىمۇسەن؟ ئەخمەقنىڭ ئەخمىقى ئىكەنسەن! ئېسىڭدە بولسۇن، مۇشۇ كۈندە ياۋاشلىق، سەممىيلىك، راستچىللىق دېگەن گەپلەر ھەرگىزمۇ ئاقمايدۇ، ئۇ كىتابلاردا يېزىلىدىغان، ئەمەلگە ئاشمايدىغان چىرايلىق گەپلەر. بىزدە «جېنىنى باققان باتۇر» دېگەن گەپ بارغۇ؟ تۈزۈكرەك كۈن كۆرەي، بىر نەچچە يىل بولسىمۇ ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرەي دېسەڭ يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق قىلىشتىن قورقما. گىزى كەلگەندە ئۇنىڭدىن يامانراقنىمۇ قىل. كۆرمىدىڭمۇ، ھازىر زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ بولۇۋاتىمىدۇ؟ توغرا، مەن سېنى يامان ئىش قىل دېمەكچى ئەمەسمەن. پەقەت مىسال ئۈچۈن دەۋاتىمەن. زامان بۇزۇلغان. ئادەمگەرچىلىك، ئەدەب-ئىنساپ يوقالغانىكەن، سەنمۇ ئادەمگەرچىلىكنى، ئەدەب-ئىنساپ دېگەنلەرنى چۆرۈۋەت. باشقىلارغا بوزەك بولماي ياشا دېمەكچىمەن. مەقسىتىمنى چۈشىنىۋاتامسەن؟ ئۆزۈك دائىم مەندە گۇناھ يوق ئىدى، ناھەقچىلىككە ئۇچرىدىم دەيسەنغۇ، شۇڭا باشقىلارنىمۇ ناھەقچىلىككە ئۇچرىتىشتىن قورقما! تاش يۈرەك، رەھىمسىز بول. بولمىسا سەن بىلەن بىزگە كۈن يوق ئاداش. «ھالال ئاش بولمىسا، ھارام يېمەي ئۆلەمدىمەن» دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالما!...

ئۇ ئۇزاق سۆزلىدى. مەن لام-جىم دېمەي ئۇنىڭ گەپلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلىدىم. بۇنىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق

گەپلەر ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقىنىمۇ راست. مېنى ئېغىر ئىشتىن قۇتۇلۇپ، جېنىمنى ئۇپراتماي كۈن كۆرسۇن دېمەكچى بولۇۋاتىدۇ. مەن بۇنى يۈزدە - يۈز چۈشىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن. بىراق مەندەك تولا زەربە يەپ يۈرەكسالدى بولۇپ قالغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ سايىسىدىنمۇ ئۈركۈيدىغان بولۇپ قالغان ئادەمدە ئۇنچىلىك باتۇرلۇق، جۈرئەت نىمە قىلسۇن؟ مەن ئۇنىڭ دېگىنىدەك ياشاي دېگەن بىلەنمۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، نىمە دېسەم بولار...

— گېپىڭ توغرا ئاداش، — دېدىم مەن بىر ھازادىن كېيىن، — مېنى جاپا تارتمىسۇن دەۋاتىسەن، دۇرۇس، سودا دېگەننى ئۆگىنىپ كەتكىلىمۇ بولار، لېكىن مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم باشقا. سەن ئوبدان بىلىسەن، بىز بولساق تاياقچىسىز، ئاجىز، ئورۇق ئادەملەر. «ئورۇق ئىنەك كارىزغا يېقىن» دەپ بالايىئاپەتكە ئۇچرىغىلى ئارانلا تۇرىمىز. بارغا شۈكرى قىلماي، بېشىمغا بىر بالا تېپىپ ئالارمەنمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن. ئالمادىس بازار باشقۇرغۇچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام قولدىكى نەرسىنىمۇ تارتتۇرۇپ قويغاندىن باشقا تېخى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاياق-توقماق يەپ تۈرمىدە ياتىدىغان گەپ، دېگىنە!

— ئۇزۇك گەپ قىلغىنا، مەن سېنى خېلى ئىش كۆرگەن نېمە دەپ يۈرسەم، تېخى پىشمىغان سويما ئىكەنسەنغۇ، راستىنلا توخۇ يۈرەك بىر نېمە ئىكەنسەن، — دېدى خالىق مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ، — شەرئەتنىڭ مىڭبىر پۈتىقى بار دېگەندەك سودا دېگەننىڭمۇ مىڭ تۈرلۈك يولى بار، بىر نەرسىلەرنى كوچىغا يېيىپ قويسا سودا قىلغان بولۇپ، بولمىسا سودا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق. بازار باشقۇرغۇچىلارنىڭ قولىغا چۈشمەيدىغان ھەر خىل ئۇسۇللارمۇ بار. مەسىلەن: ياغلىقتىن ئون-يىگىرمىنى قوينۇڭغا تىقىسەن. ماگىزىنلارنىڭ ئالدىدا، ئاۋات بازار بولىدىغان كوچىلاردا ئويناپ يۈرۈيسەن. خانىم-قىزلارغا ياكى يېزىدىن كەلگەن سەھرالىقلارغا ئۇچراپ قالساڭ، يېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ «ياغلىق لازىممۇ؟» دەپ ئاستا پىچىرلاپ قويىسەن ياكى ياغلىقنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ كۆرسىتىپ قويىسەن، باھادا كېلىشىپ قالساڭ ئادەم شالاڭ ئارقا كوچىلارغا كىرىپلا بېرىۋېتىپ كېتىۋېرىسەن، سېنى نەدىكى بازارباشقۇرغۇچى تۇتۇۋالاتتى؟

ئۇنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ شۇنچىلىك سەكپارە بولۇپ كېتىۋاتقىنىمۇ چوڭ ئىش. نېمانچە تىرەجەپ تۇرۇۋالىمەن؟ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن زۇۋانغا كەلدىم:

— «ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامغا يورغىلايتۇ» دەپتىكەن. بوپتۇ، مەنمۇ يورغىلاپ باقاي. قېنى، مەنمۇ بېلىمنى باغلاپ يۈرگەن ئەر بولغاندىكىن سىناپ باقمايمەنمۇ، يا قاينامدىن چىقار، يا سايرامدىن!

* *

شۇنداق قىلىپ ئاغىنەم خالىقنىڭ ھەۋەسى بىلەن تاش كولاشنى تاشلاپ، سودا-سېتىقنىڭ يولىغا كىردىم. باشتا ئىشىم خېلى ئەپلەشكەندەك قىلدى، خېلى پۇللۇقمۇ بولۇپ قالدىم، بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى ئارقا كوچىدا

بىر ئادەمگە بىر كويدىن ئالغان ئىككى يۈز ياغلىقنى ئىككى كويدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم. بازار باشقۇرغۇچىلار بىلەن «قىزىل قوغدىغۇچى»لار ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى - دە، شۇ يەردىلا قورشاپ تۇتۇۋالدى، ئىككى ئايغىچە قامىلىپ كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئېغىر ئەمگەككە سالغان بولسىمۇ مەيلىدى، بىراق تاياقنى كۆپ يەپ كەتتىم. ئۇ ئىسپلاسلار ئىچى پۇشۇپ قالسىمۇ، ئاچچىقى كېلىپ قالسىمۇ، قىلغىلى ئىش تاپالمىسىمۇ كالتەك، سىتەم قامچا بىلەن ئۇرۇپ ۋاي جېنىمىزنى چىقىراتتى. نەچچە قېتىم باش كۆزۈم يېرىلىپ كەتتى. ساق ئىككى ئايدىن ئاشقاندا «ئەمدى كاپىتالىزم يولىغا ماڭمايمەن» دەپ تۆۋەنامە يازدۇرۇپ ئاندىن قويۇپ بەردى. يەنە خالىق ھالىمدىن خەۋەر ئالدى. ئىككى ئاي جەريانىدا تاماقنىڭ ئورنىغا تاياقلا يەپ بەك ئاجىزلاپ كېتىپتىكەنمەن، بىرەر ئايغىچە ھېچ ئىش قىلالماي بىكار يۈردۈم. مېنى خالىق بىچارە غېمىڭ قىلالماي باقتى، لېكىن سودا دېگەن نەرسىدىن كۆڭلۈم قېلىۋاتاتتى. مۇشۇمۇ كۈنمۇ؟ — دەيتتىم بەزىدە ئۆزۈمچە خىيال قىلىپ يېتىپ، — سودا قىلدىم دەپ غەم - غۇسسە ئىچىدىلا ياشايدىكەنمەن، يا يېگىنىڭ، يا ئىچكىنىڭ، يا ئۇيقۇڭنىڭ تايىنى بولمىسا. مۇنداق تاپقان پۇلنىڭ نېمە راھىتى بولسۇن؟ مېنىڭ ئون بالام بارمىدى ياكى مەن بىر يەرگە ئالتۇندىن مۇنار ياساتماقچىمىدىم، ئۆزۈمنى نېمانچە قىينايمەن؟

كۆڭلۈم قېلىۋاتقان يەنە بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى، پايدىنى كۆزلەپ ئۆزۈڭگە ئوخشاش بىچارە - كەمبەغەل، ئاچ - ئۇرۇقلارنى بوزەكلا قىلىدىكەنسەن، كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەپ شىلىۋالىدىكەنسەن. بۇنداق قىلمىساڭ قانداق پايدا ئالالايسەن؟ يېزىدىن كەلگەن ئاشۇ بىچارە سەھرالىقلارنى ئالداپ بولۇپ، تۇرۇپلا ئۆزۈمنىڭمۇ ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ... «يىقىلساڭ تۆگىدىن يىقىل» دېگەن گەپ راست ئىكەن. بولساڭ دۆكا سودىگەر بولساڭ بولىدىكەن، زىيان تارتساڭمۇ ئورنىڭدىن تۇرالمايدىغان دەرىجىدە يىقىلىپ قالمايدىكەنسەن. ماڭا ئوخشاش ئازغىنە ياغلىق، پايپاق بىلەن سودا - سېتىق قىلىپ جان باقىدىغانلارغا ئەسلا كۈن يوقكەن، كېچە - كېچىلەپ ئۇخلىماي، قانداق قىلىپ بىر كوينى ئىككى كوي قىلىشنى ئويلاپ كاللاڭ ئۇماچ بولۇپ كېتىدىكەن... شۇنداق بولسىمۇ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا نىمجان قۇرتتەك لۆمشۈپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم.

بىر كۈنى قىلغان سودامنىڭ تۈزۈك مەسلىھەتى بولماي كەيپىم ئۇچۇپ ئۆيگە بالدۇرلا قايتىپ كەلگەنىدىم. خالىق ئارقامدىنلا پۇت - قولى يەرگە تەگمەي كىرىپ كەلدى.

— قولۇڭدا قانچىلىك نەق پۇل بار؟ — دېدى ئۇ تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا.

— تۆت - بەش يۈز كوي بار، نېمە قىلاتتىڭ؟

— پايپاقلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ بولدۇڭمۇ؟

— يەنە سېتىلمىغان بىر قىسمى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولسا پايدىنى ئازراق ئالساڭمۇ هازىرلا چىقىپ سېتىۋەت. بىر ئامال قىلىپ نەق پۇل تەييارلا، — دېدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ. ئەلپازىدىن نېمىگىدۇر بەكمۇ ئالدىراۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— نېمانچە ئۆپكەڭنى باسالماي قالدىڭ، زادى نېمە گەپ، تۇزۈك چۈشەندۈرسەڭچۇ! — دېدىم مەن تت - تت بولۇپ.

ئۇ چۈشەندۈردى. بايا ئۇ ماگىزىندىكى هېلىقى تونۇش مال ساتقۇچى ئايال بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئەسكىلاتتا ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان بېسىلىپ قالغان دۇخاۋا بار ئىكەن، ئەتە ئۇنىڭ باهاسىنى چۈشۈرۈپ، بىر كېيىملىكىنى 30 كوي ئەتراپىدا ساتماقچى بوپتۇ. بىراق هايانكەشلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بىر ئادەمگە كۆپ بەرمەيدىكەن، ماگىزىندىكى هېلىقى ئايال بىر ئامال قىلىپ، بىزگە كۆپرەك ئېلىپ بېرىدىغان بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئەتىسى خالىق بىر نەچچە توپ دۇخاۋىنى بىراقلا ئېلىۋالدى. مەن بار پۇلۇمنىڭ هەممىسىگە ئارانلا 10~15 كېيىملىك ئالدىم. خالىق دۇخاۋىلارنى هازىر ساتقان بىلەن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ، دەپ ئۆيىگە ئەكېلىپ بېسىپ قويدى. ماڭىمۇ ساتماي تۇرغىن دېدى. بىراق پۇلنى تۇتۇپ ياتسا بولمايدۇ - دە. ئامالسىز ئاز - ئازدىن ئېلىپ چىقىپ، بىر كېيىملىكنى 40 — 50 كويدىن سېتىپ تۇردۇم. پەرزىمچە بۇ خېلى ئوبدان پايدا قىلغان ئىدى.

بىر كۈنى ئۆيگە كىرسەم خالىق ئىككى ئادەم بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. بىرى دوغلاقچىنە كەلگەن، قارا ساقاللىق، يېشى چوڭراق ئادەم، يەنە بىرى ياشراق، ئېگىز بويلۇق، چىراي - شەكلى خالىققا ئوخشايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن دېهقان ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— تۇغقانلىرىم كېلىپ قالدى، — دېدى خالىق ۋە ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، — ماۋۇ كىشى مېنىڭ تاغام بولىدۇ، بۇياق بولسا بىر تۇغقان ئاكام بايا يېزىدىن كەپتۇ.

مەن ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئەهۋال سورىدىم:

— يېزىڭنىڭ ئەهۋالى قانداقراق ئاكىلار؟

— هەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئۇكام، — دېدى خالىقنىڭ تاغىسى ۋە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — دېهقان خەق دېگەن ئىشلەيدىكەنمىز، ئىشلەيدىكەنمىز، يىل ئاخىرىدا دارامەت ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قورساقتا قەرزدار بولۇپ قالىدىكەنمىز. ماۋۇ ئىنقىلابتىن بۇيان ئەهۋالىمىز تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى ئۇكام، قىسقىسى، بۈگۈنكى كۈندە دېهقانچىلىق بىلەن قورساق باققىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئانچە - مۇنچە قوشۇمچە ئوقەت قىلىشقا چۈشتۇق.

— بۇلار ئىلگىرىمۇ دېهقانچىلىقنىڭ بوش چاغلىرىدا ئانچە - مۇنچە سودا - سېتىق قىلىشاتتى. بىكار ماشىنا ئۇچراپ قېلىپ ئۈرۈمچىگە مال ئالغىلى كېلىشىپتۇ، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى

خالىق ماڭا قاراپ.

— بۇ شەھەرمۇ قالايمىقان ئىكەن، — دېدى ھېلىقى ئادەم، — بىزگە باشقا نەرسىمۇ كېرەك ئەمەس، دوخاۋا بولسا ئالىمىز، بولمىسا توي - پويغا كېرەكلىك رەختلەردىن ئاز - تولا ئالساق ئىشىمىز پۈتىدۇ.

— ھازىر ئۈرۈمچىدىن دوخاۋا تاپالمايسىلەر تاغا، تاپالىغان تەقدىردىمۇ باھاسى ناھايىتى قىممەت، — دېدى خالىق ئۇلارنى قورقۇتۇپ.

— سىلەرنى پاناھ تارتىپ كەلدۇق ئۇكام، سىلەر بولغاندىكىن ئامالىنى قىلارسىلەر؟

— خوپ، مەن تېپىپ بېرەي، — دېدى خالىق ۋە ماڭا قاراپ كۆزىنى يۇمۇچلاپ قويۇپ سورىدى، — بىر كېيىملىكنى نەچچە پۇلدىن ئالىسىلەر؟

— ئاۋۋال تاپساڭ، كۆرۈپ بېقىپ بىر نېمە دېمەمدۇق ياكى ئۆزۈڭنىڭ ئېلىپ قويغىنى بارمىدى؟

— بارلىقى بار، لېكىن ئاۋۋال باھاسىنى كېلىشەيلى، — دەپ چىڭ تۇردى خالىق.

خالىقنىڭ تاغىسى بىلەن ئاكىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. بىر ھازادىن كېيىن تاغىسى گەپ باشلىدى:

— ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك دوخاۋا بولسا بىر كېيىملىكىنى 40 كويدىن ئالارمىز.

— ھىم، — دېدى خالىق پېشىنى قېقىپ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سىلەر دوخاۋا ئالماڭلار دېگىنىچە ماتا ئېلىڭلار، ماتا!

— بولدى، بولدى، چېقىشىپ قويدۇق، — دېدى خالىقنىڭ ئاكىسى كۈلۈپ كېتىپ، — بولدى شالتاي - پالتاي گەپنى قويايلى، سەندە بارمۇ زادى، نەچچىدىن بېرىسەن، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلغىنا!

— خۇداغا ئىشەنسەڭلار، ئۆزۈم بىر كېيىملىكىنى 70 كويدىن ئالغان، يالغان گەپ قىلغان بولسام مانا ئالدىڭلاردا نان تۇرۇپتۇ. سىلەر ماڭا بەش كويدىن پايدا بېرىپ، بىر كېيىملىكىنى 75 كويدىن ئېلىپ كېتىۋېرىڭلار، بوپتۇ تۇغقاندارچىلىقنىڭ يۈزى ھەم سىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىم بولۇپ قالسۇن.

مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. چۆچۈپ كېتىپ ئىتتىك خالىققا قارىدىم. ئۇ ماڭا گەپ قىلماي جىم ئولتۇر، دېگەندەك قىلىپ كۆز يۇمۇچلاپ قويدى. تۇۋا، — دەيتتىم ئىچىمدە، — قورقماي خۇدانى، ناننى شېپى كەلتۈرۈپ، قەسەم ئىچىۋاتىدىيا؟ ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنىغا مۇشۇنداق قىلىۋاتقان يەردە ياتلار بولسا ئىش بار ئىكەن - دە! ھەي... مەن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيدىكەنمەن. سودا دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، جۇمۇ!

— بەك قىممەتكەن ئۇكام، — دېدى تاغىسى بېشىنى چايقاپ.

— ھەي تاغا، بىر كېيىملىكنى 75 كويدىن ئال دېسەم قىممەت دەۋاتامسەن؟ ساڭا بىكارغا بەرسەم بولامتى ئەمەسمە؟ مەن سىلەرنى ئوبدان بىلىمەن. مەندىن 75 كويدىن ئالغىنىڭلار بىلەن يېزىغا ئېلىپ بېرىپ ئاز دېگەندە 110 — 120 كويدىن ساتىسىلەر، قېنى گېپىڭ يالغان دەپ بېقىڭلار!

www.uyghurkitap.com

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى. خالىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتتى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بۇلۇڭدىكى تاغارلارنىڭ بىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئالما ئۆرۈكى رەڭلىك دۇخاۋىدىن بىر توپنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— قېنى كۆزۈڭلار بولسا كۆرۈپ بېقىڭلار، مال تونۇمسىلەر — قانداق؟

ئۇلار دۇخاۋىنى تۇتۇپ كۆرۈپ ئۆز ئارا پىچىرلاشقاندىن كېيىن:

— بوپتۇ، بىزدىن پايدا ئالسەڭ دېمەي ئۆزۈڭ ئالغان باھادا بەرگەن، قانداق؟ — دېيىشتى.

بەردەملىك تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن ئۇلار ئۈچ كويىدىن پايدا بېرىپ بىر كېيىملىكنى 73 كويىدىن ئالىدىغان بولۇشتى. شۇنداق قىلىپ خالىق بىر نەچچە توپ دۇخاۋىنى ئۇلارغا ساتتى. ئۇلار كوچىنى ئايلىنىپ كىرەيلى دەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خالىق مەندىن سورىدى:

— سەندە نەچچە كېيىملىك بار، تەييارلاپ قوي، ئۇنىمۇ بېرىۋېتەيلى.

— مەندە كۆپ يوق. 3 ـ 4 كېيىملىكلا قالغان، — دېدىم مەن.

— ھەممىنى سېتىپ بوپتىكەنسەن ـ دە، نەچچە كويىدىن ساتقانىدىڭ؟

— 40 ـ 42 كويىدىن.

— ھۇ، ئەخمەق شۇنچە ئالدىراپ سېتىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

— 30 كويىدىن ئالغان نەرسىنى 42 كويىدىن ساتسام يەنە مەن ئەخمەقمۇ؟

— ئالدىرىمىغان بولساڭ، ماڭا ئوخشاش 73 كويىدىن ساتاتتىڭ ـ دە!

— خالىق ئاداش، مەن سېنىڭدەك سودا قىلىشقا راستىنلا ھەيران قېلىۋاۋاتىمەن، — دېدىم.

— نېمىگە ھەيران قالدىڭ؟ — ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى.

— كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ دەۋېرەي. سەندە راستىنلا ئىنساپ دېگەن نەرسە يوقكەن. قاراپ تۇرۇپلا ئۆزۈڭنىڭ تۇغقانلىرىنى ئالدىدىڭ...

— ھا ـ ھا ـ ھا... سودا دېگەن شۇنداق بولىدۇ ئەخمەق. ئۇلارنى مەن ئالدايمەن. ئۇلار بېرىپ يېزىدىكى بىچارىلەرنى ئالدايدۇ. بىر ـ بىرىنى ئالدىمىسا قانداق سودا بولىدۇ، ئادەملەر قانداق جان باقىدۇ؟

— شۇنداقتىمۇ ئۆز ئاكاڭ، تاغاڭ ـ دە!

— دېدىمغۇ، سودا دېگەندە تۇغقان ـ پۇقان، ھەتتا ئاتا ـ ئانىغىمۇ قارىمايدىغان گەپ، بولمىسا پايدا ئالغىلى بولمايدۇ!

مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، سودا دېگەندىن راستىنلا كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى. بىر نەچچە ئاي ئۆتتى. سودىنى بويىنۇمدىن باغلىغاندەك ئىلاجىسىزلىقتىن قىلىپ يۈرەتتىم، ئۇشتۇمتۇت باشقا ئىش تېپىلىپ قالدى.

— بىرىنىڭ شىبەن تاش توشۇيدىغان ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان بولدۇم خالىق، — دېدىم بىر كۈنى ئۇيىگە كىرىپلا، — بىر ھارۋا توشۇسام بەش كويىدىن پۇل بېرىدىغان بولدى. بىر كۈندە ھېچ بولمىغاندا 4 ـ 5 ھارۋا توشۇسام 20 — 25 كوي تاپارمەن.

— يەنە جاپا ئىشقا بېكىپسەن ـ دە؟

— «قايناق سۇ ئىچ، كۆكلۈك ئىچ» دەپتىكەن. جاپا ئىش بولسىمۇ ھالال ئىش ھەم خاتىرجەمرەك، سودا قىلغىنىمدىن ياخشىراقمىكىن دەيمەن.

— بوپتۇ، ئىختىيارىڭ، راست گەپنى قىلغاندا سەن سودا دېگەننى چۈشەنمەيدىكەنسەن، ئاۋارە بولمىساڭمۇ بولغۇدەك.

* *

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلدى. ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلىشىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ناھەق جازالانغانلىقىم ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەرز سۇنغانىدىم. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئىشلىرىم ھەل بولۇپ، ئەسلى ئىدارەمگە قايتا خىزمەتكە ئېلىندىم. ئون يىلغا يېقىن تۇتۇپ قېلىنغان مائاشىمنى تولۇق بەردى. 15 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى بانكىغا سېلىپ قويۇپ خىزمىتىمنى قىلىشقا باشلىدىم.

خالىقمۇ قالتىس باي بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ خىزمىتىمۇ ئەسلىگە كېلەتتى، لېكىن ئۇ خىزمەت قىلىشنى خالىمىدى بولغاي، داۋاملىق گۇاڭجۇ، شاڭخەيلەرگە قاتناپ سودىسىنى قىلىۋەردى. ئۇنىڭ بىلەن بەزى - بەزىدە ئۇچرىشىپ قالىسام ئادەتتە ئۇنى ئانچە كۆپ كۆرمەيتتىم. بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى كوچىدا سەيلە قىلىپ ئاستا كېتىپ باراتتىم، كەينىمدىن كەلگەن بىر تاكسى ماڭا سۈركىلىپ دېگۈدەك چەپپىدە توختىدى. مەن ئاچچىقىم بىلەن ماشىنىغا ئىتتىك قارىغانىدىم، ماشىنىدىن پۈزۈر كىيىنگەن، قىسقا كالتە بۇرۇت قويۇۋالغان خالىق چۈشتى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ھە، كادىر، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئاڭلىدىم، خىزمىتىڭ ھەل بوپتۇ. ھەر ھالدا خېلى خاتىرجەم بولۇپ قاپسەن، — دېدى مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ.

— بۇمۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئادىللىقى ئاداش. خىزمىتىم ھەل بولۇپ راستىنلا خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. ھە، ئۆزۈڭچۇ؟

— مەن يەنىلا سودا بىلەن ئالدىراش، — دېدى ئۇ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ.

— سېنى بەك بېيىپ كەتتى دەپ ئاڭلىدىم. راستىمۇ؟ — مەن چاقچاق ئارىلاش سورىدىم.

— ئانچە ئەمەس، لېكىن ھەر ھالدا باي بولۇپ قالدىم. قارىغاندا سودا قىلىشنى بىلىدىكەنمەن. ھازىر قول ئاستىمدا 10 — 20 دەك ئادەم ئىشلەيدۇ، مەن مالنى تەييار قىلىپ بېرىمەن. كۆڭلۈم ناھايىتى ياخشى.

— ۋاھ، قالتىس ئىكەنسەن! ھەر ھالدا قانۇننىڭ ئىچىدە ھەرىكەت قىل جۇمۇ!

— كادىر بولۇۋېلىپلا ماڭا تەربىيە بەرگىلى تۇردۇڭمۇ نېمە؟ — ئۇ چاقچاق قىلىپ كۈلدى. ئاندىن ئۇشتۇمتۇت ئالدىراپ سورىدى، — راست، ئۇنتۇپ قالغىلى قىل قاپتىمەن. ئېيتقىنا، ھازىر مائاشىڭ قانچە؟

— 250 يۈەن ئەتراپىدا.

ئۇ ياراتمىغاندەك ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، ھىم دەپ قويدى. ئاندىن مۇرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مائاشىڭ بەكمۇ ئاز ئىكەن. مۇنداق قىلايلى، ماڭا ھازىر ھېسابات ئىشلىرىنى قىلىدىغان كاتىپتىن بىرى لازىم بولۇۋاتىدۇ، كادىرلىقىڭنى تاشلاپ ماڭا كەل. مەن ئايلىقىڭغا 350 يۈەن بېرەي، قانداق؟ — دېدى.

خۇدا ساقلىسۇن. 350 يۈەن مائاش بېرىدىكەن دەپ يەنە سودىنىڭ يولىغا كىرمەي جۇمۇ! ھۆكۈمەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىردۋاتقان مائاشى ماڭا يېتىپ ئاشىدۇ...

— خاپا بولما، — دېدىم بىر ئاز ئويلىنىپ، — بىلىسەنغۇ، مەن سودا قىلىشنى بىلمەيمەن. ساڭا ياخشى ئىشلەپ بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن. ياخشىسى باشقا ئادەم تاپقىن.

— بوپتۇ، تۆگەپمۇ كەتمەيدىغان، ئېشىپ-تېشىپمۇ كەتمەيدىغان داشقازاننىڭ تامىقىنى يەي دەپسەن-دە، ئىختىيارىڭ.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت خالىقنىڭ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى ھەم ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. ئۇ ماڭا ئېغىر كۈنلەردە كۆپ ياخشىلىق قىلغان ئەمەسمۇ؟ تونۇشلىرىمدىن سۈرۈشتۈرۈپ، ھازىر ئۇنىڭ مەلۇم بىر تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقىنى، ئۈچ يىل كېسىلگەنلىكىنى، ھەر ئاينىڭ ئاخىرقى يەكشەنبىسى چىقسا كۆرۈشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم.

مەن كۈتكەن يەكشەنبىمۇ كەلدى. بىر مۇنچە سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ ئەتىگەندىلا چىقتىم. قاراۋۇللار ئۇنى چاقىرىپ بەردى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا:

— ۋاھ، بارمۇ سەن كادىر، مېنى ئۇنتۇپ قالماپسەن-دە؟ دېگەنبىلەن ئاغىنىدارچىلىقتا يارايسەن جۇمۇ! — دەپ چاقچاق قىلدى.

بىز ھويلىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق، روھىي ھالىتىدىن، رەڭگى-روھىدىن ئۇ زادىلا تۈرمىدە ياتقاندەك كۆرۈنمەيتتى.

— نېمە جىنايەت بىلەن كىرىپ قالدىڭ؟ — دېدىم مەن.

— باج تاپشۇرمىدىڭ دېدى. مۇھىم ئەتكەس ماللار — زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن تۇتۇلۇپ قالدىم.

— مەن ساڭا قانۇننىڭ ئىچىدە ھەرىكەت قىل دېمىگەنمىدىم. بوپتۇ، ئەمدى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن سودىنى تاشلاپ باشقا ئىش قىلارسەن.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ تۈرمىدىن چىقىپلا يەنە سودامنى قىلىمەن.

— ھەممە نېمەڭنى مۇسادىرە قىلىپ بولغان تۇرسا، نېمەڭ بىلەن سودا قىلىسەن؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— سەن راستىنلا سودىنى چۈشەنمەيدىكەنسەن، — دېدى خالىق كۈلۈپ كېتىپ، — مۇسادىرە قىلىدىغىنىنى قىلدى، نۇرغۇن جەرىمانە تۆلىدىم. قارىماققا مەن ھەممە پۇلۇمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك تۇرغان بىلەن يەنە نۇرغۇن پۇلۇم خەقنىڭ قولىدا ئامانەتتە ئەمەسمۇ! تۈرمىدىن چىققاملا پۇل دېگەن تەييار. يەنە ئىشلىرىمنى بۇرۇنقىدەكلا يۈرۈشتۈرۈپ كېتىمەن، چاتاق يوق!

— راستىنلا يامان نېمىكەنسەن! نېمە لازىم بولسا دېگىن. مەن ئەمدى ھەر ئايدا چىقىپ سېنى يوقلاپ تۇرىمەن.

— ياق، ئاۋارە بولما. ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپ، پۇلۇم بولغاچقا تۈرمىدىمۇ بەگزادىدەك تۇرىۋاتىمەن.

ئۇنىڭ بىلەن خېلىغىچە پاراڭلىشىپ ئاندىن خوشلاشتىم. قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت خالىقنىڭ ھېلىقى چاغدا ئاكىسىنى، تاغىسىنى ئالدىغىنى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئىختىيارسىز ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم: «مەن سودىنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەنمەن. ئۇ ھەقىقەتەن سىرلىق ئىش ئىكەن ...»

بولدىلا، بۇلارنى ئويلاپ نېمە قىلاي، سودىنى سودا قىلىشنى بىلىدىغانلار قىلسۇن. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ كادىرلىقىمنى قىلاي...

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

ئەزىم ناسىر

# ئۆمۈر لەرزىكلىرى

1

تەنھا تاشلاپ خىياللار ئارا،
قاياقلارغا قاچتىڭ ئەي شامال؟
يۈرىكىمنى قىلدىڭغۇ يارا،
ماڭا ئەجەب بولدىغۇ ئۇۋال.

ئويغاتساڭ مېنى ئۇيقۇدىن،
دېرىزەمنى چېكىپ ھەر سەھەر.
مەست بولسام گۈزەل تۇيغۇدىن،
ھۇزۇرلىنىپ قەلبىم شۇ مەھەل.

ئۆتكىنىدە يۈزۈمنى سىپاپ،
ئاق بۇلۇتتەك يۇمشاق قوللىرىڭ.
تۇغۇلىدۇ سۆيگۈ بىھېساپ،
تاراپ كېتەر قەلبىمدىكى مۇڭ.

2

تۇغۇپ بەرگىن ماڭا بىر قۇياش،
كەلگىن يەنە دېرىزەمنى چەك.
دەريالارنى مەن ئېتەي باغاش،
سۆزلەپ بەرگىن ساماۋى چۆچەك.

ھېس قىلدۇرغىن ھاياتنى قايتا،
يۈرىكىمنى سوقۇشقا ئۈندەپ.
مەنزىللىرىم تۇرار يىراقتا،
تاغلار ياتار بېشىمنى چۆمكەپ.

چۈشلىرىمنى بۇزغىن بىتاقەت،
ئويغات مېنى شېرىن ئۇيقۇدىن.
بېغىشلىغىن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت،
ھوزۇرلىناي گۈزەل تۇيغۇدىن.

3

جاۋاب بەرگىن ماڭا ئەي شامال،
مەن نېمەمنى قويدۇم يىتتۈرۈپ؟!
يۈرىكىمنى كېزەر بىر سوئال،
گاھ يىغلىتىپ گاھى كۈلدۈرۈپ.

قېنى مېنىڭ ئاق چاچلىق مومام،
ماڭا چۆچەك سۆزلەپ ھارمىغان؟
قېنى مېنىڭ سۆيۈملۈك بوۋام،
پېشانەمگە سۆيۈپ، ئاسرىغان؟

قېنى ئوماق كېپىنەكلەرنىڭ،
گۈلدىن گۈلگە قونۇپ ئوينىشى؟
قېنى بوستان سېكىلەكلەرنىڭ،
داللاردا سەكرەپ يايرىشى؟

www.uyghurkitap.com

ياپراقلاردا قالدى ئۇنتۇلۇپ،
شەبنەم كەبى سىزۇك كۆز يېشىم.
يىراقلاردا قالدى سىر بولۇپ،
چۈشتەك غۇۋا گۈزەل ئۆتمۈشۈم.

4

يىراقلاردا قالدى باللىق،
شۇنچىلىك پاك ـ غۇبارسىز چېغىم.
قۇشلار ناۋا قىلغان خۇمارلىق،
چىمەنلەرگە تولغان گۈل بېغىم.

بەك يىراقتا قالدى ئۇيقۇلۇق،
بوتىلاقتەك يۈرگەن سايلىرىم.
كېتىپ قالدى ئەجەپ قايغۇلۇق،
ماڭا ئامراق تۇلۇن ئايلىرىم.

لەگلەكىمنى ئۇچۇرغان شامال،
ئۇرمىنىمدا يۈرۈپتۇ تۈنەپ.
تاشلاپ بېرىپ گۈزەل بىر خىيال،
يۈرىكىمنى چەكتىمغۇ ئەجەپ،

5

كۆتۈرۈلسە لەگلەك ھاۋاغا،
ھاياجاندا ئويناپدۇ يۈرەك.
چۈشكەن كەبى بۇلبۇل ناۋاغا،
قىزىلگۈللەر ئاچقاندا پورەك.

قارشىسىغا سەلكىن شامالنىڭ،
غولاچ يېيىپ ماڭغان سەبىيلىك.
چاچ ساقلىلى ئاقارغان چالنىڭ،
ئەسلىمىسى بولار مەڭگۈلۈك.

ئاھ شامالالار، ئويناق شامالالار،
چۈشلىرىمنى كەتمە ئۇچۇرۇپ.
خۇشال بولسۇن بىچارە چاللار،
باللىقنى بەرگەن قايتۇرۇپ.

6

كۆلەڭگەمنى تالاشقان ئۇيۇق،
ئۇزاتماقتا قۇياشنى ھارغىن.
تولۇن ئاينىڭ چېھرىمۇ تۇتۇق،
كېزىپ يۈرەر تاغلارنى سالقىن.

ئەجەب ئەكەن بىزنىڭ بۇ دۇنيا،
قايغۇ بىلەن شادلىق قوشكېزەك.
بىر چاغدىكى قول يەتمەس بەرنا،
قورۇقلارنى قىلمىپتۇ بېزەك.

ئۇچۇپ چىقىپ ئۆمۈر ئوقلىرى،
مەنزىلىگە قاپتۇ قادىلىپ.
تۈنۈگۈندىكى گۈل ياپراقلىرى،
بۈگۈن مانا قاپتۇ سارغىيىپ.

7

ياردىلىشتىن قۇدرەتلىك ئىنسان،
ئەجەللەرگە نىچۈن ئامالسىز؟
چاقىرغاندا ئەزرائىل شۇئان،
قولنى باغلاپ تۇرىدۇ ھالسىز.

پايانى يوق مۇساپىلارنى،
ئىككى پۇتتا باسار ھايالسىز.
بەزىلىرى يالماپ دۇنيانى،
بەزىلىرى ياشار تەمەسىز.

بەزىلىرى ئەيش ـ ئىشرەتتە
بەزىلىرى ئۆتەر ماكانسىز،
بەزىلىرى كېتەر ھەسرەتتە،
بەزىلىرى كېتەر ئارمانسىز...

مەھەممەتجان ئەھەت

# ياشايمىز، بۇ يەردە ھۆپپىدە باھار

**بەزلىمەيلا قوي**

كېلەلمەس ھېچكىممۇ ئالەمگە تەكرار،
بەس، مېنى خاتىرجەم ياشىماققا قوي.
قايغۇمنى بۆلۈشمەك يوقلا گەپ زىنھار،
خۇشلۇقۇم بار بولسا بولسۇن ساڭا توي.

ئۇيقۇسىز ئايغىمۇ سوغ تەگدىم نەچچە،
نەۋاچى تۈشەكنى ۋايساتتىم تالاي.
تۈن بويى ئىسەدەپ تاڭغا يۆلەنسەم،
ئويغاتتى قۇياشىم قۇچاقلاپ ئايھاي.

چارچىدى ئۆكسۈشلەر، بەزلىمەيلا قوي،
ساددا بىر گۆدەكتەك ياش تۆكەر دېمە.
يادلىما تېرىسى ۋال - ۋۇل قەسەمنى،
سۆزى يىرق كۆللەردە ئۈزەلمەس كېمە.

ئازابلىق كەچمىشنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ
لەپىلدەپ كەلگىنى دېرىزەم قاپلاپ.
چاڭ باستى سەن كۈلگەن چاغلارنى بىلسەم،
سۆرەنلىك يىللارنى قويغان مەن قاتلاپ.

**سەن مېنى ئۇ كىم دەپ سورىساڭ ئەگەر...**

سەن مېنى ئۇ كىم دەپ سورىساڭ ئەگەر،
بىلگۈم يوق سەن كىمسەن مېنىڭمۇ ئەسلا.

ياشايمىز، بۇ يەردە ھۆپپىدە باھار،
زىمىستان بولغاندۇر ھارغىنچە يايراپ.

زەن قويساڭ ئالەمنىڭ بارچە قۇشلىرى
يېقىملىق ئاۋازدا بېرىدۇ سايراپ.

نەدىندۇر قىنىغا سىغماستىن سۇلار
كەلمەكتە زېمىنغا كۈلكە بېغىشلاپ،
كىملەردۇر كەتكەن قىش ھەققىدە تىنماي
قوشاقلار تىزماقتا غارلاردىن سوراپ.

مەن يەنە كېلىمەن، چېچەكلەر كەبى
كەتمەسكە ئازغىنا ھىدىمنى تاشلاپ.
مەن يەنە كېلىمەن قوپال تاشلاردەك
ياتماسقا ئەسىرلەپ سايدا يانپاشلاپ.

سەن مېنى ئۇكىم دەپ سورىساڭ ئەگەر،
بىلگۈم يوق سەن كىمسەن مېنىڭمۇ ئەسلا.

سەن مېھىر ئىزدىگەن چاققاق قىشتىكى
ئۇ سوغاق سۆيۈشلەر يوقالدى شۇنداق.
كۆز تىكسەڭ يەلپۈنەر يېشىل دېڭىزدەك
نۇرلارغا چۆمۈلگەن پايانسىز ئوتلاق.

كۈيلىشىم قۇشلاردەك چۈچۈك ۋە يەڭگىل،
چىرايلىق پەرلەردەك ئۇچار پارقىراپ.
پەرۋازىم چىلانسا دېڭىزغا، لېكىن
يۈرمەيمەن قۇشلاردەك قۇياشقا قاقلاپ.

تىكەندەك يامىشار تاپانغا يوللار،
بىلمەيمەن شامالار كۈيلەيدۇ قانداق؟
ئۇ لېكىن پەپىلەپ ئۆتەر ھەممىنى
مۇڭلۇق بىر ناخشىغا ئىسقىرتىپ ئۇزاق.

ئوخشاشلا بوغۇزۇمدا غىڭشىيمەن، كۆككە
چىقالماي قۇشلاردەك ئەركىن ۋىچىرلاپ.
كىمگەدۇر ئەگىشىپ خازانلار سۇپەت،
ماڭىمەن ئۈنچىقماي ئاستا شىپىرلاپ.

بۇلۇتلار ئۈزۈشەر بوشلۇقتا سىغماي،
بولغاندەك ئاستىن ۋە ئۈستۈن يەر جاھان.

سەنمىغۇ كېلسەن ئۈممىدلەر ئېلىپ،
ئەپلەدەپ چۈش كەبى كۈلۈپ شادىمان.

سەن مېنى تونۇساڭ يېقىنلار سۇپەت،
بىلگۈم يوق باشقىنى بىر سەندىن بۆلەك.
كۆرگۈم يوق باھارنى، چېچەكنى، تاڭنى،
چىندىسا مۇبادا بۇلارغا يۈرەك.

## كەلدى قۇياش كۈلگىنىچە سايەڭنى باشلاپ

تىترەر قۇشلار چۆچۈپ تاڭنىڭ ياقۇت يۈزىدىن،
سېيپاپ ئۆتتى سۇ يۈزىنى يېنىكلا بىر يەل.
ئېرىپ كەتكەن ئالۇچىدەك ئۇپۇقنىڭ لېۋى
تۈزۈپ كەتكەن قىزىلگۈلگە ئوخشار بەك گۈزەل.

يۇمران لەۋلەر ئۆپۈۋالدى ھەممىنى گويا،
بولدۇم ئۇزاق سۆيۈشلەردىن بەكمۇ خىجالەت.

دېرىپ نۇردىن كىرىپ كەتتىم گۈللەر ئىچىگە،
تولدى دىماغ گۈل ھىدىغا، ھېس قىلدىم راھەت.

سۆيەلمەستىن لەۋلىرىڭگە بولغىنىمدا لال
پاتتى غەمگە غۇنچىلارمۇ كۆزۈمنى ياشلاپ.
يار كەلمىدى، ھەسرەت بىلەن ئۆلەي دېگەندە
كەلدى قۇياش كۈلگىنىچە سايەڭنى باشلاپ.

زاھىر ئابدۇراخمان

# باللار ناخشىلىرى

## ئاي بۇلاقتا ياتارمۇ

ئويناپ مۆكۈ - مۆكۈلەك
باردىم بۇلاق بويىغا.
چىمەنلىكتە ئولتۇرۇپ،
ھەيران قالدىم خۇيىغا.

نەگە كەتتى ئاي دېسەم،
ئاي بۇلاقتا يۈرۈپتۇ.
سۈزۈك، سوغۇق سۈيىدە
يۈز - كۆزىنى يۇيۇپتۇ.

دادام ئاي بەك چوڭ دېگەن،
قانداق پاتتى بۇلاققا؟
كەلگەندۇ ئاي نېمىدەپ
يىراق كۆكتىن بۇياققا؟

## مەن چوڭ بولسام

مومام دەيدۇ: تاغلار دېگەن
كۆكنىڭ تۈۋرۈكى.
باغرىدىكى يېشىل قارىغاي
تاغنىڭ يۈرىكى.

مەن سورىسام يۇرتىمىزدا
تاغ بولمىسا دەپ.
كۆك نېمىشقا ئاستا - ئاستا
كەتمەيدۇ پەسلەپ؟

مومام دەيدۇ: يۇرتىمىزدا
تاغ يوقلۇقى راست.
بىراق تاغدەك ئەزىمەتلەر
تاغلارغا تەققاس.

يۇرتىمىزدا يۇرتىمىز دۇر
كۆكنىڭ تۈۋرۈكى.
يۇرتىمىزدا ئاتاڭدەكلەر
يۇرتنىڭ يۈرىكى...

مەن چوڭ بولسام يۇرتۇم ماڭا
بولىدۇ يۆلەك.
مەن چوڭ بولسام يۇرتۇم ئۈچۈن
بولىمەن يۈرەك...

ھەسەن تىلىۋالدى

# ئىككى شېئىر

## دۇنيا خالايدۇ تىرىك ئادەمنى

ھايات ئىنسانلار ياشايدۇ كۈلۈپ،
ئەي تىرىك ئادەم چەكسىز قوينۇڭدا.
بېخىللىق زەنجىرى يوقتۇر ھەرگىزمۇ
ئەلمىساقتىنلا سېخى بوينۇڭدا.

تەبىئەت ساڭا قىلىپتۇ تارتۇق
نېمە پايدىلىق بولسا ھەممىنى.
ئىرادىلىكلەر تېتىپتۇ ئارتۇق
نېمەتلىرىڭنىڭ شېرىن تەمىنى.

بىپايان قوينۇڭ ھىممەت بۇلىقى،
توسقۇنسىز، ئەركىن كېزىدۇ شامال.
توختىماس يىللار ئۆمۈر بەلگىسى،
بۇنىڭغا سەندە يوق قىلچە ئامال.

بەزىلەر ياشايدۇ قارىساڭ تىرىك،
تاماق يېگەندە مىدىرلار بېشى.
ئۆتىدۇ كۈنى قۇرت - قوڭغۇزدەك،
ئۇنداقلار بىلەن كىمنىڭ بار ئىشى.

دۇنيا ھاياتتۇر، كۆكسى ئۇنىڭ كەڭ،
ئىرادىلىك مەرد تىرىك ئادەمگە.
قانداق ئۇلۇغ ئىش ياراتتۇق قېنى،
بىزگە نىجاتلىق بەرگەن ئالەمگە.

## تۇم قارا كېچىلەر رام قىلدى دىلنى

تەبىئەت قوينىدا ئۈگدەيدۇ كېچە،
يۇلتۇزلار بەدىئەينى بىر ساھىبجامال.
نازلىنىپ سىيلايدۇ يۈزۈمنى يۇمشاق
نىگارنىڭ قولىدەك مەيىن شوخ شامال.

باراقسان ۋادىلار چۆمگەن ئۇيقۇغا،
شىشىدەك سۈپ-سۈزۈك يۇلتۇزلۇق ئاسمان.
يېقىملىق تۇيغۇدىن مەستۇرمەن تامام،
گۈزەلدۇر كېچىلەر قارىساڭ ھەريان.

www.uyghurkitap.com

دېڭىزدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەر تاغلار،
يىراققا سوزۇلغان پايانسىز دالا.
مەن گويا كېچىلەر قۇچىقىدىكى
بۆشۈككە بۆلەنگەن بىر سەبىي بالا.

ئاي نۇرى ئوينايدۇ گۈل - گىياھلارنى،
ياپىپىشىل باغلارنىڭ كۆرۈنمەس چېتى.
تېنىمگە تارايدۇ لەززەتلىك ئېقىم—
كېچىنىڭ سېھىرلىك خۇش پۇراق ھىدى.

جەڭچىدەك تىمىك، مەغرۇر تۇرار سۇۋادان،
ئايدىڭدا يوللارغا جۈپ شولا تاشلاپ.
تۇم قارا كېچىلەر رام قىلىپ دىلنى،
ئېپ كېتەر تۇيغۇمنى گۈلشەنگە باشلاپ.

تۈن كېچە توختىماي ئاقىدۇ دەريا،
شاۋقۇنلۇق ناخشىسى كېتەر يىراققا.
يۈرتۇمنىڭ كۈن - تۈنى ماڭا مۇقەددەس،
قەلبىمنى ئورايدۇ ئىشقى - پىراققا.

ئەخمەتجان ئوسمان كۆرەش

# ئۈمىد

كۆز ئالدىمدا چاقنايدۇ ھامان،
ناتونۇش بىر سىيما كۆركەم، نۇرانە،
ئۇچرىتىپ باقمىدىم تېخى ئۇنى مەن،
كۆرگەندە بولارمەن چوقۇم ھەيرانە.

مەغرۇرلۇق ئىچىدە نازاكىتى بار،
كۆزلىرى مۇلايىم تىكىلەر ماڭا.
پاكىتىز ئۇ ئەبەدىي ئاينىڭ نۇرىدەك،
ئاي بىلەن قارايمەن تۈن بويى ئاڭا.

چاقماقتەك سۆزۈمگە تىلەيدۇ مەدەت،
چۆچۈگەن تۈنلەردە تەسەللىسى كۆپ.
خەير دەپ ئۈزىتىپ قۇتلۇق سەپەرگە،
ئىشەنچتە، غەيرەتتە تۇرىدۇ كۈتۈپ.

ھاياتنىڭ تەمى بار شېرىن سۆزىدە،
كۈلمىگەن كۈنلەردە كۈلگەن ھەمراھىم.
باراقسان ئورمانلار باغرىدا يۈرسەك،
ئېچىلار ئۈمىدتەك شادلىق چېچىكىم.

ئۆچمەيدۇ ئاشۇ نۇر، چاقنايدۇ ھامان،
بىر يۈرەك ئىچىدە مىڭ قۇياش كۆيەر.
تەنھا مەن ئەبەدىي، قىسمەتكە ئوخشاش،
ناتونۇش شۇ قىزنى تاپقانغا قەدەر.



ئەخمەت ئىمىن

# مېنى «سەن» دېگىن

(بىر قىزنىڭ خاتىرىسىدىن)

(نەسىر)

...

مېنى دەسلەپ «سەن» دېگەن چاغلىرىڭدا ئۆزۈمنى خۇددى سىڭلىڭدەك ھېس قىلاتتىم، چۈنكى سەن ماڭا بەئەينى ئاكامدەكلا بىلىنەتتىڭ. ساڭا يۆلەنگۈم، ئەركىلىگۈم كېلەتتى. سەنمۇ ماڭا مېھرىبانلىق كۆرسىتەتتىڭ، ئەقىل بېرەتتىڭ... شۇمۇ ئاجايىپ چاغلار ئىكەن. ھېچنېمىدىن قورۇنۇش يوق، كاللىغا كەلگەننى دېگەن، كوچىلاردا ئەركىن - ئازادە يۈرگەن...

كېيىن مېنى «سەن» دېگەن چاغلىرىڭدا مەن سېنى ئۆزۈمنىڭ دوستىمدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ تۇيغۇنى بەرگەنمۇ يەنە سەن، چۈنكى سەن ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى مەسلىھەت سالىدىغان بولۇۋالدىڭ. بۇرۇن ھەممە ئىشلار سېنىڭ ئەقلىڭ بويىچىلا بولاتتى، مەن ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇش ھاجەت ئەمەس ئىدى. مەن ساڭا يۆلىنىپلا ئۆگىنىپ قالغان، كېيىنچە، سېنىڭ ئەقلىڭدە ئۆكسۈش بولدىمۇ ياكى مېنىڭ ئەقلىم ئۇرغۇپ قالدىمۇ؟ ھە دېسىلا مەندىن بىر گەپلەرنى سورايسەن، ئويلاپ بېقىشىمنى تەلەپ قىلىسەن، بەرگەن جاۋابلىرىمنى تېخى قوشۇماقنى تۈرۈپ ئويلاپ كېتىسەن. ھە، راست، سېنىڭ ئاشۇ قوشۇماقنى تۈرۈشلىرىڭ بەكمۇ يېقىملىق. تولا ھاللاردا سەن كۆز ئالدىمغا ئاشۇ قىياپىتىڭ بىلەن كېلىسەن. قوشۇماقنىڭ شۇ تۈرۈلۈشلىرىدىن كېيىن چىقىدىغان گەپلىرىڭچۇ تېخى! ئويلىغانلىرىڭنى ئېيتقىلى تۇرساڭ ئاجايىپ بىر خىياللارغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن. گەپلىرىڭ مېنى ئۇ ۋادىدىن بۇ ۋادىغا، بۇ ساھىلدىن ئۇ ساھىلغا، قىسقىسى، جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە ئاپىرىپ ئايلاندۇرۇپ ئەكېلىدۇ. سۆزلەۋېتىپ تۇيۇقسىز سوئال قويغىنىڭدا بىردىنلا چۆچۈپ كېتىدىغانلىقىمنى سېزىدىغانسەن؟! چۈنكى مەن سوئالىڭغا ئورۇنلۇق جاۋاب بېرەلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا دۇدۇقلايمەن. ياكى ئۆزۈمنى سوئالىڭنى ئاڭلىمىغان قىياپەتكە سالىمەن. بۇنداق چاغلاردا سېنىڭ يەنە قوشۇمىلىرىڭ تۈرۈلىدۇ. مەن سېنى رەنجىپ قالدىمىكىن دەپ تەشۋىشلىنىمەن. دېگەندەك، سەن كايىيسەن. بىر كۈنى سەن: «دوستلۇق مۇنداق بولمايدۇ. نېمىشقا گەپلىرىمگە مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرمايسەن؟ بىز باراۋەر ئەمەسمۇ» دېدىڭ، مەن ئويلىنىپ قالدىم. راست، دوستلۇق مۇنداق بولمايدۇ. مېنىڭ مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرالمايدىغىنىم مەندە ساڭا

www.uyghurkitap.com

مۇناسىپ ئەقىل باراۋەرلىكى يوق. لېكىن ھېسسىيات جەھەتتىچۇ؟ ھېسسىيات جەھەتتە ... توۋا، دوستلۇقتىمۇ مۇشۇنداق ھېسسىيات بولامدىغاندۇ؟ قارىغاندا، دوستلۇق مۇنداق بولمايدۇ، دېگىنىڭ بەكمۇ توغرا ئوخشىمامدۇ!؟ سۆزلىرىڭنى ئاڭلىسام ئاڭلىغۇم كېلىدۇ، ساڭا قارىسام، توۋا، قارىغۇم كېلىدۇ، كۆرمىسەم ... توۋا ... مەن نېمە بولدۇم؟... نېمىشقا سېنى ھەر كۈنى، ھەر سائەت كۆرگۈم كېلىدۇ؟... تۇرۇپ ئويلاپ كېتىمەن: ئادەمنىڭ سايىسى دائىم ئۆزىگە ھەمراھ بولىدىكەن. مەنمۇ سېنىڭ سايەڭ بولۇپ كەتسەمچۇ كاشكى! ئۇ چاغدا مەن دائىم قېشىڭدا بولاتتىمغۇ ... كېچىلىرى غۇر ـ غۇر شامال بولۇپ دېرىزىدىن ئۇچۇپ كىرسەم، ئۇيقۇڭنى بۇزماستىن چاچلىرىڭدىن، ماڭلىيىڭدىن يەلپۈپ ئۆتسەم ... سېنى كۆرمەي قالغان چاغلىرىمدا مېنىڭ قىلىدىغان ئارمانلىرىم مۇشۇنداق جىق. بەزىلىرىنىڭغەلىتىلىكىنى، ئاجايىپلىقىنى ئويلىسام، گاھىدا ئۆزۈممۇ كۈلۈۋېتىمەن.

.......

سەنمۇ چىقىشقاق، مەنمۇ چىقىشقاق. سەنمۇ ھەممە ئادەم بىلەن چاقچاقلىشىپ ئۆتىسەن، مەنمۇ خەق بىلەن ئىناق ئۆتىمەن. لېكىن يېقىندىن بېرى مەن ئاجايىپ بولۇپ قالدىم. سېنىڭ بەزى قىزلار بىلەن كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىپ كەتكىنىڭنى كۆرسەم تۇرۇپلا چىدىماي قالىمەن. خۇددى سېنىڭ ئالدىڭدا قىز زاتىدىن مەنلا، پەقەت مەنلا بولۇشقا تېگىشلىكتەك. بەزىدە ئۇ قىزلاردىن ئاغرىنىمەن، بەزىدە سەندىنمۇ ئاغرىنىمەن. بۇ ئاغرىنىشلىرىم چىرايىمغىمۇ چىقىپ كەتسە كېرەك، تۇرۇپ سەن ماڭا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويىسەن. «دوستلۇق مۇنداق بولمايدۇ» دېگەن سۆزلىرىڭ يەنە قۇلىقىمدا يادىمغا كېچىدۇ، راست، بۇ دوستلۇق ئەمەس ئوخشايدۇ. دوستلۇقتا ھەقىقەتەن مۇنداق ھېسسىيات بولمىسا كېرەك. ئۇنداقتا بۇ نېمە؟ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. لېكىن سېنىڭ باشقا قىزلار بىلەن بىللە تۇرغىنىڭنى كۆرسەم چىدىمايمەن، راست چىدىمايمەن. مەن ساڭا قېيداش بىلەن قارايمەن، لېكىن سەن ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىسەن. كۆڭلۈمدىكى زادى نېمە؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئۇنداق ئىكەن، سېنىڭ بىلەلمىگىنىڭدىن رەنجىشىم ئورۇنسىز ئىدىغۇ، لېكىن شۇنداقتىمۇ رەنجىيمەن، ئىچىمدە «ۋۇ، ئەخمەق!» دەپ ۋايساپمۇ قويىمەن. لېكىن ئالدىڭدا بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايمەن.

...

مەن ئەمدى ئۇ قىزلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ھەرقانداق سۆزى مەن ئۈچۈن سوغاق بىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر كۈلكىسى گويا مەن ئۈچۈن مەسخىرە، ئۇلارنىڭ ھەر بىر قاراشلىرى ماڭا خۇددى تىكەن سانجىلغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرىچۇ تېخى. ماڭا ئوخشاش كىيىنىۋالسا، مېنى دوراۋاتىدۇ، مەن بىلەن بەسلىشىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايمەن. مەندىن چىرايلىقراق كىيىنىپ كەلسە، مېنى بېسىپ چۈشمەكچى، مەندىن گۈزەل كۆرۈنمەكچى دەپ گۇمانسىرايمەن. بۇرۇن مېنىڭ ئىچىم مۇنداق يامان ئەمەس ئىدى. قىز دوستلىرىمنىڭ كىيىنىشلىرىنى «يارىشىپتۇ»، «مۇبارەك بولسۇن» دەپ تەبرىكلەشنى بىلەتتىم. ئەمدىچۇ؟ ئەمدى ئۇلارنىڭ شۇ تەرىپىنىمۇ كۆرەلمىسەم، مەن زادى نېمە بولدۇم؟ بۇرۇن ماڭا تونۇش بىلىنمىدىغان سۆزلەر ئەمدى نېمىشقا باشقىچە بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى؟ بۇرۇن ماڭا

مېھرلىك كۆرۈنىدىغان كۆزلەر ئەمدى نېمىشقا سوغۇق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى؟ دوستلىرىم مېنى «ئۆزگىرىپ قالدىڭ» دېيىشىدۇ. راست، مەن ئۆزگىرىپ قالغان ئوخشايمەن، لېكىن نېمىشقا ئۆزگىرىپ قالدىم؟ بۇمۇ سەن تۈپەيلى، پەقەت سەن تۈپەيلى ئەمەسمۇ!

...

مەن ھېلىقى قىز بىلەن — سەن تولا چاقچاقلىشىدىغان قىز بىلەن قىزدىرىشىپ قالدىم. ئۇ تۈيۈقسىزلىق ھېس قىلدىمۇ، قانداق، ماڭا تۈزۈك جاۋاب قايتۇرالمىدى. مەن گەپلىرىمنى پۇخادىن چىققۇچە دېۋالدىم. ئۇ يەردە سەنمۇ بار ئىدىڭ، پەقەت قېتىپ تۇرۇپ قالغان ھالىتىڭلا كۆز ئالدىمدا قاپتۇ. كېيىن سەن مېنى «يولسىز» دەپ ئەيىبلىدىڭ. مەن ساڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. ھېچنېمە دېيەلمىدىم. مەن نېمىشقا شۇ ۋاقىتتا بىر نېمە دېمىدىم، ئەمدى پۇشايمان قىلىمەن. مەن قانداقمۇ «يولسىز» بولاي. مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئويلىغان يوللۇق تەرەپلىرىم ناھايىتىمۇ جىق، ناھايىتىمۇ جىق ئىدىغۇ! خەق سېنىڭ «يول» ۋۇڭنى ئىگىلىۋالسا، سەن ئۇنى تونۇۋالساڭ، ئاخىر سەن «يولسىز» دېگەن ئاھانەتكە قىلىشقا تېگىشلىكمۇ؟ ئەجەبا، مەن «يوللۇق» بولۇش ئۈچۈن، ئۇ «يول» نى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈۋېتىپ، ئۆزۈم باشقا يول تېپىشىم كېرەكمۇ؟ مەن ئۈچۈن «يول» نىڭ پەقەت شۇ بىرلا ئىكەنلىكىنى، ئەجەبا، سەن ھېس قىلالمىغان بولساڭ!؟

...

مەن سەندىن رەنجىدىم. سېنى كۆرسەم قاچىدىغان بولۇپ قالدىم، لېكىن يىراقتىن بولسىمۇ بىر كۆرمىسەم، يەنە يۈرىكىم چىدىمايدۇ. «يا ئايرىلىشىپ چىدالمىغان، يا ئايرىلىپ» دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ.

مەن قىيداپ، يەنە نېمە ئۈچۈن قىيدىغانلىقىمنى ساڭا تولۇق ئىزھار قىلالماي بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە سەن تۇيۇقسىز يۇرتۇڭغا بىر ئىش بىلەن كېتىپ قالدىڭ. ئاھ، بۇ ئايرىلىشنىڭ مەن ئۈچۈن نەقەدەر ئېغىر كەلگەنلىكىنى بىلگەن بولساڭ! بىز تېخى نەچچە كۈن بۇرۇنلا بىللە يۈرگەن كوچىلاردا ئۆزۈم يالغۇز مېڭىپ كېتىمەن. سەنسىز ئۇ كوچىلار ماڭا خۇددى ئادەمسىز قالغاندەك بىلىنىدۇ. باغچىلارغا بارىمەن، سەنسىز ئۇ يەرلەرمۇ ماڭا چۆلسىرەپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىز پات ـ پات چىقىدىغان ھېلىقى تاغ بارغۇ. مەن شۇ يەرگىمۇ چىقىمەن، يۇرتۇڭ تەرەپكە قاراپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن. تۇرۇپ سەن شۇ ياقتىن گىگانت قىياپەتتە كۆز ئالدىمغا كېلىسەن، يەنە تۇرۇپ يىراقلىشىپ چېكىتتەك كىچىكلەپ يوقاپ كېتىسەن. كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن كۆمۈش بۇلۇتلارغا قارايمەن. شۇ بۇلۇتلارنى «ئۇچار گىلەم» قىلىپ قېشىڭغا ئۇچۇپ بارغۇم كېلىدۇ. كۆكتە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قۇشلارغا قارايمەن. شۇلاردەك قاناتلىق بولغۇم، قانىتىمنى قېقىپلا يۇرتۇڭدىكى ئۆيۈڭنىڭ يېنىدىكى ئاق تېرەكنىڭ ئۈستىگە قونغۇم كېلىدۇ...

ئاھ، مېنىڭ شۇ چاغدا قانداق پۇشايمان قىلىپ، ئۆزۈمگە نېمە ۋەدە بەرگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز سەندىن رەنجىمەسلىككە، سېنى ھەرگىز رەنجىتمەسلىككە نىيەت قىلدىم. بۇ يۈرەك — ئەسلىدىمۇ شىكەستىلەنگەن يۈرەك، رەنجىشنىمۇ، بىراۋنى رەنجىتىشنىمۇ كۆتۈرمەيدىكەن.

...

خەيرىيەت، ياخشى كۆڭۈللەرنىڭ چېكى بولغىنىدەك، يامان كۆڭۈللەرنىڭمۇ چېكى بولىدىكەن. بۇ جۇدالىق كۈنلىرىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مەن سېنى قايتىپ كەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. ئاڭلىسام بۈگۈن كەچتە بىزنىڭ ھېلىقى دوستىمىزنىڭ ئۆيىگە بارغۇدەكسەن. مەن ئالدىرىغىنىمدىن چۈش قىلىپ-قىلالماي ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالدىم. بىز خېلىغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. راست گەپنى قىلغاندا، پاراڭنى شۇلا سالدى، مەن ئاڭلاپ ئولتۇردۇم، لېكىن مېنىڭ مېڭەمگە گەپ كىرىدۇ دەمسەن. ھېلىمدىن-ھېلىغا ئىشىك تەرەپكە قۇلاق سالىمەن، دوستۇمنىڭ سۆزلەۋېتىپ تۇيۇقسىز سورىغان سوئاللىرىدىن چۆچۈپ كېتىمەن، ئۇ مېنىڭ مەڭدەپ قالغىنىمنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىدۇ. مېنى ئۈمۈلدۈرۈپ قويغان نۇرغۇن ئالدامچى ئاياغ تىۋىشلىرىدىن كېيىن، ئاخىر ھەقىقىي ئاياغ تىۋىشىڭ ئاڭلاندى. مەن دەرھال ئۆزۈمنى كىتاب ئوقۇۋاتقاندەك قىياپەتكە سېلىپ ئولتۇرۇۋالدىم، لېكىن ھەربىر قەدىمىڭ مېنىڭ يۈرەك ئۇرۇشۇم بىلەن رىتىمداش بولدى. شۇ تاپتا مېنىڭ قۇلىقىمغا سېنىڭ ئاياغ تىۋىشىڭ، ئۆزۈمنىڭ يۈرەك ئۇرۇشىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمايدۇ. تۇيۇپ تۇرىمەن، سەن بوسۇغىغا يېقىنلاشتىڭ، لېكىن مەن بېشىمنى كۆتۈرمىدىم. مەن يەنە تۇيدۇم، سەن ئۆيگە كىردىڭ، مەن يەنە بېشىمنى كۆتۈرمىدىم. مەن سېنى شۇنداق زارىقىپ كۈتكەن، يوللىرىڭغا شۇنداق تەلمۈرگەن، ئەسلىدە مەن ئالدىڭغا چىقىشقا تېگىشلىك ئەمەسمىدىم. نېمىشقا بېشىمنى كۆتۈرمەي ئولتۇرىمەن؟ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىنساندا شۇنداق زىل تۇيغۇلار بولىدىكەن، ئۇنى سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولالمايدىكەنسەن.

ناھايەت، سېنىڭ ئاۋازىڭ — مەن جىق ئاڭلىغان يېقىملىق ئاۋازىڭ ئاڭلاندى، لېكىن مەن ئۇ ئاۋازدىن ئۇنداق سوغۇق، ئۇنداق يېقىمسىز سۆز ئەكس ئېتەر دەپ ھەرگىز خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن.

«ياخشىمۇ سىز»

تۇۋا، مەن نېمە ئاڭلاۋاتىمەن؟ مېنى «سىز» لەۋاتامسەن؟ تۇۋا، تۇۋا...

خەقلەر، خېلى يېقىنلارمۇ بىر سۆز بىلەن ئۆز، بىر سۆز بىلەن يات، دېيىدىغان. راست، شۇنداق ئىكەن. مانا بىر «سىز» بىلەنلا سەن مېنى ئۆزۈڭدىن پۈتۈنلەي ياتلاشتۇرۇۋەتتىڭغۇ. ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى بىر چامداممۇ چىقمايدۇ، لېكىن شۇ بىر ئېغىز «سىز» بىلەن ئارىلىقىمىز شۇنداق يىراقلاشتىكى، گويا قانچە قاراساقمۇ، بىر بىرىمىزنى كۆرەلمىگۈدەك، ۋارقىرىساقمۇ ئاۋازىمىزنى ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە سەن گويا ئېگىز چوققىنىڭ ئۈستىدە قالدىڭ، مەن گويا تۆۋى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتتىم. ھاۋا شۇنچە تىنچىق، لېكىن مەن ئىچ-ئىچىمدىن شۈركىنىمەن. قېنى باياتىن سېنى كۈتكەن چاغدىكى مەندىكى قىزغىنلىق؟

مەن كۆزلىرىڭگە قارىدىم، كۆزلىرىڭدىن بىر خىل سوغۇقلۇق، ياسالمىلىق بايقالغاندەك بولدى. لېكىن ئۇ كۆزلىرىڭ يەنە كۈلۈپ تۇراتتى.

مەن گەپ قىلالمىدىم. لېكىن ئىچىمدە گەپلىرىم، غەزىپىم قايناپ-تېشىپ كېتىۋاتاتتى. «يەنە كۈلەمسەنا، — دەيتتىم ئىچىمدە يىلان چاققاندەك تولغىنىپ، — يۈرىكىمگە خەنجەر ئۇرۇۋېتىپ يەنە كۈلەمسەنا؟! مېنى دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ‹سەن› لىگەنمۇ ئۆزۈڭ. ئاخىرغىچە ‹سەن› لەشكە كۆزۈڭ يەتمىگەن ئادەم نېمىشقا ‹سەن› لىگەن ئىدىڭ؟»

ئۆزۈڭمۇ بىلەتتىڭغۇ، مېنى بوۋام ـ مومام بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇلار مېنى ئارزۇلاپ ھېچكىمگە «سەن» لەتمىگەنىدى. ھەتتا ئاتا ـ ئاناممۇ مېنى «سەن» لەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇڭا مەن «سەن» دېگەن سۆزگە شۇنداق ئۆچ ئىدىم. ئۆزۈممۇ ھېچكىمنى «سەن» لىمەيتتىم. لېكىن سەن مېنى تۇنجى بولۇپ «سەن» لىدىڭ. شۇ چاغدا مېنىڭ ئىچى ـ ئىچىمدىن نەقەدەر سۆيۈنۈپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلالامسەن؟! بۇ ئاجايىپ بىر تەبىئىي يېقىنلىق ئىكەن. مەن سېنى ئاكام دەپ ئويلىدىم، كېيىن دوستۇم دەپمۇ ئويلىدىم. لېكىن بۇ «سەن» دىن كەلگەن يېقىنلىق ئۇنىڭدىن كۆپ ـ كۆپ ھالقىپ كەتكەنىكەن. سېنىڭ ھەربىر «سەن» دېيىشىڭدىن چىققان مېھىر تومۇر ـ تومۇرلىرىمغا تارىغاندەك بولاتتى. ھەربىر «سەن» دېگىنىڭدە يۈرىكىم قانائەتتىن ئويناپ كېتەتتى. سېنى ئۆزۈڭگە بۇ دۇنيادا ئەڭ يېقىن، ئەڭ يېقىن سېزىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ھەتتا ئۇنداق چاغلاردا سېنى تاغدەك يۆلەنچۈكۈم دەپ بىلىپ، قۇچىقىڭدا ئەركىلەپ، بوينۇڭغا ئېسىلغۇم، شادلىقتىن قىن ـ قىنىمغا پاتماي كۈلگۈم، قاقاقلاپ كۈلگۈم كېلەتتى. مانا، ئەمدى نېمە بولدى؟ سەن بىر «سىز» بىلەنلا مېنى پۈتۈن شادلىقتىن، پۈتۈن مېھىردىن جۇدا قىلدىڭغۇ!

توۋا، ئادەم دېگەن ئاجايىپ ئۆزگىرىدىكەن. خېلى ئەقىلگە تولغان چاغلىرىمدا، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىنى «سىز» لەشكىنىنى كۆرسەم، قىزلىقىمغا باشقىچە سىيلىق ئاڭلىنىپ، كۆڭلۈمدە بۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئاجايىپ ئىززىتىنى قىلىدىكەن، دەپ ئۇلارغا ھەستىلىكىم كەلگەندەك بولاتتىم، ھۆرمەت بىلەن قارايتتىم. شۇ چاغلاردا ئىچىمدە، مەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىم چوقۇم مېنى «سىز» لىشى كېرەك، دەپ نىيەت قىلغانىدىم. لېكىن سەن مېنى «سەن» لىدىڭ. بۇ ماڭا ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان «سىز» دىن ناھايىتى يېقىملىق، ناھايىتى شېرىن بىلىندى. ئۆزۈمنىڭ سېنى قاچان، قانداق قىلىپ «سەن» لەپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. بەلكىم تەبىئىيلىك، تەبىئىي يېقىنچىلىقنىڭ مەھسۇلى مۇشۇنداق بولسا كېرەك. لېكىن بۈگۈن سەن مېنى تۇيۇقسىز «سىز» لەپ قالدىڭ. شۇ بىر «سىز» بىلەنلا ئارىمىزدىكى تەبىئىيلىك كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدى. سەن ماڭا تولىمۇ ياسالما، سۇنئىي كۆرۈندۈڭ. لېكىن بۇ سېنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىڭ ئەمەس. مەن بىلگەن يۈرەكتىن مۇنداق سادا چىقمايدۇ.

مەن يەنە سېنىڭ كۆزلىرىڭگە تىكىلدىم. بايقىدىم، ئاخىر بايقىدىم: كۈلكەڭنىڭ ئىچىدىن بىر خىل خۇپسەنلىك چاقناپ تۇراتتى. ئاخىر ئۇنىڭ ئورنىنى مېھىر، ئاجايىپ بىر مېھىر قاپلىدى. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم. كەلكۈن ئۇلغىيىۋەرسە ھەرقانداق كۈچلۈك توسمىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن. ئاخىر ھەقىقىي سۆزۈم يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىقتى: «مېنى ‹سەن› دە!» دەۋەتتىم.

راست، بۇ مېنىڭ سەممىي ئۆتۈنۈشۈم: مېنى «سەن» دە، مەن ئەمدى سېنى ئاكامدەك ھېس قىلماي، دوستۇمدەكمۇ ھېس قىلماي! شۇ «سەن» بىلەن مەن ساڭا ئېيتالمايۋاتقان تۇيغۇ سىرلىق نىقابىدىن چىقسۇن.

ئۇ مۇھەببەت! ئۇ ھەقىقىي مۇھەببەت!

ئاھ، ئامرىقىم! مېنى «سەن» دە!

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

مەھەممەتجان راشىدىن

# بالنىتسىدا

(ھېكايە)



قان بېسىمىم ئۆرلەپ قېلىپ، بالنىتسىدا يېتىپ قالدىم. ماڭا كارىۋات، ئورۇن-كۆرپىلىرى خۇددى مېھمانخانىلارنىڭكىدەك لۆمۈلدەپ تۇرىدىغان ئايرىم بىر ياتاق ھازىرلانغانىدى. ھېلىدىن-ھېلىغا كىرىپ تۇرىدىغان سېستىرالار يالغۇزلۇقىمنى بىلىندۈرمەيتتى. دوختۇرخانا باشلىقلىرىمۇ كۈندە ئىككى-ئۈچ نۆۋەت كىرىپ ھال-ئەھۋال سوراپ تۇرغانلىقىدىن تاشقىرى، كەچتە ئىشتىن چۈشەردىمۇ خوشلىشىپ قويۇپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ مەن بىلەن ئەڭ كۆپ ھەپىلىشىدىغانلار يەنىلا سېستىرالار ئىدى.

باش سېستىرا تۇرسۇنئاي تولىمۇ ئۇدۇل سۆزلۈك، ئوچۇق-يورۇق، گەپدان ئايال ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ يېغىرىغا تېگىپ قويۇشتىن، نازۇك، خۇپىيانە ئىشلارنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ كەتمەيتتى، خېلى-خېلى ئىشلارنىمۇ دەۋېرەتتى.

— توۋا، ئادەم دېگەننىڭمۇ ئىش ئورنى بولسىلا ھېساب ئەمەس ئىكەن، — دېدى ئۇ مەن يېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن نېمىدىنىدۇر بىر ئىشتىن خۇلاسە چىقارغاندەك قىلىپ، — كىشىدىمۇ ئازراق ئەمەل-پەمەل بولسا ياكى ئىش ئورنى خەقنىڭ ھاجىتى چۈشۈپ تۇرىدىغان يەردە بولسا ياخشىكەن!

— قانداق دەيسىز؟ — دېدىم مەن ھېچ نەرسە چۈشەنمىگەندەك قىلىپ.

— قانداق دەيسىز دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى تۇرسۇنئاي ماڭا ياندۇرۇپ سوئال قويۇپ، — جاھاندىكى ئىشلارنى بىلمەيۋاتامسىز؟ مانا، سىز كىرىۋېدىڭىز بىز قانداق بولۇپ كېتىپ بارىمىز، خىيالىڭىزدا بىزنىڭ باشلىقلارنى ھەممىلا

كېسەللەرنىڭ بېشىدا سىزنى ئايلانغاندەك
پەرۋانە بولۇپ يۈرىدۇ دەمسىز ؟ ئۇنداق
ئەمەس، سىز دېگەن يەرلىك مەھسۇلاتـ
لار شىركىتىنىڭ بوغالتىرى، يېمەك-ئىچـ
مەك سىزنىڭ قولىڭىزدا. يازدا سىرتـ
تىن ئەكەلگەن ھەسەل بىلەن سېرىق
مايلارنى باھا قوشۇپ ساتىدىغان ئادەمـ
لىرىڭىزمۇ بار، ئۆز باھاسى بىلەن بېرىـ
دىغانلىرىڭىزمۇ باردە. بەلكىم، بىزنىڭ
باشلىقلارمۇ نەچچە قېتىم ئالدىڭىزغا بېـ
رىپ، ئىلتىپاتىڭىزغا ئېرىشكەن بولغىيتـ
تى. بولمىسا، قانداقلارچە شۇنچىۋالا ئىسـ
سىق كۆرۈنۈپ قالدىڭىز؟ مانا، مەنىمۇ
شۇنىڭ ئۈچۈن شاپاشلاپ يۈرىمەنغۇ،
ھا، ھا، ھا!

—ياق، ياق! سىزنىڭ تەھلىلىڭىز
بەك چەكتىن ئېشىپ كەتتى!—دېدىم تەن
ئالغۇم كەلمەي،—سىز بەكمۇ گۇمانخور
ئىكەنسىز.

ئەمەلىيەتتە، تۇرسۇنئاي مېنىڭ تاـ
زا ئەجەللىك يېرىمنى كوچىلاۋاتاتتى.
راست گەپنى قىلغاندا، دوختۇرخانا باشـ
لىقلىرىنىڭ ھەسەل، سېرىق ماي دېگەنـ
لەرنى مەندىن ئۆز باھاسىدا تاللاپ تۇـ
رۇپ ئالىدىغانلىقى راست ئىدى. ئۇلارـ
نىڭ مېنى بۇ ئازادە، ئايرىم ياتاققا ئوـ
رۇنلاشتۇرۇشىمۇ ئەنە شۇنىڭ ئىلتىپاتى
ئىدى. لېكىن، خۇپىيانە قىلغان بۇ ئىشـ
لارنىڭ بىر تالاي گەپ بولۇپ، تۇرسۇنـ
ئاينىڭ ئاغزىدىن ئاپتوماتنىڭ ئوقىدەك
ئېتىلىپ چىقىشى مېنى خېلى ئوڭايسىزـ
لىققا قويدى. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئۆزۈل-كېـ
سىل تاندىم ھەمدە ئۇنى گۇمانخورلۇقتا
ئەيىبلىدىم.

—ۋيەي!—دېدى ئۇ مېنى مەسخىـ
رە قىلغان تەلەپپۇزدا،— سىزگە مۇشۇ
قىلىۋاتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى —سىزدىن
پايدا كۆرگەنلەرنىڭ خۇشامىتى ئىكەنلىـ
كىنى بىلمەيۋاتامسىز؟ قاراڭا، مۇنۇلۇم-لۆم
كاردىۋات، تاۋار يوتقانلارغا. مۇنۇنىڭ
ئۆزىمۇ ئاتىمىش كويلۇق چايدان! خىياـ
لىڭىزدا ھەممىلا ئادەم مۇشۇنداق قارشى
ئېلىنىدۇ، دەمسىز؟ خۇپسەن ئادەم ئىكەنـ
سىز جۇمۇ!؟

مەن ئاۋۋال ئۆزۈمنى كۈلكىگە زورـ
لىدىم، ئارقىدىن دوق قىلغان تەلەپـ
پۇزدا:

— ئۇ سىلەرنىڭ باشلىقلىرىڭلارنىڭ
ئىشى، لېكىن مېنى ئۇلارغا ئوخشاتسىڭىز
بولمايدۇ. مەن دېگەن خۇدا بۇيرۇغانغا،
پېشانەمگە پۈتۈلگەنگە شۈكۈر قىلىپ كېـ
تىۋاتقان ئادەم. پۇقرانى كۆرسە پەرۋايى
يوق، ئەمەلى بارنى كۆرسە ئېسىنى يوقىـ
تىپ قويىدىغانلاردىن ئەمەسمەن!—دېدىم.

بۇ مېنىڭ ئۆزۈمنى پاك-دىيانەتـ
لىك قىلىپ كۆرسىتىش يولىدىكى ئۇرۇـ
نۇشلىرىم ئىدى. بىراق مېنىڭ بۇ
سۆزلىرىم تۇرسۇنئايغا قىلچىمۇ تەسىر
قىلغاندەك ئەمەس ئىدى.

—ۋاي، قۇۋۇرغامەي!— دېدى ئۇ،—
گەپلىرىڭىزنى قانداق قىلاي، تۇخۇمدىن
ئاق، سېغىزخاندىن ساق بولۇۋالغىنىڭىز
بىلەن ئەتىلا چاندۇرارسىزمىكىن. ئاۋايـ
لاپ گەپ قىلىڭ. بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ
كېلىدىغان بولسا، ھازىر باغ ئايلىنىپ
كېلىدىغان بولۇپ قالدى...

—خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇنداق
ئادەملەردىن ئەمەس،—دېدىم مەن كەسـ
كىنلىك بىلەن.

شۇنداق قىلىپ تۇرسۇنئاينىڭ

ئالدىدا ئاتتىن چۈشسەم چۈشتۈمكى، ئۆزەڭگىدىن چۈشمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ بەزى گەپلىرى پەقەت مېنىڭلا چاۋامنى چىتقا يېيىشقا قارىتىلغاندەك تۇيۇلغاچقا، ھېلىقىدەك ئىشلار بىلەن ئىمكىنچى شۇغۇللانماسلىق قارارىغىمۇ كەلدىم. كەم دېگەندە مۇنداق ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇش لازىملىقىنى ھېس قىلدىم. قارىغا بالىسى ئانىسىدىن:—ئاپا بىر چوقۇپ بىر قارايمەنمۇ ياكى ئىككى چوقۇپ بىر قارايمەنمۇ؟—دەپ سوراپتىكەن، ئانىسى بالىسىغا:

—ياق، بىر چوقۇپ ئىككى قارىغىن!—دەپتۇ، دېگەن گەپ بار. بۇ قاتتىق ئېھتىياتچانلىقنىڭ يەنىلا ئەسقاتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر شۇنىڭدىن پايدىلىنىۋاتامدۇ. مەن نېمىشقا پايدىلىنالمايدىكەنمەن؟! ھېچ بولمىغاندا، تۇرسۇنئاي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە قۇيرۇق تۇتقۇزماي، دوختۇرخانىدىن پاكىز چىقىپ كېتىش لازىم ئىدى. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى ناھايىتى ساق تۇتۇش، سەگەك بولۇشقا بەل باغلىدىم.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىم كىرىپ، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئىشلار ھەققىدە كۈلكە-چاقچاق ئارىلاش بىر تالاي سۆزلەۋېتىپ چىقىپ كېتىدىغان تۇرسۇنئاي بىر كۈنى كەچكىچە دېگۈدەك دەسسىيىپ قويىدى. پەقەت ئەتىسى چۈشتىن كېيىن كىرىپ كەلدى-دە، يەنە ھېلىقى تېمىلاردا سۆزلىگىلى تۇردى:

—مېنى نەگە يوقاپ كەتتى، دەپ قالدىڭىزكىن، يەنە شۇ باشلىقلارنىڭ قەغەشلىكىنى باسالماي يۈردۈق. تۈنۈگۈن ئەتىگەن بىزنىڭ باشلىقلار ياتاقتىن بىرنى تەييارلاڭلار، دەپ بۇيرۇۋىدى، شۇنى تۈزەشتۈردۇق. كىم كېلىدىكەن دېسەم، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى سۇلتان قاسىم ئىكەن. تۈنۈگۈن كەچكىچە چەتتىكى بىر ئۆينى ئاجرىتىپ، ئۇنى قايتىدىن ئاقارتتۇق، بۈگۈن كېلىپ ياتتى. سىزگىمۇ قارىيالمىدۇق. ئىككى كۈندىن بېرى يېنىڭىزغا باشلىقلىرىمىز كىرمىگەندۇ؟

—ياق!—دېدىم مەن.

—ھە، شۇ ئۇلار سىزنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كېتىشتى، سۇلتان قاسىم دېگەن ئۆيلۈك يەر بەرگەن تۇرسا، سىزنىڭ بەرگەن تۆت تال قىزا ۋە سېرىق ماي ئۈچۈن يېنىڭىزدا ئايلىنىپ يۈرۈۋەرمەيدۇ-دە!—دېدى. ئۇ يەنە مېنىڭ ئىچىشقان يېرىمگە تۇز سېپىپ،—ئەمدى كۆرۈپ تۇرۇڭ، سۇلتان قاسىم بالنىتسىدىن چىققۇچە ئۇلار سىزنىڭ يېنىڭىزغا يا كىرىدۇ، يا كىرمەيدۇ.

تۇرسۇنئاي مەسىلىنى دەرىجە، مەنپەئەت نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرى تەسىر قىلدى ئەتتىمالىم، غۇژژىدە جۇدۇنۇم قوزۇپ، ئۆزۈمنى خاپىلىق تۇتتى، نېمىگىدۇر بىر نەرسىگە قورسىقىم كۆپكەندەك بولاتتى، گەرچە سۇلتان قاسىمنىڭ دەرىجىسى بىلەن ئۇلارغا بەرگەن مەنپەئەتىنىڭ مېنىڭكىدىن زور ئىكەنلىكىگە زادىلا شەكلەنمىگەن بولسامىمۇ، يەنىلا ئىچىمنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك قىلىپ تۇراتتى، بىر تەرەپتىن سۇلتاندەك بولالمىغىنىمغا تىتىت بولسام، بىر تەرەپتىن دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئەمدى مېنى ئۇنتۇپ

قىلىۋاتقانلىقىغا قايىنايتتىم. ئىچىمدىكى خاپىلىقىم يوشۇرۇن ئەسەبىيلىككە يۈزلەندى. مەن ئىچىمدە ئۇلارنى ھەي ئۇيياتسىزلار، قېنىڭدا خۇشامەتچىلىكتىن باشقا نەرسە يوق شەرمەندىلەر. مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈشكىچە ئۆلۈشسەڭچۇ، دەپ تىللاشقا باشلىدىم. مۇشۇ دەقىقە ئىچىدە ئۇلار ماڭا ھەقىقەتەنمۇ رەزىللەرنىڭ رەزىللىرى بولۇپ كۆرۈندى، ئۇلارنىڭ قىلمىشۋاتقانلىرى ھەر قانداق جىسمانىي ئەيىب ۋە كېسەللەردىنمۇ ئېغىر، خەتەرلىك تۇيۇلۇپ كەتتى.

راست دېگەندەك، دوختۇرخانا باشلىقلىرى تۆت كۈنگىچە ياتقىنىمغا دەسسەپ قويمىدى. بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ خورلانغاندەك، تۇرسۇنئاينىڭ ئالدىدا ئابرويۇم چۈشۈپ كەتكەندەك بولدۇم. ئۇلارنى خاتىرەمدىن ئۆچۈرۈۋەتمەك بولدۇم. ئەمما، كۆڭلۈمنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئەمدى سۇلتان قاسىم باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا قۇرۇلۇۋاتقان تېرە زاۋۇتى، تۈۋىت مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى، ھاراق زاۋۇتى قاتارلىقلار كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەنچە خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدىم. سۇلتاننىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى ئويلىغىنىمدا، ئۇنىڭ يېنىغا دەرھال چىقىپ كىرگۈم كېلەتتى. كېچىككەنچە خۇددى گۇناھكار بولۇپ قالىدىغاندەك تەشۋىشلىنەتتىم. ئەمما بىرنى تۇرسۇنئاينىڭ ئالدىدا قىلىشقا جۈرئەتسىز ئىدىم. قىلدىممۇ، بولدى: ھە، قانداق؟ ئۆزىڭىزگە سۇ يۇقتۇرماي يۈرەتتىڭىز، چاغلىقكەنسىزغۇ، دەپ رەسۋايىمنى چىقىرىدۇ. بۇنىڭغا بىرەر باھانە-سەۋەب تاپقىلىمۇ بولاتتى. كۈنلەر شۇ تەرىزدە ئۆتتۈۋەردى.

— ھە، دېرىزىدىن قاراپ، سۇلتان قاسىمنى يوقلاپ كىرىپ كېتىپ بارغانلارغا ھەيران قېلىۋاتامسىز نېمە؟ — دېدى بىر كۈنى تۇرسۇنئاي غېرىبسىنىپ ئولتۇرغىنىمدا تۇيۇقسىز كىرىپ، — بىزمۇ ئاجايىپ ئادەملەركەنمىز. ھە دېسىلا باشلىقلارنى غاجايمىز، ئەمەلىيەتتە، شۇلارنى يامان ئۆگىتىۋاتقانمۇ ئۆزىمىز. بىرىنىڭ ئەمەلى ئۆستىمۇ، بولدى، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالىمىز، ھازىر سۇلتاننى يوقلاۋاتقانلار سىزنى يوقلىغانلاردىن بەش ھەسسە كۆپ. سورۇشتۇرۇپ كەلسىڭىز، سۇلتان ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىردىن چاپان كىيگۈزۈپ قويغان دەمسىز؟ ئۇنداق ئەمەس، ھەممىنى ئۆزىمىز بۇزۇۋالىمىز. كېلىڭ ئوكۇلىڭىزنى سېلىۋېتەي!

تۇرسۇنئاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سۇلتاننى يوقلاپ چىقىش نىيىتىمدىن يالتايدىم. چۈنكى مەن تۇرسۇنئاينىڭ كۆزىچە «باشلىقلارنى بۇزۇۋاتقان» لارنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتىم. مېنىڭ يەنىلا دوختۇرخانىدىن پاك چىقىپ كېتىش پىلانىم ھەممىدىن ئاقلانىدەك قىلاتتى.

تۇرسۇنئاي بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ياتاققا كىرىپ كەلدى:

— ئەمدى سۇلتان قاسىممۇ بىر چەتتە قالدى! — دېدى ئۇ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ، — بالنىتسىغا قادىر ھاكىم كەپتىكەن، ئىككى كۈندىن بېرى شۇنىڭ تەييارلىقىدا پايپاسلاپ يۈردۇق، قانات چىقىرىپ ئۇچمىدۇق، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇق.

www.uyghurkitap.com

مەن ياتقان ئورنىمدىن ئىختىيارسىز ھالدا لىككىدە تۇرۇپ كەتتىم.

—ھە، نېمە بولدىڭىز، چۆچۈپ كەتتىڭىزغۇ، ھاكىمدىن ئەنسىرەۋاتامسىز يا؟—دېدى تۇرسۇنئاي.

— ياق، گەپلىرىڭىزنى يېتىپ تۇرۇپ ئاڭلىسام، ئەدەپسىزلىك بولار،— دېدىم مەن.

—قويۇڭ بۇ ئىشلارنى،— تۇرسۇنئاي يەنە ئەسلى سۆزىگە قايتتى،—ئەمدى سۇلتاننى يوقلايدىغانلار ئازىيىپ، ھەممىسى قادىر ھاكىمنىڭكىگە ئېقىۋاتىدۇ. ئۆزىمىز قىلىۋاتقان ئىشلاردىن ئۆزىمىز كۈلىمىز. بىزنىڭ باشلىقلار داۋالاش ئۇسۇلى، سېستىرالارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى ھەققىدە ئىككى قېتىم يىغىن ئاچتى. ھازىر ھەممىمىز پۈتى كۆيگەن توخۇدەك پالاقشىپ يۈرۈيمىز.

—نېمە كېسەلكەن؟— سورىدىم مەن.

—نېمە بولاتتى، زۇكام، سەللا قاتتىقراق ئىنجىقلاپ بەرسە، بىزنىڭكىلەر شەھەرگە يۆتكەيمىز دەيدىغاندەكلا تۇرىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە-جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىپ بولدى. ئۇنىڭغۇ مەيلى دەيلى، بەزىلەرنىڭ ئىككى-ئۈچ قېتىم، ھەتتا ئائىلە، بالا-چاقىلىرى بىلەن كەلگىنىچۇ تېخى! يائاللا، يائاللا! نېمىدېگەن ئادەملەر بۇ! بۇ خۇشامەتچىلىك ئۆزلىرى بىلەنلا كەتسە مەيلىغۇ، باللىرىغا، نەۋرىلىرىگە يۇقىدىغان بولسا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتەر؟

—ئادەمگەرچىلىك ئەمەسمۇ؟— دېدىم مەن ئۇلارنى ئاقلاپ.

—ئادەمگەرچىلىكنىڭمۇ يولى-چېكى بولار؟—دېدى ئۇ ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ،—گېپىڭىزدىن قارىغاندا ساق بولغان بولسىڭىز سىزمۇ ئۈچ-تۆت قېتىم كېلىپ بولاتتىڭىزكەن-دە. ھېلى بولسىمۇ كىرىپ چىقامسىز يا؟

ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى تەمتىرىتىپ قويدى. جان-جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن سۆزلەر پېشانەمدىن بۇژۇردە تەر چىقىرىۋەتتى. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىن كەچكەنلەرنى خۇددى ئىچىمگە كىرىپ چىققاندەك سۆزلەۋاتاتتى.

—تىنچ-ئامان ساقىيىۋالىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىڭا،—دېدىم دەرھال ئۆزۈمنى گەپ بىلەن ئوڭشاشقا تىرىشىپ،— ۋاقتى بولسا ئۇلار مېنى يوقلىسۇن!

—ھە، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى. ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلمامسىز، مۇنداق. ئايال جېنىمىزدا بىز شۇنچىلىك قايناۋاتساق، ئەرخەق تۇرۇپ سىلەر خۇشامەتچى بولۇپ كەتسەڭلار قاملاشماس،—دېدى تۇرسۇنئاي مېنىڭدىن رازى بولۇپ. ئۇ ماڭا ئوكۇل ئۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

بىر كىشىنىڭ بېشى ياستۇققا يەتسە، باشقىلارنىڭ كېلىپ ھال سورىشى ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئەڭ ئەقەللىي مىزانى. تۇرسۇنئاينىڭ قايناۋاتقانلىرى ھوقۇق ئىگىلىرىنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ يوقلايدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نام-مەنپەئەت ۋە پايدا-نەپنىڭ كەينىدە سوكۇلداپ يۈرىيدىغانلارنىڭ نومۇسسىز ھەرىكەتلىرى ئىدى. تۇرسۇنئاينىڭ ھۆكمىچە، يۇقىرى قان بېسىمى بىلەن داۋالىنىۋاتقان ماڭا ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ھاكىمنى يوقلاش كەينىدە بولۇشى شەك-شۈبھىسىز ئاشۇ ھەرىكەتلەر جۈملىسىگە كىرەتتى. مەن

شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى بۇ نۇقساندىن ناھايىتى يىراق قاچۇردۇم.

بىراق، ئاخشىمى يېتىپ ئىچىمگە جىن كىردى. ئۇيان ئويلاپمۇ، بۇيان ئويلاپمۇ قادىر ھاكىمنى كاللامدىن زادىلا چىقىرىۋېتەلمىدىم. مېنىڭمۇ «يوقلاش» مۇسابىقىسىدىن چەتتە قالغۇم كەلمەيتتى. يېنىمدا ھاكىم ياتسا، كىرىپ قويمىسام قانداق بولىدۇ؟ ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار ئەمەسمۇ؟ ئەتىلا ساقىيىپ چىقسام ئۇنى ئىزدىمەيمەن، دەپ ئېيتقىلى بولامدۇ؟ تۇرسۇنئاينىڭ گېپى ئاڭلىماققا چىرايلىق، توغرىدەك قىلغان بىلەن ھازىر ئېقىۋاتقان ئىش ئاشۇ تۇرسا، ئۆزۈڭ بىلگەن يولنى ئاتاڭغا بەرمەدەپتىكەن، ماڭىمۇ شۇ يول ئەسقىتىپ كەلمىدىمۇ...

تاڭمۇ ئاتتى. بىر شەيتىنىم قادىر ھاكىم تەرەپكىلا تارتىپ تۇراتتى. ئۆزۈمنى تىزگىنلىيەلمەي، ئاخىرى ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىش قارارىغا كەلدىم. بىراق ئۇنى تۇرسۇنئايغا تۇيدۇرماسلىق كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆزىدىن نېرى بولۇش پۇرسىتىنى كۈتۈشكە توغرا كەلدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تۇرسۇنئاينىڭ بىر كۈنلۈك رۇخسەت سورىغانلىقىنى ئاڭلىدىم-دە، مىدىرلاشقا باشلىدىم. قادىر ھاكىم ياتقان نېرىقى كورپۇسقا ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ، بۇ يەردە تىنىپ يۈرۈپ چىققۇچىلىكىم بار ئىدى. جاسارەتكە كەلدىم. تومپۇچكىدىكى ھەر خىل مۇرابباۋە مېۋە-چېۋىلەرنى بىر سومكىغا توشقۇزۇپ ئاستا تالاغا ماڭدىم.

تاشقى كېسەللەر بالنىتسىغا ناھايىتى تەستە چىقتىم. لېكىن قادىر ھاكىم ياتقان ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئەمدىلا چېكەي دەپ تۇرۇشۇمغا كارىدورنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن چىققان تۇرسۇنئاينىڭ تونۇش ئاۋازى مېنى چۆچۈتىۋەتتى:

—پاھ، قالتىسقۇ، مانا، ساپساقلا بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟!

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. شۇ تاپتا تۇرسۇنئاي ماڭا گويا بالنىتسىدىمۇ جىم ياتماي، قانداقتۇر بىر شۇملۇقلار بىلەن تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئادەمنى تۇتۇۋالغان قاراۋۇلدەك بىلىنىپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

---

(بېشى 106 - بەتتە)

كېچىلەردە ئۈنسىز قان يىغلايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ مېنىڭ يۈرىكىمگە ئوخشاش بىر پارچە گۆش، ئۇ گۆش يىغلايدۇ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ، نەپرەت ئوقۇيدۇ، شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ ۋىجدانىم، ئەرلىك غۇرۇرۇم بېغىمدىكى گۈلنى باشقىلارنىڭ پۇرىشىغا يول قويمىغان يەردە ئايالىمنىڭ ۋىجدانى، غۇرۇرى مېنىڭ باشقىلارنىڭ گۈلىنى پۇرىشىمغا يول قويامدىكەن؟! خۇدا ۋىجدان، غۇرۇر، كۆڭۈلنىڭ ھەممىسىنى ئەرلەرگىلا بېرىپ، ئاياللارغا بەرمىگەنمۇ؟ ئەرلەرنىڭ ۋىجدانى ۋىجدان، غۇرۇرى غۇرۇر، كۆڭلى كۆڭۈل، ئاياللارنىڭ ئەمەسمىكەن؟

ئىنسان ھايۋانىي تۇرمۇش ئۈچۈن تۇغۇلغانمۇ؟ ياق! شۇڭا يۈرىكىم يىغلايدۇ، ھايات دېگەن مۇشۇنداق ئىپلاسلىق بىلەن بۇلغىنىپ ئۆتۈش بولسا ياشاپ نېمە قىلىدۇ، دەپ زار-زار يىغلايدۇ، ئاھ، مەن قاچان ئادەم بولىمەن؟!

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل**



# قاردا ياتقان چوكان

پەرھات جىلان

(ھېكايە)

قار ئۈستىدە ياتقان ياش ئايالنىڭ ئەتراپىغا بىر توپ كىشىلەر ئولاشقانىدى. گۇگۇم چۈشكەن مەزگىل بولۇپ، قىشنىڭ كۆل رەڭ ئاسمىنى بارغانسېرى قارىداپ كېتىۋاتاتتى. توختىماي قار يېغىۋاتاتتى. ياش ئايال يولنىڭ چېتىدىكى دەرەخ تۈۋىدە قىمىر قىلماستىن ياتاتتى. بۇ جاي شەھەرنىڭ چەت ئارقا كوچىلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئادەم شالاڭ ئىدى. قاردا ياتقان چوكان ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلارنى كۆرمەيتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغانىدى. ئۇزايىدىن خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار بىردىن-ئىككىدىن بۇ يەرگە كېلىپ توپقا قوشۇلاتتى. ئۇلار خۇددى ئۆز ئۆيىدىكى ئاپئاق كىرلىك تارتىلغان يوتقان-كۆرپىلىرىنىڭ ئۈستىدە بەخىرامان ئۇخلاۋاتقاندەك جىمجىت ياتقان چوكانغا قاراپ، ئۆزئارا ئۇيان-بۇياندىن خىتاب قىلىشاتتى:

— نېمە بوپتۇ؟

— ئېرى بىلەن سوقۇشۇپ قاپتىكەن...

— ئېرى ئۇرۇپ قويۇپتىكەن، ئۇيقۇ دورىسىدىن بىر چاڭگالنى بىراقلا ئىچىۋاپتۇ.

— ئېرى قېنى؟

— ھاراق ئىچىۋاپتىكەن، خۇددىنى بىلمەيدۇ، نەگە كەتتىكىن...

شۇ ئەسنادا چوكان كىشىلەرنىڭ گەپلىرىدىن ئويغىنىپ كەتكەندەك ئاستا مىدىرلاپ يېنىغا ئۆرۈلدى، تەستە ئېچىلغان لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاھ ئۇرغاندەك چۈشىنىكسىز، بوغۇق سادا چىقتى-دە، يەنە جىمىپ قالدى.

كىشىلەر يەنە خىتاب قىلىشتى:

— جېنى بار ئىكەن...

— ئۇيقۇ دورىسىنى ئىچىۋالغان بولسا، ئۇ ھازىر ئۇخلاپ قالغاندۇ...

— دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك! ئاشقازىنىنى تازىلىمىسا بولمايدۇ.

— دوختۇرخانىغا قانداق ئاپىرىمىز؟ خوتۇن كىشىنى بىز كۆتۈرسەك بولمايدۇ-دە.

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ! ھەممىمىز ئەر كىشى ئىكەنمىز. يات ئايالنى كۆتۈرسەك ئەيىبلەشمەيدۇ. بىرەر ئايال كىشى بولغان بولسىمۇ...

— خوتۇن خەق ئۇنى كۆتۈرەلمەيتتى.

— راست، بويلۇق، سېمىز چوكان ئىكەن.

— بۇنداق يېتىۋەرسە توڭلاپ قالىدۇ...

ئىچ ئاغرىتىدىغانلار كۆپ، لېكىن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغان ئادەم چىقمايۋاتاتتى.

ئەتراپ تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. چوكاننىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى، ئالدى ئېچىلىپ قالغان كۆك سوكنا پەلتوسىنى گوياكى باھارنىڭ ئاق چېچەكلىرىدەك قار باستى. شۇ تاپتا ئۇ ھېچنېمىنى سەزمەيتتى، پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇ يۇمۇلغان كۆزلىرى ھەممىنى كۆرۈۋاتاتتى. مانا، ئۇ ئېرىنىڭ غەزەپلىك چىرايىنى كۆرۈۋاتىدۇ! ئېرىنىڭ مەست بولۇپ، قورقۇنچلۇق تۈس ئالغان ئاشۇ ئۇنتۇلماس چىرايىنى كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇ مۇشۇ يەرگە يىقىلىپ، كۆزىنى يۇمغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن ئاشۇ چىرايىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايدۇ. شۇنچە تونۇش، شۇنچە دەھشەتلىك بۇ چىراي ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ يېقىنلاپ كەلدى... ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت تىل-ھاقارەتلەر... ئارقىدىنلا مۇشت! ئېرىنىڭ مۇشتى... ئاشۇ مۇشت بارغانسېرى زورىيىپ يوغىناپ چوكاننىڭ كۆزلىرىنى تامدەك توسۇۋالدى. چوكان ئەمدى مۇشتتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى، ئۇنىڭ ئەقلى يەنە غۇۋالاشتى. ئۇ پەقەت ئاھانەت ۋە چىدىغۇسىز نومۇستىن بوغۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى غىل-پال ئەسلىيەلىدى. ئاخىرى ... ئاخىرى قانداق بولغانىدى؟ ھە، راست، بېقىنىغا تەگكەن قاتتىق تېپىكتىن تۈگۈلۈپلا قالدى-دە، سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ شىرەنىڭ تارتمىسىغا قول ئۇزاتتى، ئاق تابلېتكا دورىلارنى سىقىملاپ ئالدى. ئاندىن ئاغزىغا سېلىپ تەستە يۇتتى ... ھەممىسىنى يۇتۇۋەتتى. قانچە تال ئىدىكىن، ئىشقىلىپ بىرمۇنچە تابلېتكا ... ئۇنىڭدىن باشقىسى چوكاننىڭ ئېسىدە يوق.

توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر تېخىچە غۇلغۇلا قىلىشىۋاتاتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئېچىناتتى، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى ئويلايتتى، ئەمما بىرىنىڭ ئىلاجىسىنى قىلالمايتتى. يات ئايالنى كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ! خەقنىڭ خوتۇنىنى كۆتۈرۈپ قويساڭ سورىقى بار. بالاغا قالىسەن! ياۋاشلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئامال يوق. بۇنداق چاغدا يات ئەركەكلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئىچىنى ئاغرىتىش.

— ۋاي بىچارە!

— بۇنداق يېتىۋەرسە ئۆلۈپ قالامدۇ...

— توڭلاپ قالىدىغان بولدى...

راست، راست، توڭۇپ كېتىۋاتىمەن، دېگەن ئويى بىلەن چوكاننىڭ زېھنى ئويغىنىشقا باشلىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئىسسىق يوتقانغا يۆگىنىپ يېتىۋالغان بولسا، يەنە ئىككى ئوتلام ئىسسىق چاي بولسا ...

www.uyghurkitap.com

چوكاننىڭ كۆزلىرى يەنە روشەنلەشتى، ئۇ يەنە كۆرەلەيدىغان بولدى. كىم ئۇ؟ ياشانغان بىر ئايال كېلىۋاتىدىغۇ؟— دەپ ئويلىدى چوكان ۋە ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىق تۇيغۇسىدىن ئىسسىپ قالغاندەك بولدى. ئاھ، بۇ ئاپامغۇ! چوكان ئانىسىغا تەلپۈندى، جىسمى بىلەن ئەمەس جېنى بىلەن تەلپۈندى، لېكىن مىدىرلىيالمىدى. ئاپا، دەپ توۋلىغۇسى كەلدى، لېكىن ئۇيۇشۇپ قالغان لەۋلىرى ئېچىلمىدى، ھېچقانداق زۇۋان چىقمىدى. ئانىسى ھەر دائىمقىدەك مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ، قىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. يۇمشاق قوللىرى بىلەن قىزىنىڭ چاچلىرىنى، مەڭزىنى سىيىلىدى. ئاندىن يەنە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قىزىنى قۇچاقلىدى، ئۇنى يىللىق باغرىغا باستى. ئاھ نېمىدېگەن راھەت! ئانىنىڭ باغرى نېمىدېگەن ئىسسىق! نېمىدېگەن ئىسسىق! ئاپا، ئاپا، مېنى قويىۋەتمىگىن، تېخىمۇ چىڭ، تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىغىن. شۇ قۇچىقىڭدا يېتىپ بىر ئۇخلىۋالاي، خۇددى كىچىك ۋاقتىمدىكىدەك ...

بىراق، بۇ نېمە ئىشتۇر؟ ئانىسىنىڭ خۇش چىرايى خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقان يېنىك ئاق بۇلۇتقا ئوخشاش ئاستا - ئاستا يېيىلىپ، تارقىلىپ، يىراقلاشقىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئاشۇ يىللىق باغرى بەئەينى پىلىلداپ ئۆچۈپ قالغان ئوت شولىسىدەك بىردەمدىلا غايىب بولدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغاندۇر؟ چوكان بۇنى ئويلىيالمىدى، ئەپسۇسلانمىدى، قايغۇرمىدى. ئۇنىڭ مۇزلىغان دەرمانسىز قەلبى قاراڭغۇ بوشلۇققا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ھېچنېمىنى ھېس قىلالمايتتى، ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. پەقەت بىرلا ئارزۇلۇق خىيال ئۇنىڭ ئاشۇ قەلبىدىكى بوشلۇقتا ئەكس سادا پەيدا قىلدى: ئاپامنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالسام بولاتتى. توغرا، ئەمدى ئۇنىڭ يادىغا كەلدى، ئۇ ھېلىقى دورىلارنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقتى، قېچىپ چىقتى، مانا مۇشۇ يول بويىدىكى دەرەخنىڭ يېنىغا كەلگەندە يىقىلدى ... ئۇ ... ھە راست، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئاپامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن، دېگەندى. راست، راست، كېتىمەن ... ئەمما بىر دەقىقە ئىچىدە بۇ خىياللارمۇ يوق بولدى. ئۇ يەنە قار ئۈستىدە ئۇخلاپ يېتىۋەردى.

ئۇ ئۇخلىغان بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان كىشىلەر ئويغاق ئىدى. ئۇلار تېخىچىلا بۇ چوكاننى قانداق قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى تاپالماي ئاۋارە ئىدى. شۇ ئاردا كىشىلەر توپىغا يېڭىدىن كېلىپ قوشۇلغان بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ھەممىدىن بەكرەك جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ ئېڭىشىپ، چوكاننىڭ يۈزىگە قارىدى.

— ۋاي، ئېسىت، بىر چىرايلىق چوكان ئىكەن، — دېدى ئۇ ئېچىنغان ئاھاڭدا ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ، سۈكۈت ئىچىدە تۇرغان ئەر كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى، — ئۇنىڭ ئېرىنى چاقىرىپ كەلسەك بولمامدۇ؟

قۇلاقچىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بەستلىك ئەر كىشى خۇش ياقمىغان ھالدا جاۋاب بەردى:

— ئۇ مەست بولۇپ، ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاپ ياتىدۇ. شۇ يېتىشى بىلەن ئەتە چۈشكىچە قوپالمايدۇ. ئۇ دائىم شۇنداق. ئۇلار بىزنىڭ قوشنىمىز، بىز بىلىمىز ...

— قوشنىسى بولغاندىن كېيىن بىر

نەچچىڭلار بىرلىشىپ بۇ ئايالنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويساڭلار بولمامدۇ؟!

— ئەركىشى بولسىڭىز شۇنداق قىلساق بولاتتى، بىراق بۇ ئايال تۇرسا...

— ئەمىسە شۇنچە ئادەم قاراپ تۇرۇپ ئۇ ئۆلۈپ قالسا مەيلىمۇ؟ ئۇنداق قىلماڭلار، خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ!

...

ئوتتۇرا ياشلىق ئايال نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا قاراپ چىقتى ۋە ھېچكىمدىن جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن يەنە ئەنسىزلىك بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي خۇدايىم، يا بۇ ئارقا كوچىغا ماشىنىمۇ كىرمەيدىكەن! بۇنداق يېتىمۋەرسە بولمايدۇ... مۇشۇنداق ئەرگىمۇ تېگەمدىغان... ۋاي خۇدايىم... مەن بىر ماشىنا تېپىپ كېلەي.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ تېيىلغاق يەردە ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈكلىرى بىلەن ئىمكان قەدەر يۈگۈرۈشكە تىرىشىپ يان كوچىغا كىرىپ كەتتى. توپلىشىپ تۇرغان ئەرلەرمۇ گويا ئەمدى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بولۇشتى. بىرنەچچە كىشى چوڭ كوچىغا چىقىپ ماشىنا توسۇپ باقماقچى بولۇشتى.

چوكان ئاۋۋالقىدەكلا كۆزلىرىنى ئاچماي ھەرىكەتسىز ياتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئاچماقچى بولدى، لېكىن ئاچالمىدى. ئۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغان قاتتىق ئۇيقۇنىڭ سېھىرلىك تورلىرىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ھەتتا بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ مىدىرلىتالمىدى. پەقەت يۈرىكىلا ئاجىز تېپىرلاپ تۇراتتى. بارغانسېرى خىرەلىشىپ كېتىۋاتقان زېھنى ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە گويا ئاجايىپ ئىسسىق ئېقىم بولۇپ، تارقىلىۋاتقان لەززەتلىك ئۇيقۇنىڭ راھەت بەخش قۇچىقىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ، يەنىلا بوي بەرمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە ھېلىقى سىقىملاپ ئېلىنغان ئاق تابلېتكا دورىلار پەيدا بولاتتى. كىملەرنىڭدۇر توڭلاپ قالىدىغان بولدى... ئۆلۈپ قالىدىغان بولدى... دېگەندەك سۆزلىرى يىراق يەرلەردىن لەرزان ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىۋاتقاندەك بولاتتى. بۇ كىشىلەر نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ مەن توڭلاپ قالامدىم؟ ئۆلۈپ قالامدىم؟ شۇنچە ياش تۇرۇپ... ياق، ياق، ئۇ ئۆلۈشنى خالىمايدۇ، ھەرگىز خالىمايدۇ! ھېلىقى ئاق تابلېتكىلارنى ئۇ قانداق قىلىپ ئىچىپ سالغاندۇر؟ ئۇ ئىچىشنى خالىمايتتى! ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئەمدىلەتىن تەمتىلەپ مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتقان قىزى بار ئەمەسمۇ!؟ شۇنداق، ئۇنىڭ ئوماققىنا قىزى بار، مېھرىبان ئانىسى بار، شۇلارنى تاشلاپ ئۇ قانداق كېتەلىسۇن؟ ئاھ خۇدايىم، خۇدايىم... ئۇ ئەمدى پەقەت شۇ بىر سۆزنىلا ئويلىيالىدى.

ئۇشتۇمتۇت ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن قانداقتۇر بىر ئايالنىڭ ۋاي بىچارە... ۋاي ئېسىت... ئۇۋال ئەمەسمۇ... دېگەندەك ئېچىنىش خىتابلىرى قاردا ياتقان چوكاننىڭ قۇلاقلىرىغا خۇددى پىچىرلاۋاتقاندەك ئاران ئاڭلانغاندى. لېكىن تەنھا قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىشىدەك بۇنداق خىتابلار ھالسىرىغان جانغا دەرمان بولمايتتى. چوكان بارلىق زېھنىي كۈچىنى يىغىپ بىر ئەر كىشى، بىر ئاق كۆڭۈل ئەر كىشى چىقماسمۇ... دېگەن ئۈمىدنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەلىدى. شۇنداق،

ئۇ ھازىر ئاجىز ئايال كىشىنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازىغا ئەمەس، كۈچلۈك ئەر كىشىنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى. ئۇ، ئەر كىشىنىڭ كۈچلۈك قوللىرىغا ئىنتىزار ئىدى، شۇ قوللار ئۇنى بۇ سوغۇق يەردىن كۆتۈرۈپ ئالسا نېمە بولار! شۇ قوللار ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، خۇددا ھەقىقەتەن بىر ساۋاپلىق ئىش قىلىپ قويسا نېمە بولار! دوختۇرخانا بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس. جېنى بار بىر ئەركەك بۇ چوكاننى ھاپاش قىلىپ ماڭسا ئۇن مىنۇتتا قالماي يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بىر ئەر كىشى ... بۇ خىيال مۇزلاپ كېتىۋاتقان يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، شۇ ھامان ئۆچۈپ قالدى، چۈنكى دەل شۇ چاغدا كىمدۇر بىرىنىڭ «يات ئايالنى كۆتۈرسە بولمايدۇ» دېگىنى ئاڭلاندى.

شۇنداق، ئۇ ئەمدى ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىدى. ئۇ ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇپ يىراقتىكى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغاندى. قاراڭلار! ئۇ نېمە؟ ئۇ بىر ئادەممۇ، ئۇ مۇشۇ يەرگە كېلىۋاتامدۇ. مانا، يېقىنلاپ كېلىپ قالدى. بۇ بىر ئەر كىشى ئىكەنغۇ. توغرا، ئەر كىشى! شۇ ئەر كىشى سالماقلىق قەدەم بىسىپ دەل چوكاننىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى شۇنچە سىلىق، شۇنچە يېقىملىق ئىدىكى، يەردە مىڭىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى خۇددى ھاۋادا لەيلەپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ كىم — دەپ ئويلايتتى چوكان، — شۇنچە تونۇش، شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە نۇرلۇق چىراي! ئاشۇ نۇرلۇق چىراي ئۇنىڭغا ئاستا ئېگىلىپ قارىدى.

— جېنىم بالام، ئەجەبمۇ قىينىلىپ كېتىپسەن، — دېدى ئۇ، چوكاننىڭ ماڭلىيىنى سىيلاپ، — تۇرغىن، قىزىم، كېتەيلى، چوكان ئاجايىپ بىر ئىنتىزارلىق تەلمۈرۈش ۋە ئىنتىلىش بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ، قادىلىپ قارىدى ۋە دادا! دەپ ۋارقىرىدى. دادا! بۇ دادامغۇ! ئۇ شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىدىكى، ئاۋازى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، يۈرىكىنىڭ قات - قېتىدىن ئېتىلىپ چىقتى. لېكىن بۇ ئاۋازنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. «يات ئايالنى كۆتۈرسە بولامدۇ، بولمامدۇ؟» دېگەن قېيىن مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلالماي تېڭىرقاپ تۇرغان ئاشۇ كىشىلەر بۇ ئاۋازنى ئاڭلىمىدى. بۇ ئاۋاز كېچىلىك قاراڭغۇنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاسماننىڭ ئەڭ يۇكسەك، ئەڭ يارقىن پەللىسىگە ئۇچۇپ كەتتى.

دادىسى ئۇنى قار ئۈستىدىن بىجايىكى ماھىرلىق بىلەن كۆتۈرگەندەك يېنىككىنە كۆتۈرۈپلا تۇرغۇزدى ۋە قولىدىن يېتىلەپ ئېلىپ كەتتى.

توغرا بۇ ئەر كىشى قاردا ياتقان چوكاننىڭ دادىسى ئىدى، ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

جاپپار قاسىم



# يۈرىكىم يىغلايدۇ

(ھېكايە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ يېشىم ئۆمۈر داۋىنىدىن پەسكە قاراپ ماڭغاندىن بېرى، ئۆز-ئۆزۈمگە قاچان ئادەم بولۇرمەن؟! دەپ سوئال قويىدىغان بولۇپ قالدىم. ئادەم بولۇش ھەقىقەتەن يۈكسەك سەنئەت ئىكەن. ئۆي-ئوچاقلىق بولدۇم، باللار ئېگەككە تاقاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، 20 يىللىق دۆلەت خىزمەتچىسىمەن، يەنە كېلىپ بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان بۆلۈمنىڭ باشلىقى. قانداق قىلىپ باشلىق بولۇپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ھېچ بىلەلمەيمەن. كۆتۈرمىچىلىك قىلىدىمىكىن دېسەم، ئاغزىمغا ھاراق تەگكەندە قانداقلىقىنى ئۇقمايمەن، لېكىن ساق ۋاقتىمدا كۆتۈرمىچىلىكنى قاملاشتۇرالمايمەن، يۆلەنچۈكۈم بارمىكىن دېسەم، يۇقىرىدا ئەمەلدار ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرىم يوق. خىزمەت ئىقتىدارىم بارمىكىن دېسەم، تۇتۇپقىنا ئىشلىگەن ياكى ھەل قىلغان ئىشىمنىڭ تايىنى يوق. ئىچىشىم ھاراق، چېقىرىشىم چاتاق، يېيىشىم تاياق، شۇڭا بۆلۈمنىڭ ئىشلىرىنى ئاساسەن مۇئاۋىنىم ئىشلەيدۇ، دېمەك، ئەمەلىي ھوقۇقنى شۇ يۈرگۈزىدۇ. ئارتۇقچىلىقلىرىممۇ يوق ئەمەس، گەپ قىلىش دېسە ئالتە كىشىلىك گەپ قىلىپ، ئون كىشىلىك ۋەز ئېيتىمەن. شۇنداقمۇ دەيمىز، لېكىن ناھىيە دەرىجىلىك ئايرىم كادىرلارغا قارىغاندا خېلىلا سەۋىيىلىكمەن، تونۇيدىغان كۆز بولسا يىلقىدا تولپار كۆپ. راستىنى ئېيتسام، مۇشۇ ھالىم بىلەن ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەردىي كادىر بولۇش ئويۇممۇ يوق ئەمەس. ئېھتىمال بۇ ئارزۇيۇم مەن ھاراقنى تاشلاپ ئادەم بولغاندىن كېيىنلا ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن. بولمىسىمۇ چالاشقىچە ئىچىپ يۈرىدىغان ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەردىي كادىرلارمۇ ئاز ئەمەس. بىراق ئۇلار مەندەك سۈيۈق-شالاق ئەمەس-تە. «ھاراق ئىچكەن تويدا مەست، ئەتلى يوق كۈندە مەست» دېگەندەك ھەر كۈنى ئازراق قېقىۋالمىسام، كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. يەنە كېلىپ، ھاراق ئاغزىمغا تەگسىلا، ئۆزۈمنى باشقۇرالماي قالىمەن. شۇنىسى قىزىقكى، ھاراق ئىچكەندە شىر بولۇپ كەتكەن ئوغۇل بالا ئەتىسىمۇ شىردەك تۇرسا بولاتتى. بىراق مەن ئەتىسى ئورنۇمدىن لاتىدەك تۇرىمەن. ئەتىگەنلىكى يېڭى توقۇغان سېۋەتتەك چىقىپ كېتىپ،

www.uyghurkitap.com

كەچتە چۈۋۈلۈپ كەتكەن سېۋەتتەك كىردمەن. قىلغان ئەسكىلىكلىرىمنىڭ بەزىلىرىنى غۇۋا چۈشتەك ئەسكە ئالىمەن-دە، قوقاستا پۇچۇلانغاندەك تولغىنىپ، ئاھ، خۇدا! ماڭا ئىنساپ بەرگىن خۇدا، قاچان ئادەم بولارمەن؟ دەپ قاتتىق نالە قىلىمەن. بۇ نالە، داد-پەرياد، ئۆكۈنۈشلىرىمۇ چۈشكىچىلا داۋام قىلىدۇ. چۈنكى چۈشكىچىلىك كاللامنىڭ قاپاقچىلىكمۇ رولى قالمايدۇ. قاپاق ھېچ بولمىغاندا سۇ قاچىلاشقا يارايدۇ! مېنىڭ كاللام بولسا، يېرىلىپ كەتكەندەك زىڭىلدايدۇ، ئۇستىخانلىرىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىقىراپ ئاغرىيدۇ، قىسقىسى، ئىتنىڭ ئازابىنى تارتىپ، خامۇشلۇق ئىچىدە چۈش قىلىمەن، چۈشىمۇ بولدى، بىرەر چىنە مەنپەر ياكى شورپا ئۈچۈن سۇچىنىڭ ئىشىكىدەك دۈگدىيىپ، ئاشخانىمۇ ئاشخانا كىردمەن-دە، چىشلىۋالغان ھاراقنىڭ چىشىنى چېقىش ئۈچۈن تولدۇرۇپ ئىككى رومكا قاقىمەن، ئارقىدىن قىزىق مەنپەر ياكى شورپىنى ئىچىپ راسا تەرلەيمەن-دە، ئەتىگەندىن بېرىقى ئازابنى تامامەن ئۇنتۇپ، موخۇركا بۇرايمەن. مەن موخۇركىنى تۇتاشتۇرۇپ ئىككى شورىغىچە، قاغا بىلەن قاغا تېزەك ئۈستىدە تېپىشىپتۇ، دېگەندەك، ماڭا ئوخشاش ھاراقنىڭ چىشىنى چاقىدىغانلاردىن بىرنەچچىسى خۇددى مەن چاقىرغاندەك كىرىپ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارغا يېرىم جىڭ «خىزمەت قىلىمەن»، ئۇلارمۇ بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم، دېگەندەك يېرىم جىڭ «خىزمەت قىلىدۇ». شۇنداق قىلىپ، بۇ خىزمەتنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي، يەتتە خۇپتەن بولىدۇ-دە، مەن ساڭا ئىپىتاي باشلىنىدۇ. ئاشخانا خوجايىنى قوغلىغاندىلا پايپاقىقا تېڭىرۇپ، ئاشخانىدىن چىقىمىزدە، يولنى ئالا قويماي دەسسەپ، بەئەينى ئاچ قالغان ماشىنىلاردەك بۇلۇڭ-پۇشقاقنى پۇراپ-تىمىسقىلاپ، كېچىلىك ھاراق بوتكىسىنى ئىزدەيمىز. نامەرد تووۋا قىلماس، تووۋا قىلسا، گېپىدە تۇرماس، دېگەن دەل مۇشۇ-دە... بىز ئىچىپ-ئىچىپ كۆزىمىزنىڭ قارىسى كەينىگە تارتقاندا بىر-بىرىمىزنى يۆلىتىپ قويىمىز، مەن بىر ئۇخلاپ ئويغانغاندا ئۆزۈمنى ئەخلەت ئازگىلىدا ياكى ئېرىقنىڭ ئىچىدە كۆرىمەن. شۇ ئەپتىم بىلەن ئۆيگە يېنىپ كېلىمەن-دە، ئۆيگە كىم كەلدى؟ سەن نەگە باردىڭ؟ كىمنىڭ كۆزىگە قاردىڭ؟ دەپ ئايىلىمنى سوراققا تارتىمەن. بەزىلەر سېنىڭچە، ھاراق ئىچكەن ئادەم ئەمەسمۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. ئۇنداق ئەمەس، ھاراق ئىچىشتىمۇ ئىچىش بار-دە، بەزىلەر ھاراقنى دوست تۇتسىمۇ ئۆزىنى بىلىپ ئىچىدۇ، مەيلى قانچە ئىچسۇن، تورمۇزى تۇتىدۇ. بەزىلەر مېھمانغا بارغاندا ياكى مېھمان كەلگەندە ئىچىدۇ، يەنە بەزىلەر چارچىغاندا، زېرىككەندە ئىچىدۇ ۋە يەنە بەزىلەر خۇشال بولغان ياكى دىلى ئازار يېگەن كۈنلەردە ئىچىدۇ، قانداقلا بولمىسۇن، ئىش قىلىپ ئۇلار بەزى سەۋەبلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىچىدۇ، مەنچۇ؟ مەن سەۋەبسىز، مەقسەتسىز ئىچىمەن، ماڭا ئورۇن، ۋاقىت، ئولپەتنىڭ ئۆگىيى يوق. بىر پارچە سۆڭەكنى كۆرسە ئەگىشىپ كېتىۋېرىدىغان كۈچۈكلەردەك، كىم ماڭا بىر رومكا ھاراق تەڭلىسە شۇنىڭ بىلەن كېتىۋېرىمەن. مېنىڭ نەزىرىمدە، ھاراق ئاتىسى يوقنىڭ ئاتىسى، ئانىسى يوقنىڭ ئانىسى، مۇڭدىشى يوقنىڭ مۇڭدىشى، ئۇنىڭسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس، مەن ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق، چۈنكى ھاراق مېنىڭ 25 يىللىق سىردىشىم،

دوستۇم. بۇنى راستمۇ دەيلى، بۇنىڭ
كارى چاغلىق. لېكىن مەسىلە نەدە دېسەڭ-
لار، مەسىلە مېنىڭ تورمۇزۇمدا. مەن ئىككى
سەر ئىچكەندىن كېيىنلا تۆت سەر مەست
بولىمەن - دە، ساق چاغلاردا شاپ - شاپ
تۇتىدىغان تورمۇزۇم بىراقلا ئۆزىنىڭ
«هايات كۈچى»نى يوقىتىپ، چورتلا ئىش-
لىمەس بولىدۇ، خالاس!

ئايالىمنى هەيران قالدۇرىدىغان بىر
ئىشىم بار. ئۇ بولسىمۇ، هەر ئاينىڭ 8 -
كۈنى ئالىدىغان ئىككى يۈز ئوتتۇز ئالتە
يۈەن ئۈچ مو تۆت فۇڭ مائاشىمنىڭ بىر
تىيىننى نېرى - بېرى قىلماي ئايالىمغا
تاپشۇرىمەنۇ، پۇل «بانكا»غا چۈشۈپ، قانۇن-
لىشىپ بولغاندىن كېيىن، هەر كۈنى 10—15
يۈەندىن سوراپ ئېلىپ، ئاي ئاخىرىغىچە
ئۆزۈم بەرگەن پۇلنى ئۆزۈم پىلە قۇرتى-
دەك پاك - پاكىز يەپ تۈگىتىمەن. ئايالىم:
بۇنداق ئاۋارە بولغىچە، ئىككىمىزنىڭ مائا-
شىنى سىزلا باشقۇرۇڭ، دېسە، ئۇنىڭغىمۇ
ئۇنىمايمەن. بىچارە ئايالىم مائاشىم چىققۇ-
چىلىك، ئۆيىنىڭ پۈتۈن چىقىمىنى كۆتۈر-
گەننى ئاز دەپ، مېنىڭ هاراق، تاماكامنى-
مۇ كۆتۈرىدۇ. ماۋۇ پېشانىنىڭ ئوڭلۇقىنى
قارىمامسىز، هەر نېمە بولسا، مەندىن چىق-
راق مائاش ئالىدىغان خوتۇننى ئاپتىكەنمەن،
بولمىسا، قانداقمۇ قىلار بولغىيتتىم - هە؟!
بەزىدە ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىدىن ئۆزۈم نومۇس
قىلىپ كېتىمەن، هەر هالدا نومۇسنى بىل-
گىنىمدىن قارىغاندا، ئادەم بولۇشۇمدىن
تېخىچىلىك بولسىمۇ ئۈمىد بارمىكىن دەپ-
مۇ ئويلاپ قالىمەن. مەنچە ئادەمنىڭ ئوي-
غىنىشى، ئادەم بولۇشى ئىلگىرى - كېيىن
بولۇپمۇ قالىدىغۇ، «هەمىشە قەھرىمان بولۇش
مۇمكىن ئەمەس، لېكىن هەمىشە ئىنسان
بولۇپ قېلىش مۇمكىن.»① قىزىق ئىش،
مەن ئۆز مائاشىمنى يۈزدە يۈز هاراققا
سەرپ قىلسام، ئايالىم چىش يېرىپ گەپ
قىلمايدۇ، ئۇ ئۆز مائاشىدىن بىر تىيىننى
مېنىڭ ئىجازىتىمسىز نېرى - بېرى قىلسا،
مېنىڭ تۆت پۈتۈم ئۆرە قالىدۇ. دۇنيادا
ئەرلەرنىڭ هەممىسى مەندەك زومىگەر، ئۇش-
شۇق، چىدىماسمىدۇ - هە؟! ياق، ياق!
ئاجايىپ ئېسىل، ئالتۇندەك ئەرلەر بار.

مەن ئۆتكەن يىلقى سەپىرىمدە
پويىزدا بىر ئايال بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ
قالدىم، بىر قىزىق گەپكە چۈشتۇق، ھېلىقى
ئايال مېنىڭ موخۇركا چېكىۋاتقانلىقىمنى
كۆرۈپ:

— هاراقمۇ ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنى ئىچمەي قانداق ئۆتكىلى
بولىدۇ، — دېدىم مەن كۈلۈپ.

— ياخشىكەنسىز، — دېدى ھېلىقى
ئايال خىيال سۈرۈپ، — مېنىڭ ئېرىم ھېچ
قايسىدا يوق. خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى...

— ئۇنداق بولسا ياخشىكەنغۇ، مۇم-
كىن بولسا، بۇ بىر نېمىلەرنى قىلمىغان
ياخشى، — دېدىم مەن.

— ياق! — دېدى ئايال خورسىنىپ، — يەنىلا
قىلغان ياخشىكەن، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ
ئەركەكچىلىكى بولىدىكەن، قەھرىمۇ، زەھ-
رىمۇ بولىدىكەن، گەنجىڭ كېلىدىكەن...

شۇ ئايال بىلەن بولغان سۆھبەت
مېنى ئايلاندۇرۇپ قويدى، گەرچە مەن
هاراق ئىچىشتە چېمپىيون بولسامۇ، مەن-
دە ئۇ ئايال ماختىغان ئالامەتلەر يوق ئىدى.
دېمەك، مەن بىكاردىن بىكارلا، ئاساسسىزلا
ئۆز - ئۆزۈمگە قاچان ئادەم بولارمەن؟

① گېيوتى.

دەۋاتقىنىم يوق. ھەر نېمە دېگەنبىلەن مەن ھازىر ئۆزۈمنى تېكشاپ قالدىم. ھامان بىر كۈنى ئادەم بولۇشۇمغا ئىشەنچىم كامىل.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىر كۈنى چۈشتە بەش ـ ئالتە ئىچەرمەن ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى ئاشخانىدا ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلىشىپ، ئەتىلا دەريا بويىغا چۈشۈپ ئوينىماقچى بولدۇق. ئاشۇ يەردىلا 20 كويدىن يىغىش قىلدۇق. يېنىمدا ئۇنچىلىك پۇل بولمىغاچقا، ئۆيدىن ئېلىپ چىقماقچى بولدۇم. ئايالىم «ئائىلە خەزىنىسى» نى ئاختۇرۇۋىدى، ئارانلا 12 كوي چىقتى. ئايالىم تەدبىر دېگىنىچە:

— ئۆتكەندە ئاكام بالنىتسىدا ياتقاندا پۇلى كەملەپ قېلىپ 30 سوم ئالغان، مەن ھازىرلا بېرىپ ئەكىلىپ بېرەي، — دېدى.

مەن ئايالىمنىڭ سەممىيلىكى ئۈچۈن مۇكاپات تەرىقىسىدە ئۇنىڭ كاچىتىغا نەچچىنى سالدىم. مەن ساراڭ بولمىسام راست گەپ قىلغان ئادەمنى ئۇرامدىمەن؟! ئەگەر ئايالىم يالغان ئېيتىپ شۇ پۇلنىڭ گېپىنى چىقارمىغان بولسا، مەن نەدىن بىلەتتىم؟! ئاياق زەربىسىدىن ئۇ يېتىپ قالدى، ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر ئايالىمنىڭ خىزمەتكە كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ ئۆيىمىزگە كەلدى، ئايالىم ئۆيىدىكى سىپسىقچىلىقىنى سىرتقا يايمىدىغان ئۇششاق سۆز ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا مەن چاندۇرماي يۈرۈۋەردىم، ئەتىسى ئىدارىگە بارسام باشلىقىمىز مېنى چاقىرىپ قاتتىق تەنقىدقىلدى، لېكىن مەن زادىلا يېقىن يولاتمىدىم. مېنىڭ بىر ئادىتىم بۈگۈن بالادەك جىنايەت ئۆتكۈزسەممۇ ئەتىسى مۇتلەق ئىقرار قىلمايمەن. كۈن تۇرۇپتۇ، ئىللا ـ بىللا مەن قىلمىدىم، دەپ خۇدانىڭ نالىسىنى قىلىپ، قار ـ يامغۇردەك تۆكۈلۈپ، مىڭبىر قەسەم ئىچىپ ھەرقانداقنى ئېرىتىۋېتىمەن.

بەزى قىلىقلىرىمغا ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن. ئايالىم بەك گۈزەللەردىنغۇ ئەمەس، بىراق شۇنداقتىمۇ، ئىت ئۆز يالىقىنى قورۇيدۇ، دېگەندەك، كۈندەشلىكىممۇ يېتىپ ئاشقىچە بار. ئەل ـ جامائەتتىن ئۇيالمىسام، ئايالىمنى ئۆيدىكى ئىت، مۈشۈكتىنمۇ كۈنلىگۈم كېلىدۇ. ئىشىنەمسىز، ئايالىم ئۆي ئىشلىرى بىلەن بىرەر ـ يېرىم كۈن ئىدارىسگە بارمىسا ياكى ئۆزۈم كەچلىك ئولتۇرۇشلارغا بارسام، ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ كېتىمەن. قايسىبىر يىلى كەچتە ئەمدىلا يېتىپ تۇراتتۇق، ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى، ئالدىراپ ـ تېنەپ يېرىم يالىڭاچ چىقسام، قوشنىمىزكەن. ئۇ:

— ئۆيىمىزگە تۇيۇقسىز مېھمان كېلىپ قالدى، بىردەم ئولتۇرۇپ چىقسىڭىز، — دېدى، قوشنىمىز بۇ مەھەللىگە يېڭى كەلگەن بولغاچقا، مېنىڭ سىرتىمغا قاراپ چاقىرغان بولسا كېرەك، بىلىدىغانلار بولسا مەندەك شالاقنى بوسۇغىسىغا يولاتمايتتى. سائەت تېخى ئون بولمىغانىدى، مەن رازىلىق بىلدۈرۈپ كىيىمىمنى كىيىپ بولۇپ يەنە ئويلىنىپ قالدىم. ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئايال كىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەرۋازىسى ھاڭغىرقاي ئوچۇق، يوغان قورۇدا ياش بىر ئايالنى يالغۇز قويۇش مۈشۈككە گۆش ساقلاتقاندەكلا بىر ئىش، ھەر نېمە بولسا، ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

مەن شۇ خىيال بىلەن تاتلىق ئۇيقۇدىكى ئايالىمنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئورۇن ـ كۆرپىلىرىگە بەزى شەرتلىمك بەلگىلەرنى قالدۇرۇپ، كالىچىنىڭ ئىچىگە قىزىل

كىگىز بويىقىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس سېلىپ تەتۈر قارىتىپ قويىدۇم - دە، ئىشىكنىڭ سىرتىدىن يوغان قارا قۇلۇپنى سېلىپ چىقىپ كەتتىم.

بىز تازا ئىچىشتۇق. مېنىڭ تورمۇزۇم يەنە بوشىدى. گويا سەبىي باللار تام ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۆتكەن - كەچكەننىڭ بېشىغا چىڭغىغاندەك، مەنمۇ كونا خۇيۇم بويىچە ئاغزىمنى قويۇۋەتتىم. قايسى ئاياللار بىلەن بىللە بولغانلىقىم، قايسى جۇۋاننىڭ كۆڭۈل بېغىدىن ئالما ئۈزگەنلىكىم، قايسى قىزنىڭ گۈلىنى ئاياغئاستى قىلىپ، قايسى قىزنىڭ ۋىسال دەرياسىغا چۆمگەنلىكىم ۋەھاكازالار ھەققىدە بېسىلماي سۆزلەيتتىم. راست گەپنى قىلساق ئاياللاردىمۇ ئارزۇ - تەلەپ بولىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنى ھايا نىقابى ئىچىدە ئېلىپ بارىدۇ. مەن مۇشۇنى بىلىپ تۇرۇپ نامەردلىك قىلاتتىم. مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خالاپ ئىلتىپات قىلغان جىسمىنى قوبۇل قىلىپ، ئارقىدىنلا ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ياكى قىلالمىغان ئىشنى قىلغاندەك كۆرەڭلەپ، سورۇن - سورۇنلاردا جار سېلىپ، چاۋىسىنى چىتقا ياياتتىم. ئۆي ئىگىسى مەندەك بىر ئۇچىغا چىققان لاۋزىنى چاقىرغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلىپ، چىشلىرى گەز - گەز بولۇپ ئولتۇراتتى. ئاخىرى سەۋر قاچىسى مېنىڭ تېتىقسىز گەپلىرىم بىلەن تولغان ھېلىقى مېھمان مېنىڭ لاۋزىلىقىمغا سۆكۈت قىلىپ تۇرالماي ئورنىدىن تۇردى - دە:

— خۇدا بەندىلىرىڭنى ھايۋان قىلىپ قويمىغىنىڭغا شۈكرى! — دېدى. ئاندىن ماڭا قاراپ، — كىشىگە قىلغان كىشىدە قالمايدۇ، بۇ ئۆتنە ئالەم ... — دېگىنىچە سورۇندىن چىقىپ كەتتى. نېمىشقىدۇر يۈرىكىم قارتىتىدە قىلىپ قالدى.

سورۇننىڭ پەيكايى ئۇچقانىدى. كۆزۈمگە ئايالىم ئاللىكىملەر بىلەن ياتقاندەك كۆرۈنۈپ، بۇرۇنلىرىمدىن ئاچچىق بۇس كۆتۈرۈلدى - دە، ھېلىقى مېھماننىڭ كىشىگە قىلغان كىشىدە قالمايدۇ، دېگەن گېپىنى تەكرارلىغىنىمچە ئېگىز - پەس دەسسەپ ئۆيگە ماڭدىم.

مەن ئۆيگە كەلدىم. قۇلۇپ ئۆز پېتىچە تۇراتتى. ئىشىك، دېرىزىلەر ھەم ئېتىلگەنىدى. يۈرىكىم ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى - دە، ئىشىكنى ئېچىپ توكنى ياقتىم. ئايالىم تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، شەرتلىك بەلگىلەر جايىدا ئىدى. ئۇشتۇمتۇت كۆزۈم پەردىكى كالاچقا چۈشتى - دە، يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى. كالاچ مەن قويغاندەك ئەمەس، ئوڭ تۇراتتى، مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ دالان - سارايىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە سەپسالدىم. ھەممە نەرسە جايىدا، ئۆزگىچە بىر نەرسە بايقىيالمىدىم، كۆزۈم تۇساتتىن كۈلدانىدىكى موخۇركا كۆتىكىگە چۈشتى. مەن پاپىروس چېكەتتىم. ھە، سەن بۇزۇق، ئىشنى تۈگىتىپ، دېرىزىدىن يولغا سايسەن - دە، دېگەن پىكىر چاقماقتەك كاللامدا پەيدا بولدى - دە، يۈگۈرۈپ بارغان پېتىم كىچىك باللاردەك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئايالىمنىڭ ئۈستىدىكى يوتقاننى يۇلۇپ ئېلىپ تاشلىۋەتتىم. دەرۋەقە، ئايالىمنىڭ پۇتىنىڭ ئالقانلىرىدا قىزىل بوياق تۇراتتى، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، ئايالىمنى رەھىمسىزلىك بىلەن ساۋىدىم ... بىچارە ئايالىمنىڭ يۈرىكى قوزغىلىپ كېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خېلى ئۇزۇن داۋالاندى، ھېلىمۇ ھۆكۈمەت خىراجىتىگە داۋالىنىدىغان خوتۇننى ئاپتىكەنمەن، بولمىسا قانداق قىلارئىدىمكى؟! كېيىن ئۇقسام كۆلداندىكى تاماكا كۆتىكى شۇ كۈنى چۈشتە مەن ھاراق ئىچىپ ئاشخانىدا ئولتۇرغاندا كەلگەن قېيىن ئاغامنىڭ بولۇپ چىقتى، كالاچ مەسىلىسىمۇ ئەتىسىلا ئېنىقلاندى. ئەسلى ئايالىم كېچىدە ھاجەتكە چىققانىكەن.

مېنىڭ قىلمىقلىرىمنى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەملەر دوراپمۇ قاملاشتۇرالمايدۇ. ئايالىمنى شۇنچىلىك كۈنلىگەن ئادەم ئۆزۈم قانداق قىلمىۋاتىمەن؟ بۇ ھەقتە سىلەرگە بولغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي:

ئۇزاقى يىلى ئادەم يۆتكەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىن چاغلاردا يېقىن بىر ئۆلپىتىم مەلۇم بىر ناھىيىدىكى شەيخى ئىسىملىك ئىنىسىنى يۆتكەپ كېلىشىمنى تەلەپ قىلىپ كەينىمگە كىرىۋالدى. بۇنچىلىك ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىدارىمىزدە ئورۇنمۇ يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۆلپىتىم بەك كۆپ خىجىل قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن كۆچەپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. بىر كۈنى شەيخى ئاكىسى بىلەن بۆلۈمىمگە كىرىپ كەلدى، بىز تونۇشۇپ قالدۇق. ئەتىسى شەيخى مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئايالىنى كۆرۈپ ئەقلىم لال بولدى. ئۇ خۇددى سۈرەتتەك چىرايلىق ئىدى. بىز ئىچىشنى باشلىۋەتتۇق، مەن ئىككى رومكا قېقىۋالغاندىن كېيىن، شەيخىنىڭ يۆتكىلىش ئىشى توغرىسىدا گەپ تەشتىم. ھېلىقى پەرىزات پۈتۈن ئۈمىدىنى ماڭا باغلىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر كۈلگەنىدە پەيدا بولىدىغان غۇنچىغا ئوخشاش بىر جۈپ زىنىقى كىشىنىڭ جېنىنى ئالاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى مۇزىكىدەك يېقىملىق، گۈلدەك خۇشبۇي ئىدى، مەن يېقىملىق مۇزىكا ئاڭلاۋاتقاندەك، خۇش پۇراق گۈلنى پۇراۋاتقاندەك ھۇزۇرلىنىپ كەتتىم، مەن مۇزىكىنىڭ مۇڭىدا، گۈللەرنىڭ ھىدىدا مەست بولغانىدىم، مەن ھاۋايى ـ ھەۋەس ئۆرتەپ تۇرغان كۆزلىرىمنى پەرىزاتتىن ئۈزەلمەي، شەيخىنى يېرىم يىل ئىچىدە يۆتكەپ كېلىپ ئۆز بۆلۈمىمگە ئورۇنلاشتۇرىمەن! دەپ ۋەدە بېرىپ مەيدەمگە ئۇردۇم، ئىچىمدە بولسا، قانچە كېچىكىپ يۆتكەلسە شۇنچە ياخشى، دەيتتىم. ئۆي ئىچى بىردىنلا جانلىنىپ، ھېلىقى چىرايلىق سۈرەت بۆلەكچىلا ئېچىلىپ، سەھەردىكى شەبنەم چۈشكەن غۇنچىدەك گۈزەللىشىپ كەتتى. بىز خېلى ئىچىشتۇق، مېنىڭ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغىچىلىكىم قالمىغانىدى، بۇ نۇقسانسىز پەرىزاتنىڭ سۈزۈكلۈكتە ياقۇتقا، ئاقلىقتا مەرۋايىتقا ئوخشايدىغان تېنى گويا ماگىنىت بىلەن يۇغۇرۇلغاندەك مېنى شاپ ـ شاپ ئۆزىگە تارتىپ چىدىغۇسىز ئازابقا سالماقتا ئىدى.

جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا، مەن ئىشكە چىقىپ كىرىشىمدە ھويلىدىكى چۆگۈننى كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۇدۇل ئاشخانىغا كىردىم. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن رەسسامنىڭ بۇ نۇقسانسىز نادىر سۈرىتى بىزگە تاماق تەييارلاۋاتاتتى. مەن ئىچىمدە شەيخىنى تىللىدىم: ئەخمەق! ئاسماندىكى پەرىنى تاماق ئەتكۈزۈۋاتقىنىنى قارا ... ئۈستەلگە تىزىپ قويۇپ، قورساق ئاچقىنىدا قاراپ ئولتۇرسا بولمامدىمۇ ... مەن

سۇ تۇرۇبىسىدا قولۇمنى يۇغاچ:
ــ شەيخى ناھىيـىدە بولغاچقا، ماڭا
يولۇقۇپ تۇرالمايدۇ، سىز پات-پات يولۇقۇپ،
ئۇنىڭ ئىشىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭ، ــ
دېدىم. ئۇ مېنىڭ بۇ ئورۇنلۇق پىكرىمگە
خۇشاللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈردى ...
مەن قولۇمنى ئاللىقاچان پاك ـ پاكىز يۇ-
يۇپ، ئاپئاق لۆڭگىدە سۈرتۈپ بولغان
بولساممۇ ئەتەي ئەزمىلىك قىلىپ ئاشخا-
نىدا تۇراتتىم. ئالدىمىدىكى چوكاننىڭ
گۈلدەك يېقىملىق قامىتىنى، ئاينى خىجىل
قىلىدىغان ھۆسنى ـ جامالىنى تاقەتسىزلىك
بىلەن تويماي تاماشا قىلماقتىدىم. بىر تۇ-
رۇپ ئۇنى باغرىمغا چىڭگىدە بېسىپ
ئېزىپ ـ ئېزىۋەتكۈم، بىر تۇرۇپ بۇلاقتەك
كۆزلىرىگە چۆككۈم، يىڭنىدەك كىرپىكلىر-
ى ئارىسىغا مۆككۈم، بىر تۇرۇپ بىرلا
كۆتۈرۈپ سىنچايدەك سۈمۈرۈپ ئىچىۋەت-
كۈم كېلەتتى، نە ئامال؟! كىشىنىڭ ئايا-
لى ـ دە ... شۇ تاپتا مېنى ئىككىلا نەرسە
ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى: بىرى، ئار-
نومۇس، بىرى، قانۇن ... ئاھ خۇدا، كۆز-
نى پاقىرىتىپ قويۇپ جاننى ئالىدىغان
بۇنداق گۈزەللەرنى نېمىشقىمۇ ياراتقان-
سەن؟! يا ھەممىنى ئوخشاش گۈزەل قىل-
ساڭ ياكى بولمىسا بىراقلا سەت قىلساڭ
بولماسمىدى؟! ئىچىمدە بىر ئوت كۆيەتتى.
ئۇ بولسىمۇ كۈندەشلىك ئوتى ئىدى، ئاھ
خۇدا، مۇشۇ گۈزەل شەيخىنىڭ خوتۇنى ـ
ھە؟! تۇرۇپلا شەيخىنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈم
كېلەتتى. مەن بۇ جانئالغۇنىڭ يېنىدىن
كۆيۈپ كېتىشنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى
چىراغقا ئۇرۇۋاتقان پەرۋانىدەك ئايلىنىپ
كېتەلمەي قالدىم، بۇ گۈل تۇتىسلا توزۇپ
كېتىدىغاندەك تۇراتتى. قانداق قىلىش

كېرەك؟ مەن سورۇنغا قايتىپ كىرىپ
ئىچىمدە شەھۋانىي ئىستىكىمنى قاندۇرۇش-
نىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشكە باشلى-
دىم. مەن ھاراقنى ئاز ئىچىپ، قاتتىق
مەست بولۇشقا بەل باغلىدىم. مەن ئاخىرى
ئورۇندۇقتىن ئارقامغا ئۇچۇپ كەتتىم، پە-
رىزات چاقماق تېزلىكىدە شەيخى ئىككى-
مىزگە دالانغا ئورۇن سالدى، شەيخى بىلەن
ئاكىسى ئىككىسى مېنى ياتقۇزۇپ قويۇپ
ئۆزلىرى خېلىغىچە ئىچىشىپ ئولتۇرۇشتى،
بىر كەمدە شەيخىنىڭ ئاكىسىمۇ خوشلاشتى.
ئايدىڭ كېچە، تۈن نىسپى بولغانى-
دى. دېرىزىلەردىن چۈشكەن ئاي نۇرى
ئۆي ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇ-
راتتى. شەيخى يېنىك خورەك تارتىپ
قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى. سارايدىن ئايال كى-
شىنىڭ يېقىملىق تىنىقى ئاڭلىنىۋاتاتتى.
مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سارايغا
كىردىم. ئاھ، مېنىڭ يۈرىكىمنى ئوغرىلى-
غان پەرىزات ياز كۈنلىرى بولغاچقىمۇ،
يوتقاننىڭ يېرىمىنى تېقىمىغا بېسىپ، رو-
باشكا بىلەنلا ئاجايىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتات-
تى، كۆزۈم ئۇنىڭ يېرىم ئوچۇق ئاپئاق
كۆكسى ۋە سېھىرلىك يوتىلىرىغا چۈشۈشى
بىلەن تورمۇزۇم يەنە بوشاپ كەتتى. نەپ-
سىمنى يىغالماي، بېشىمغا كەلگەننى كۆر-
دۈم دەپ ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا يوت-
قانغا كىردىم ـ دە، ئاسمان پەرىسىنى ئاچ-
كۆزلۈك بىلەن باغرىمغا باستىم. ئۇ سەس-
كىنىپ كۆزىنى ئاچتى ـ دە، مېنى كۆرۈپ
چىقىراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە «ھايۋان»
دەپ تىللىغىنىچە، كاچىتىمغا كېلىشتۈرۈپ
بىرنى سالدى. ئارقىدىنلا شەيخىنى ئويغى-
تىش ئۈچۈن دالانغا يۈگۈردى. مەن كې-
يىم ـ كېچەك بىلەنلا ياتقاچقا، ئايالى

www.uyghurkitap.com

شەيخىنى ئويغاتقىچە ئوقتەك ئېتىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتىم...

ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىگىنى يوق، سۆڭەك يېگەن ئىتنىڭ خۇيى ئۆلگىچە، قالماپتۇ، دېگەندەك، كېيىن بىر كۈنى كېچىسى مەن شەيخنى ناھىيدىن كەلمىدى دەپ پەرەز قىلىپ، ھېلىقى ئۆيگە يەنە باردىم، بىراق كۈتۈلمىگەندە شەيخنىڭ تايىقىنى تازا يەپ، يەتمىش بەشنى كۆرۈپ قېچىپ كەلدىم. مېنىڭ نىيىتىم تاشقا چۈشكەن ئەينەكتەك كۈكۈم - تالقان بولدى، ئەسلى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە ئىككى قېتىم يىقىلىش نومۇس ئىدى. بۇ ئىش ماڭا ئىنتايىن ھار كەلدى - دە، كېچىلىك قاۋاقخانىغا كىرىپ ئۆلگىچە، ھاراق ئىچتىم... ئەتىسى سەھەردە يۈزۈمگە يىرىك بىر نەرسىنىڭ تىنىمسىز سۈركىلىشى، كەچ كۈز سوغۇقىنىڭ بەدىنىمگە زەھەر تىغىنى سانجىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم، قارىسام يوغان بىر قارا ئىت ھەدەپ يۈزۈمنى يالاۋېتىپتۇ، يەنە بىر ئىت بولسا، يەردىكى قۇسۇقنى يەۋېتىپتۇ. ئۆزۈم بولسام، قاۋاقخانىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولدا يېتىپتىمەن.

كۆردىڭىزمۇ مېنىڭ ھالىم مۇشۇنچىلىك، شۇنىڭغا باقماي، تېخى ساق ۋاقتىدا غۇرۇر، ۋىجدان، ئەركەكچىلىك، ئىززەت - ھۆرمەت دېيە ئون كىشىلىك گەپ ساتىمەن، ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئاياغ ئاستى قىلىمەن، ئۆزۈمنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرۇمنى، ۋىجدانىمنى، ئەركەكچىلىكىمنى، ئىززەت - ھۆرمىتىمنى، بىر رومكا ھاراققا تېگىشىمەن، خالاس.

ھاراق چىرايلىق پاھىشە ئاياللارغا ئوخشايدۇ، بەزىدە ئۇ ئاشنىڭىز، سىردىشىڭىز، دوستىڭىز بولۇپ كۆڭلىڭىزنى ئاچىدۇ، سىزنى غەم - قايغۇدىن خالاس قىلىدۇ، سىزگە كۈچ ۋە روھ بېغىشلايدۇ. بەزىدە سىزنى يىغلىتىپ قاقشىتىپ، ھەممىدىن مەھرۇم قىلىپ، تۇرمۇش باياۋىنىغا تاشلايدۇ، ئۇ ئەينى يىللاردا مېنىڭ سىردىشىم، دوستۇم بولغان، مانا ئەمدى دۈشمىنىم بولدى، ئەينى يىللاردا ھاراقنى ئىجاد قىلغان كىشىنى شۆلگەيلىرىمنى ئېقىتىپ ماختىغان بولسام، ئەمدى تىلغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن توختىماي تىللايدىغان بولدۇم.

ئات يىقىلمىغىچە يول تاپماس. بولۇپمۇ مۇشۇ بىر يىلدىن بۇيان بەزىبىر نازۇك پىكىرلەر كاللامنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، يۈرىكىمنى قاتتىق مۇجۇيدىغان، تاتلىق ئۇيقۇلىرىمنى بۇزۇۋېتىدىغان بولدى، ئولتۇرسام - قوپسام ئۆزۈمگە ئۆزۈم سوئال قويىدىغان بولدۇم، مەن ئايالىمدىن ئۆيىمىزدىكى گۈلگە كېپىنەك قوندۇرماسلىقنى، ھۈسنىنى پاك تۇتۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىمەنۇ، نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ كېپىنەك بولۇپ باشقىلارنىڭ پاك گۈلىگە قونماسلىقنى قاتتىق تەلەپ قىلمايمەن؟ مەن كەيپى - ساپا، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن ئاشۇ سانسىز ئۇزاق تۈنلەردە ئايالىم تەقەززالىق بىلەن مېنى كۈتۈپ ياتسا، مەن نېمە ئۈچۈن ئېپلاسلىق يۇندىسىغا مىلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭ پاك ھۈسنىگە قونىمەن؟ بۇ نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئايالىمبىلمىگەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟ ياق، ئۇ بىلىدۇ، كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ چوغدەك يۈرىكى ھەممىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ كۆزى بار. ئۇ پەقەت ھايا - نومۇس تۈپەيلىدىنلا پۈتۈن دەردنى ئىچىگە يۇتۇپ،

(داۋامى 93 - بەتتە)

ئۆركەش ئىبراھىم



# سەزگۈر ئايال

(ھېكايە)

نادىر ئايالى تۇمارگۈل بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئېكراندا تۇيۇقسىز سېرىق چاچلىق بىر قىزنىڭ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن دېسكو ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشى پەيدا بولدى. قىز ھەقىقەتەن گۈزەل بولۇپ، قەددى-قامەتى پۈتۈن قىزلارنىڭ بەدەن گۈزەللىكىگە ئۈلگە بولالىغىدەك دەرىجىدە زىلۋا ئىدى.

— پاھ! نېمىدېگەن گۈزەل قىز، — دەۋەتتى نادىر ھاياجىنىنى باسالماي.

شۇ پەيتتە كۈتۈلمىگەن بىر ئەھۋال يۈز بەردى، تۇمارگۈل ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دېدى نادىر ئايالىغا تەئەججۈپ بىلەن تىكىلىپ.

— بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرمەيسىز، — دېدى ئايالى كەسكىنلىك بىلەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — سورىدى نادىر ئايالىغا چەكچىيىپ قاراپ.

— مەن سەزگۈر ئايالمەن، — دېدى تۇمارگۈل تەمكىنلىك بىلەن سۆز باشلاپ، — يېقىندىن بېرى چىرايلىق قىزلارغا تولا قارايدىغان بولۇۋالدىڭىز، سىزدە بىرەر ئۆزگىرىش بولمىسا بۇنداق قىلمايتتىڭىز.

— پاھ! دېگەن گېپىڭىنى قارا، — نادىر قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى، — چىرايلىققا قاراش يامان ئىش ئەمەسقۇ؟ چىرايلىق قىزلارغا، چىرايلىق نەرسىلەرگە ھەممە ئادەم قارايدۇغۇ! ئۆزۈڭ بىلىسەن، سېنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ۋاقتىمدا كۆزۈمگە ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈندىڭ. شۇنىڭدىن كېيىن كەينىڭگە كىرىۋېلىپ سېنى ئالدىم. شۇنداق ئەمەسمۇ-يا؟

— ئېغىزىڭىزدا ئۇنداق دەپ قويغان بىلەن كۆزىڭىزگە باشقا قىزلار مەندىن چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقاندۇ بەلكىم. مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن.

— تۇمارگۈل، ئەرزىمەس ئىشلارنى تالاشمايلى، ئەڭ ياخشىسى، جىم ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرەيلى.

نادىر ئورنىدىن تۇرۇپ تېلېۋىزورنى ئاچتى. تۇمارگۈل شۇ ھامان تېلېۋىزورنى باشقا دولقۇنغا يۆتكىۋەتتى-دە:

— قانداق، تېلېۋىزوردىكى سەتەڭنى

كۆرگىنىڭىز كېلىپ تىتىلداپ تۇرالماي كېتىۋاتامسىز؟ گەپلىرىمىز قىزلىقىڭىزغا مۇشت ئۇرغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى - ھە! كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلمەمدىم، مەن سەزگۈر ئايالمەن، — دېدى.

— تولا چىشىمغا تەگمە، تۇمارگۈل، — دېدى نادىر ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، — بۇ كىنونىڭ بېشىنى كۆرگەندىكىن ئاخىرىنىمۇ كۆرۈۋېتەيلى.

— بۇ كىنونى كۆرمەيسىز، ئەگەر كۆرىمەن دېسىڭىز، بۇ ئۆيدە كىنودىكى ئاشۇ سەتەڭگە قاراپ يالغۇز ئولتۇرۇڭ.

— شۇ... شۇنداقمۇ؟ — نادىرنىڭ غەزەپتىن لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەمدى راسا ئاچچىقى كەلگەنىدى. ئۇ بىر پەس تۇرۇپ قالدى - دە، سۆزىنى كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن داۋام قىلدى، — ئەگەر يەنە مۇشۇنداق بېشەملىك قىلىۋېرىدىغان بولساڭ، كىنودىكىگە ئوخشاش قىزدىن بىرنى ئالىمەن، سەن يەنە ئاناڭنىڭ ئوچىقىغا ئوت يېقىپ ئولتۇرۇۋېرىسەن.

بۇ گەپ بىلەن تۇمارگۈل ئۈجۈقۇپلا كەتتى، چىرايى بارا - بارا تاتىرىپ كەتتى. قانداق، دېمىدىمۇ، كۆڭلىدىكىنى ئېيتىۋەتتى، خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇنداق خىيال كىرىۋالغان، دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئۇنىڭغا ئەمدى يەنە ئېغىز ئاچسىلا ئېرى ئۇنى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلدى.

ئەمەلىيەتتە، ئېرى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۆزىمۇ چىرايلىق ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى بىرخىل قىزغىنلىق، مۇلايىملىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرى، ئاپئاق چىرايىغا ماسلاشقان دولقۇنسىمان ساغۇچ چاچلىرى، قانداقلا كىيىم كىيسە يارىشىپلا قالىدىغان زىلۋا قەددى - قامىتى، ئۆي ئىچىدىكى چاققان، تېتىك ھەرىكەتلىرى ئېرىنىڭ ھەر دائىم ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. نادىر بايىقى گەپنى ئايالىغا پوپوزا قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغان، ئۇنىڭ ھەرگىز ئۇنداق قىلىش نىيىتى يوق ئىدى.

نادىرمۇ قاملاشقان يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ھال بويى، ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ ئەمەس كېلىشكەن قامەتتى، قاپقارا قاشلىرى، چوپچوك ھېسسىياتچان كۆزلىرى ھەرقانداق بىر قىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. شۇڭا تۇمارگۈل ئېرىنى باشقا قىز - چوكانلارنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى.

نادىر شۇتاپتا بەكمۇ غەزەپلەنگەنىدى. ئاخىرى ئۇ ئايالى بىلەن سوقۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاچچىقىنى تەسلىكتە بېسىپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇشۇنداق گەپ تالىشىش پات - پات يۈز بېرىپ تۇراتتى. بىر كۈنى نادىر بىر يۈرۈش ئاتكىرىتكىلارنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. ئاتكىرىتكىلارغا چىرايلىق كىنو چولپانلىرىنىڭ رەسىمى بېسىلغانىدى. تۇمارگۈل ئاتكىرىتكىلارنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق بىر قارىدى - دە، چىرايى ئۆڭۈپ، ئۇنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويدى. نادىر كەچقۇرۇن ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە ئاتكىرىتكىلارنىڭ يىرتىلىپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىر سائەتكە يېقىن گەپ تالاشقانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ نادىر ئايالىنى قەستەن تېرىكتۈرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ

كوچىدا ئايالى بىلەن بىللە مېڭىۋاتقاندا چىرايلىق كىيىنگەن قىزلارنى كۆرۈپ قالسا: ئاۋۇ قىز نېمىدېگەن چىرايلىق، كىيىملىرى قانداق ياراشقان - ھە، دەپ قوياتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا تۇمارگۈل راستىنلا تېرىكىپ غوتۇلداپ كېتەتتى، ياكى ئېرىنى بىر - ئىككى ئېغىز تىللىۋالاتتى. مۇشۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ئۈستىدە ئىككىسى پات - پات گەپ تالىشىپ، بىرمەزگىل كۆڭۈلسىز ئۆتۈشكەن، كېيىنچە يەنە ئەپلىشىپ قالغان، ئۇ ئىشلار ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى. بۈگۈن ئۇلار يەنە تېلېۋىزوردىكى سېرىق چاچلىق قىز تۈپەيلى ئۇرۇشۇپ قالدى. ئەمما بۇ قېتىم بۇرۇنقىغا قارىغاندا قاتتىقراق ئۇرۇشتى، شۇڭا ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يېدى.

نادىر ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

* *

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۈن - زىۋانسىز ھالدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. نادىر ئىشقا بارىدىغان چاغدىمۇ ئۈن - تىنسىزلا ئىشىكتىن چىقتى. ئۇلار ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق تاماقتا بىرگە بولاتتى - يۇ، ئۆزئارا گەپلەشمەيتتى. بۇنداق ئەھۋال بىرنەچچە كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئاخىرى تۇمارگۈل بۇنىڭغا چىدىمىدى. ئۇ ئېرىنىڭ مۇددىئاسىنى بىرەر ھەرىكەت بىلەن سىناپ كۆرمەكچى بولدى. ئېرى ئىشقا كەتكەندىن كېيىن ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئويلاندى، ھەرخىل خىياللار ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچىۋەتتى. ئۇ ئاخىرى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن كىيىم - كېچەكلىرىنى، كۈندە ئىشلىتىپ تۇرۇۋاتقان ھەرخىل بۇيۇملىرىنى چامادانغا قاچىلىدى. ئاندىن ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە قاراپ چىقتى. شۇپەيتتە ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ ئۆي باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن يېقىملىقراق كۆرۈندى، چىقىپ كەتسىلا بۇ ئۆيگە قايتا كىرەلمەيدىغاندەك تۇيۇلدى. شۇڭا ئۆيدىن چىقىشى كەلمەي خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاخىرى بۇنداق ئارىسالدىلىقتىن دېمى سىقىلىپ، سىرتقا چىقماقچى بولدى، ئەمما چامادانىنى ئۆيدىن يۆتكەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ ھويلىغا چىقتى. غەرب تەرەپتىن كېلىۋاتقان غۇر - غۇر شامال ھويلىدىكى بۆك - باراقسان دەرەخ شاخلىرىنى لەرزان تەۋرىتىپ تۇراتتى. ئۇ ھويلىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بىر پەس تۇرۇپ قالدى - دە، مەقسەتسىز ھالدا يول بويىدىكى سەيپۇڭ ئايالنىڭ دۇكىنىغا كىردى. سەيپۇڭ ئايال تۇمارگۈلگە سالام قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. تۇمارگۈل دەرىزىدىن ھويلىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، تۇساتتىن بىر ئىشنى ئويلاپ قالدى. چۈنكى بۇ چۈشلۈك تاماققا ئاز قالغان ۋاقىت بولۇپ، ئېرى ئىشتىن قايتىپ كەلسە ئۇنى دېرىزىدىن كۆرەلەيتتى، ئۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ، ئېرى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى.

ئاخىرى ئۇ كۈتكەن ۋاقىتمۇ يېتىپ

كەلدى. نادىر ئىشتىن كىلىپ ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇنى تۇمارگۈل كۆرۈپ تۇردى. نادىر ئىشىكنى ئىچىپ ئۆيگە كىردى ـ دە، تۇمارگۈلنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى بىلىپ بىرئاز جىددىيلىشىپ قالدى. ئۆيگە يەنە بىر قېتىم ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقتى، ئايالى ئىشلىتىپ كىلىۋاتقان بەزى نەرسىلەر كۆزىگە چېلىقمىدى. ئۇ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كىيىم ئىشكاپىنى ئىچىۋىدى، ئايالىنىڭ كىيىملىرى يوق بولۇپ چىقتى. شۇ ئەسنادا ئۇ كارىۋاتنىڭ بېشىدا بىر چامادانىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. چامادانىڭ ئېغىزى ئوچۇق ئىدى. نادىر يېقىن بېرىپ قاراپلا ئۇنىڭ ئىچىگە نىمە قاچىلانغانلىقىنى بىلدى. ئۇ بۇنىڭدىن تۇمارگۈلنىڭ كېتىشكە تەييارلانغانلىقىنى، لېكىن تېخى كەتمىگەنلىكىنى چۈشەندى. ئەمما ئايالىنىڭ كەتمەكچى بولغان تۇرۇقلۇق يەنە نىمە ئۈچۈن ئۆزى كېلىشتىن بۇرۇن كەتمىگەنلىكىنى چۈشەنەلمىدى، ئۇ ئايالىنىڭ زادى قانداق ئويۇن ئوينىماقچى بولغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقماقچى بولدى ـ دە، مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ تاماكا ئوردى. ئۇ تاماكا چەككەچ بىر پەس خىيال سۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرى بۇ ئىشقا پەرۋا قىلماسلىق قارارىغا كەلدى.

نادىر قولىدىكى ئوچۇپ قالغان تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا تاشلىدى ـ دە، ئىشىكتىن چىقتى. ئۇ ئالدى بىلەن چۈشلۈك تاماق يەۋالماقچى بولۇپ، ئۇدۇل قورۇنىڭ چوڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى كىچىك ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى. تۇمارگۈل بۇنى دېرىزىدىن كۆرۈپ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى.چۈنكى ئۇنادىر مىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىمنى، چامادانى كۆرۈپ جىددىيلەشىدۇ، مىنى ئىزدەپ قوشنىلاردىن سورۇشتۇرۇپ كۆرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. نادىرنىڭ بۇنداق پەرۋاسىزلىقى ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئېرىنىڭ ئاشخانىدىن چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. ئۇ پات ـ پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى، ۋاقىت ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاستا ئۆتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى.

نادىر تاماق يەپ بولۇپ ئۆي تەرەپكە قاراپمۇ قويماي ئۇدۇل ئىدارىسىغا قاراپ يول ئالدى. بۇنى كۆرۈپ تۇمارگۈلنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئۇ ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. ئەگەر يېنىدا ئادەم بولمىغان بولسا، يىغلاپ تاشلىغانمۇ بولاتتى. ئۇ، مەن سەزگۈر ئايالمەن، ئىش ئويلىغىنىمدەك بولدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەن يوق، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئېرىنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سەيپۇڭنىڭ دۇكىنىدىن چىقىپ يەنە ئۆيگە يېنىپ كىردى، ئاندىن كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمدى چامادانغا قاچىلانغان نەرسىلەرنى ئۆز جايىغا قويۇپ، ئېرىنى بۇرۇنقىدەكلا كۈتۈپ ئولتۇرسۇنمۇ؟ ياق، ئېرى ئۇنىڭ مەقسىدىنى چۈشىنىپ بولدى، چۈشىنىپ تۇرۇپ پەرۋا قىلمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ ئىشقا ئۇنىڭ غورۇرى قانداقمۇ يول قويالىسۇن! شۇ پەيتتە تۇمارگۈلنىڭ كۆڭلىگە بىر ئوي كەلدى. ئۇ ئېرى ئىشتىن چۈشىدىغان چاغ بولغىچە ساقلاپ تۇرماقچى بولدى، بۇ ئۇنىڭ

ئۇچۇن ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت ئىدى. ئېرى ئىشتىن چۈشۈپ ھويلىغا قەدەم باسقان چاغدا، تۇمارگۈل چامادانىنى كۆتۈرۈپ ھويلىدا ئېرى بىلەن دوقۇرۇشىدۇ، ئەگەر ئېرى ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ يولنى توسۇپ تۇرىۋالسا، ئازراق ناز قىلىپ قويۇپ ئۆيگە يېنىپ كىرىدۇ، مۇبادا ئېرى ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا يەنىلا پەرۋا قىلمىسا، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى گۇمانىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ. ئۇ بۇلارنى ئويلاۋېتىپ، كېيىنكى ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىپ قالماسلىقىنى خۇدادىن تىلىدى ۋە بۇنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

تۇمارگۈل بۇنداق كۆڭۈلسىز خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بېشىنى پۈركەپ يېتىپ باقتى، بىراق يا ئۇيقۇسى كەلمىدى، يا خىيالىنى باشقا بىر ئىشقا يۆتكىيەلمىدى. ئۇنىڭغا بىر مىنۇت بىر كۈندەك، بىر سائەت بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. مەيلى نېمىلا بولسۇن ئاخىرى ئۇ بارلىق ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۈچ يېرىم سائەتنى ئۆتكۈزدى. شۇ پەيتتە تۇمارگۈل ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، چۈنكى تۆت ياشلىق قىزى راھىلە بالىلار باغچىسىدا ئىدى، ئۇنى دەرھال ئەكىلىۋالمىسا بولمايتتى. ئېرىنىڭ ئىشتىن قايتىپ كېلىشىگە بولسا ئاران يېرىم سائەتلا ۋاقىت قالغانىدى. ئۇ ئالدىراپ-تېنەپ بالىلار باغچىسىغا قاراپ ماڭدى.

تۇمارگۈل بالىلار باغچىسىغا بارغاندا، قىزى ئىشىك ئالدىدا ئانىسىنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇ ئانىسىنى كۆرۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئانىسى ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى-دە، كۆتۈرۈپ ماڭدى.

ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە تۇمارگۈل قىزىنى يەرگە قويۇپ:

— قىزىم، سەن مۇشۇ يەردە ئويناپ تۇرغىن، مەن ئۆيگە كىرىپ چىقاي، ئاندىن ئىككىمىز چوڭ ئاناڭنىڭ قېشىغا بارىمىز، جۇمۇ،— دېدى.

— بەك ياخشى بولدى، بەك ياخشى بولدى، چوڭ ئانامنى بەك كۆرگۈم كەلدى،— دېدى قىزچاق خۇشال بولۇپ،— دادامۇ بايامدۇ؟

— داداڭ سىرتقا خىزمەتكە كېتىپ قاپتۇ، كەلگەندىن كېيىن بارىدۇ،— دېدى تۇمارگۈل ئۆي تەرەپكە كېتىۋېتىپ.

تۇمارگۈل ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئېرىنىڭ يولىغا قارىدى، ئېرىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەچكە چامادانىنى ئالدى-دە، ئىشىكنى تاقاپ ھويلىغا چىقتى. قىزى بەخىرامان ئويناپ ئولتۇراتتى. ئۇ قىزىغا قاراپ جىم-جىت تۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆرۈنۈشتە قىزىنىڭ دىققىتىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن قاراپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئېرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ۋاقىتنى قەستەن ئۇزارتىۋاتاتتى. شۇ چاغدا قىزى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ماڭە، ئاپا، قاراپ تۇرسەڭچۇ، چوڭ ئانامنىڭ قېشىغا تېزرەك بارايلى،— دېدى ئانىسىنىڭ پېشىنى تارتىپ.

تۇمارگۈل قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەۋېتىپ سائەتكە قارىدى، ئېرىنىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەندى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايتتى. ئەگەر شۇ مىنۇتلاردا ئېرى ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالسا، قانداق ياخشى

www.uyghurkitap.com

بولاتتى-ھە!

تۇمارگۇل ئاپتوبۇس بېكىتىدە بەكمۇ تەستە يېتىپ باردى، ئۇنىڭ بەدەنلىرى بوشىشىپ ئاپتوبۇسقا چىققۇدەك ھالى قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئاپتوبۇسقا چىقتى. قىزنى بوسا يېنىدا تۇرغان بىر كىشى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ قويدى. ئۇ ئۆزي تەرەپكە ئاخىرقى قېتىم مەيۈسكىنە نەزەر تاشلىدى-دە، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۇ، مەن سەزگۈر ئايالىمەن، ئويلىغىنىمدەك بولدى، ئەمدى ھەممە ئىش تۈگىدى، دەپ ئويلىدى.

* *

ئاردىن ئىككى ئاي ئۆتتى. بۇ ئىككى ئاينى تۇمارگۇل بىر خىل تىتتىتلىق، ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ نادىرنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ تېپىۋېلىشىنى كېلىپ قېلىشىغا ئىنتىزار بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ «خېتىڭنى ئال» دەپ تۇرۇۋېلىشىدىن قورقاتتى. شۇنداقتىمۇ تۇمارگۇل ئېرىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئېنىقراق بىلىپ بېقىش ئارزۇسىدا بىرنەچچە قېتىم ئېرى ئۆتىدىغان يوللارنى پايلاپمۇ باقتى. بىراق، قېرىشقاندەك بىرەر قېتىممۇ بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشەلمەي قايتتى.

بىر كۈنى تۇمارگۇل كۆكلەمگە بىر ئىشنى پۈتتى-دە، ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ، ئۇدۇل ئېرى ئىشلەيدىغان ئىدارىنىڭ يېنىدىكى ماگىزىنغا كەلدى. بۇ، ئىشتىن چۈشۈشكە ئاز قالغان چاغ بولۇپ، نادىر ئىشتىن چۈشكەندە مۇشۇ ماگىزىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. تۇمارگۇل مۇشۇ يەرگە كېلىپ ساقلاپ تۇرۇشنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغان بولغىيدىم، دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئۇ دېرىزىدىن ئېرى ئۆتىدىغان يولغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى.

ئالاھەزەل يېرىم سائەت ئۆتكەندە، نادىر راستىنلا ماگىزىننىڭ ئالدىغا قاراپ كەلدى. تۇمارگۇل ئۇنىڭ ئۆزىگە تونۇش بولغان ئاشۇ سالاپەتلىك قامىتىنى، سالماق، ئەمما مەزمۇت قەدەم ئېلىشلىرىنى كۆرۈپ، يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى، ۋۇجۇدىنى گويا ئېرى بىلەن كۆرۈشمىگىلى ناھايىتى ئۇزاق يىللار بولغاندەك بىرخىل تەلپۈنۈش، سېغىنىش سېزىملىرى قاپلىدى. ئىمۇ پايلاپ تۇرۇپ نادىرنىڭ ئالدىدا يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى. ھەر ئىككىسى بىر-بىرىگە تىكىلىشىپلا قېلىشتى، بولۇپمۇ نادىر بۇنداق تاسادىپىيلىقتىن قېتىپلا قالدى.

تۇمارگۇل بۈگۈن ناھايىتى پۇزۇر ياسانغانىدى. ئۇ ئۈستىگە تەكچە گۈللۈك، تېگى يېشىل گىمرىپ كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، بەلبېغىنى چىڭ تارتىپ باغلىشىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسى، ساغرىسى، يەلكىلىرىدە يېيىلىپ تۇرغان دولقۇنسىمان سارغۇچ چاچلىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ نازاكەت بېغىشلىغانىدى. شۇ پەيتتە نادىرنىڭ قەلبى تۇمارگۇلنى دەسلەپ كۆرگەن ۋاقتىدىكىدەك بىر خىل ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن لاۋۇلداپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دەرھال ئېسىنى يىغىپ، ئالدى بىلەن گەپ باشلىدى:

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟

ئەمما تۇمارگۇل ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئازراق بىر نەرسە ئالاي دەپ كەلگەنىدىم، — قىسقىلا جاۋاب بەردى تۇمارگۇل.

نادىر تۇمارگۈلنىڭ قولىدىكى سومكىغا قاراپ قويدى - دە، يەنە سورىدى:

— راھىلە ياخشىمۇ؟ سالامەتلىكى قانداق؟

تۇمارگۈل پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتتى:

— ئۆزىڭىز ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز بەخىرامان ئويناپ يۈرگەن بىلەن ھەممە جاپانى مەن تارتىۋاتىمەن، بالا ئاغرىپ قالدى، بىرنەچچە كۈندىن بېرى قىزىپ ياتىدۇ، بار ئامالنى قىلىپ باقتىم، ساقايمىدى، چۈشتىن كېيىن دوختۇرخانىغا ئاپىرايمىكىن دەيمەن.

نادىرنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. ئۇ، قىزىغا بەك ئامراق ئىدى، قىزىمۇ دادىسىغا ئامراق ئىدى. نادىرنىڭ مۇشۇ ئىككى ئاي ئىچىدە قىزىنى بەك كۆرگۈسى كەلگەنىدى. قىزىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كەسكىن ھالدا:

— تۇمارگۈل، سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن سىز بىلەن بالىنى كۆرگىلى بارىمەن، — دېدى - دە، ئالدىراپلا ماگىزىنغا كىرىپ كەتتى.

نادىر ھايال ئۆتمەي ماگىزىندىن قىزىغا تاتلىق - تۈرۈم، ئويۇنچۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقتى - دە، تۇمارگۈل بىلەن بىللە قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

نادىر قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ھەيرانلىقتا ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. چۈنكى قىزى راھىلە ئىشىك ئالدىدا بەخىرامان ئويناپ يۈرەتتى. ئۇ دادىسىنى كۆرۈپ ئالدىغا ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەلدى. نادىر قىزىنى دەس كۆتۈرۈپ باغرىغا چىڭ باستى، يۈز كۆزلىرىگە قانماستىن سۆيدى. ئۇ گەرچە بۇ ئىشتىن ھەيران قالغان بولسىمۇ، قىزىنى كۆرۈپ قەلبىدىكى بىئاراملىق، تىت - تىتلىق يوقاپلا كەتكەنىدى.

ئەسلىدە تۇمارگۈل «راھىلە ئاغرىپ قالدى» دەپ يالغان ئېيتىپ قويغانىدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق نادىرنى ئالداپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىش، ئاندىن بىر ئامال قىلىپ ئېرى بىلەن بىللە ئۆيىگە قايتىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

شۇ پەيتتە ئۆيدىن تۇيۇقسىز تۇمارگۈلنىڭ ئانىسى چىقىپ قالدى - دە، ئىتتىك كۈيئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلدى، ئاندىن:

— ئوبدان تۇردىلىمۇ بالام، سەپەرنىڭ خەتىرى يوق دېگىلى بولمايدۇ، خۇداغا شۈكرى، تىنچ، ئامان كەپلا، — دېدى.

نادىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. ئەسلىدە تۇمارگۈل ئانىسىغا: «نادىر يىراق بىر ناھىيىگە خىزمەتكە كېتىپ قالدى، ئۇ كەلگىچە سىلەرنىڭ قېشىڭلاردا تۇراي دەپ كەلدىم» دەپ قويغانىدى.

نادىر ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئىلاجىسىز ئىككى سائەتتەك ھايال بولدى. چۈنكى قېيىن ئانا كۈيئوغلىنىڭ «ھاردۇقى» نى چىقىرىش ئۈچۈن خېلى ۋاقىت قازان - چۆمۈچ بىلەن ھەپىلەشتى. نادىرمۇ قىزىغا ئېلىپ كەلگەن نەرسە - كېرەكلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن نادىر راستتىنلا سەپەردىن كەلگەندەك بىر ھالەت شەكىللەندى.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

تۇمارگۈلنىڭ ئانىسى قاچا - قۇچىلارنى
يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.
تۇمارگۈل بولسا ئازراق بىر نەرسە يەپ
قويۇپلا داستىخاندىن قوپۇپ كەتكەن، ھا-
زىر ياتاق ئۆيدە نېمىدۇر بىر ئىش بىلەن
مەشغۇل بولۇۋاتاتتى.

شۇ پەيتتە نادىرنى ھاڭ - تاڭ قال-
دۇرىدىغان يەنە بىر ئىش يۈز بەردى:

— ھازىر ماڭىدىغان بولدۇق، سەل
توختاپ تۇرۇڭ بالام، نەرسە - كېرەكلىرىم-
نى ئېلىۋالاي، — تۇمارگۈل بۇ گەپنى
قەستەن شۇنداق يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتتىمكى،
ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئاشخانىدىكى ئانىسىغا
ئاڭلانمىسىلا قالماستىن، خىيال سۈرۈپ ئول-
تۇرغان نادىرنىمۇ چۆچۈتۈۋەتتى. نادىر
ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە،
ياتاق ئۆي تەرەپكە قاراپ قويۇپ ئاستا
ھويلىغا چىقتى، ئۇنىڭ قىزىمۇ داددىسىغا
ئەگىشىپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى. بۇنى
تۇيۇپ تۇرغان ئانا يۇيۇۋاتقان قاچىلىرىنى
قويۇپ، قولىنى پەشتامىسىغا سۈرتتى - دە،
چىقىپ دېدى:

— بىردەم ئولتۇرۇپ ماڭساڭلارمۇ
بولاتتى، بالام، بوپتۇ، ئايرىلغىنىڭلارغىمۇ
بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ،
ئۆيۈڭلەردە ئىشلارمۇ يىغىلىپ قالغاندۇ،
شۇڭا ئالدىرىغانسىلە، ئۇنداق ئۇزاق
يوقاپ كەتمەي پات - پات كېلىپ تۇرۇڭلار.

ئانا كۈيئوغلىنى دەرۋازىنىڭ ئالدى-
غىچە ئۇزىتىپ چىقتى، ئۆي تەرەپكە قا-
راپ قىزىنى ئالدىراتتى:

— چاققان بول قىزىم، نادىراخۇن
سېنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

تۇمارگۈل ئۆيدىن چىققاندا نادىر
قىزىنى يېتىلەپ ئاللىقاچان ئاپتوبۇس
بېكىتىگە بېرىپ تۇرغانىدى. تۇمارگۈل
ئېرىدىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن چامادانىنى
كۆتۈرۈپ يۈگۈرگەندەك تېز ماڭدى. ئۇ
ھاسىراپ - ھۆمىدەپ بېكەتكە كېلىشى
بىلەنلا ئاپتوبۇس كەلدى.

ئۇلار ئاپتوبۇستا گەپ - سۆز قىلىشمىدى،
پەقەت ئاپتوبۇس ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
توختىغاندىلا، ئاندىن نادىر چامادانىنى
قولىغا ئالدى. تۇمارگۈل قىزىنىڭ قولى-
دىن يېتىلەپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى. ئۇلار
ئۈن - تىنسىز ئۆيگە كىرىشتى. ئۆيگە كىر-
گەندىن كېيىن، تۇمارگۈل ئالدى بىلەن
چامادانىنى ئاچتى - دە، ئىچىدىن بىر يۈ-
رۈش ئاتكىرىتكىلارنى ئالدى ۋە:

— ئۆتكەندە مەن خاتا قىلىپتىمەن.
ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغا قىزىقىشى بولى-
دىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن.
مانا، ئېلىڭ. بۇنى بازاردىن مەخسۇس
مۇشەققەتتە ئىزدەپ تاپتىم. بۇ بىر تۆلەم
بولۇپ قالسۇن، بۇنى ئۆزىڭىز ئۆيىنىڭ
خالىغان يېرىگە تىزىپ قويۇڭ، — دەپ
ئاتكىرىتكىلارنى ئېرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

نادىر ئاتكىرىتكىلارنىڭ يىرتىۋېتىل-
گەن ئاتكىرىتكىلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكى-
نى بىلدى.

ئۇلار بىر - بىرسىگە تىكىلىپ قاراش-
تى. ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايلىرىدا يېقىم-
لىق تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

جۇرئەت سەيپۇللا

# ئىككى نەسر

## ئۆزۈمنى كەچۈرمەيمەن

— دوستۇم، سەن يەنە خاتا قىلدىڭ.

— راست ئېيتىسەن، ئاغىنە، مەن تۈنۈگۈن مەست هالدا ئۆز ساۋاقدىشىمنى ئۇرۇپ قويۇپتىمەن، مەن ئەمدى ئۆزۈمنى كەچۈرمەيمەن، مانا ئىسپاتى،— دوستۇمغا بىلىكىمدىكى كۆيۈك تاتۇقلىرى ئارىسىدىكى ئەمدىلا تاماكا چوغى بىلەن كۆيدۈرۈلگەن يېڭى كۆيۈك يارىسىنى كۆرسەتتىم. دوستۇم مەمنۇنلۇق بىلەن مۈرەمگە قېقىپ قويدى.

بىر مەزگىل ئۆتۈپ كەتتى.

— سەن زادىلا تۈزەلمەيدىكەنسەن، قويساڭچۇ سېنى،— ئاقكۆڭۈل ئاغىنەم مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

— ئەمدى ئۆزۈمنى قەتئىي كەچۈرمەيمەن، باشقا ئادەم بولسىغۇ مەيلى، مەستلىكتە ئۆز ئانامنى ئۇرۇپ قويۇپتىمەن،— مەن بىلىكىمنى ئاچتىم،— ۋوي، بۇ چوغنى نەگە ياقسام بولار؟! بىلەكلىرىمدە بىر تال يارا پاتقۇدەكمۇ جاي قالماپتۇ ئەمەسمۇ.

## دوزاختىن قوغلانغان ئادەم

مەن دوزاخنى كۆردۈم. ئۇ يەر مېنى كېرەك قىلمايمىش. نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر: سەن دوزاخ ئوتىغا تۇترۇقمۇ بولالمايسەن. ئۇ يەر كېرەك قىلمىسا قانداق قىلاي؟! جەننەتكە كىرىشكە ئېغىرلىقىمۇ توشمىدى.

مەن تېڭىرقىغان هالدا كىشىلەر ئارىسىغا كەلدىم، بۇ يەردە تاش، كېسەك، مۇشت، پەشۋا ئارىسىدا قېلىپ، بېشىمنى قۇچاقلاپ، پۇتۇمنى ئىختىيارسىغا قويۇۋېتىپ، تازا قېچىپتىمەن. نەلەرگە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىم ماڭا نامەلۇم. تۇيۇقسىز ئالدىمدا گۈرجەك كۆتۈرۈۋالغان بىر توپ كىشى پەيدا بولدى، نېمىشقىدۇر، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ ئورا كولىشىۋاتاتتى. بۇ هەرىكەت شۇنچە سىرلىق، شۇنچە تېز هەم شۇنچە يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بىر پەستىن كېيىن ئورەكلەر كولىنىپ، كىشىلەر بىر-بىرلەپ يىقىلدى. مەن يۈگۈرۈشتىن توختاپ قالدىم. قىسقىسى، ئورەكلەر يولۇمنى توسۇپ قويغانىدى. قىزىق ئىش، ئورەككە يىقىلغانلار قوللىرىنى چىقىرىشىپ، ئۇ يەردىن مىڭ تەسلىكتە يول تېپىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ پۇتلىرىدىن تارتىپ ئۆزى يىقىلغان ئورىغا موللاق ئاتقۇزغىلى تۇردى. مانا ... ئورەكلەر ئادەملەر بىلەن تولدى. مەن يول ئېچىلغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئورەكتىن چىقىپ تۇرغان قول، پۇت ۋە باش-كۆزلىرىگە دەسسەپ، ئالغا قاراپ يۈگۈرۈۋەردىم...

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېهىم

ئەركىن نىزامى

# بولاقلاردىن ئۇخچۇيدۇ سۆيگۈ

## نەۋرەمگە

دۇنيانىڭ سىرى كۆپ، ھىكمەتلىرى كۆپ،
كۆلكىسى مىسقالچە، كۆلپەتلىرى كۆپ.
بەختكە ئىمىلداش بەختسىزلىك ھەم،
گۈل تېرىپ بەزىدە ئورىۋالدىم چۆپ.

شادلىقىم ھۆكۈمران قايغۇغا بۇ دەم،
ئىز بېسىپ تۇرغاندا تىرەپ نەۋرەم پۇت.
ياش ئەمەس، كۆزۈمدە كۈلكە ئۇچقۇندار،
تىلەيمەن تىز پۈكۈپ سەبىيلەرگە قۇت.

قاراڭغۇ تۈنلەردە باردۇر چىرىغىم،
تولۇن ئاي، نۇرۇڭنى ئۆزگىلەرگە بەر.
بالىسىز ئۆيلەردە دۇئا ـ تىلاۋەت،
مۇڭلۇق ئەللەيلەرگە تەشنا شۇ قەدەر.

قايرىلىپ قارايمەن ئۆتكەن ئۆمرۈمگە،
قالدىمۇ ئىزىم دەپ، ئۆچتىمۇ ياكى.
ۋاپاسىز سۆيگۈدەك ئۆرتەپ كۆڭۈلنى،
تاڭدىكى شەبنەمدەك كۆچتىمۇ ياكى.

ياق، ئەنە يانماقتا ھۇجرامدا چىراغ،
نۇرىدا يالتىراپ ئۇلانغان يوللار.
بۇگۈندىن نەۋرەمنىڭ ئەتىسى پارلاق،
دېمەككى بۇ يوللار ئۈزۈلمەس يوللار.

## بىر كەلىمە سۆز

خۇش كەيپىسىز مېھمىنىم، تارتىنماڭ زىنھار،
مېھماندوست يۇرتۇمنىڭ ئەمەس كۆڭلى تار.
تاپالماس بۇ يەردە بايلىق، پۇل ـ پۈچەك،
ئەل سۇنغان بىر يۇرتۇم چايدەك ئېتىبار.

بايلىقتىن تىكلەنگەن ئابروي ـ ئاتاقنى
خەس ـ چاۋا ئورنىدا كۆرەر زېمىن بۇ.
مەرىپەت ـ سەنئەتكە پەرۋانە گويا،
ئىناقلىق ـ دوستلۇقنى سۆيەر زېمىن بۇ.

بۇلاقلار سۇ ئەمەس سۆيگۈ چاچىدۇ،
ھەر سەھەر بۇلبۇللار تۆكەر گۈلگە سىر.
ئۇيۇنىشىپ مەجنۇننى ئەگكەن شامالمۇ
بىر شېرىن سۆيگۈنىڭ ئىلكىگە ئەسىر.

ئۇنۇتماڭ بۇ يەرنى، قەدەھ سۆزۈم شۇ،
سىز ئۇچۇن ساھىبخان شەھەر ھەم سەھرا.
ئۇنۇتماڭ، يۇرتىڭىز ئەسلىدە مۇشۇ،
ھەر چىمدىم تۇپىسى سىزگە تۇتىيا.

## خۇشلىشىش

تۇشۇپ ۋاقتى جەڭچى يىگىتنىڭ،
ئالدى قىسمىدىن قايتىش بۇيرۇقى.
ئەزىز ئىدى ئاڭا بۇ يەرنىڭ
قويىنى باھار، سىرداش تۇپرىقى.

ئاخىرقى رەت ئاينى قولتۇقلاپ،
ياماشتى ئۇ خادا تاشلارغا.
تاغلار ئويغاق، جەگچى كېزەر جىم،
تولۇپ كۆزى ئىسسىق ياشلارغا.

ئەنە تونۇش پولات ئىستېھكام،
گەمىلەردە چىراغىنىڭ نۇرى.
دولقۇنلىنىپ تارايدۇ ئاستا
چېگرا كويى — جەگچى غۇرۇرى.

كۈننى ئايغا، ئاينى يىللارغا
ئۇلىغان ئۇ مۇشۇ تاغلاردا.
چەكسىز دالا، قارلىق يوللارنى
ئوخشىتاتتى گۈزەل باغلارغا.

سۇرتۇپ كۆزىگە ئېزگۇ تۇپراقنى،
دېدى يىگىت ، خۇش گۈزەل ماكان.
ئۇنۇتماسمەن سېنى چوپان قىز،
ئۇنۇتماسمەن سېنى تاغ، ئورمان.

چاقىرىپتۇ مېنى گۈل يېزام
يېڭى چېلىش قايناملىرىغا.
ئۇچرىشارمىز جەگچى دوستلىرىم،
ئەتىمىزنىڭ بايراملىرىدا.

ئايرىلساممۇ قىسمىدىن بۈگۈن،
تەپكىدە قول، باغلاقلىق بېلىم.
قوغداش ئۈچۈن گۈل باھارىڭنى،
جەگچى ئوغلۇڭ تەييار ۋەتىنىم.

## سايرا

ئاتالدىڭ ئەل ئارا چولپان، چىمەننىڭ بۇلبۇلى، سايرا،
نازاكەت باغىنىڭ خۇش بۇي پۇراقلىق بىر گۈلى، سايرا.

جاھان سەھنىسىدە مېھرۇ ـ مۇھەببەتتىن شەرەپ تاپتىڭ،
سېنى گۈلشەندە سايراتقان ئىسلاھات يولى، سايرا.

كۆزۈڭ چولپان، چېچىڭ بوستان، يېقىملىق ناز ـ كەرەشمەڭ بار،
بولالماس سەن كەبى زىلۋا پەرىلەرنىڭ بويى، سايرا.

ئىشىق سەۋداسىدا گۈلخان ۋاپادار ھەر يىگىت قەلبى،
ئالۇر ئىلھام جامالىڭدىن غەزەلخانىنىڭ دىلى، سايرا.

جۇلالىق گۈلچىمەن دوپپاڭ زىبا بەستىڭگە زىننەتتۇر،
رەشىڭ ئەيلەپ تۇتار كۆكتە تولۇن ئاينىڭ خۇيى، سايرا.

ئىپار چاچقانىمۇ مەكزىنگە، ناۋات قوشقانىمۇ لەۋزىڭگە،
گۈزەل ناخشاڭ بىلەن ئاۋات يىگىت ـ قىزلار تويى، سايرا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاناتلانغان قىران قۇشسەن ئەزەلدىن كۆككە تەلپۈنگەن،
سېنى باشلايدۇ ئىقبالغا قۇياش ــ ئاپتاپ يولى، سايرا.

جاراڭلات مەڭگۈ ناخشاڭنى، بىتلىپ قويسۇن جىمى ئالەم،
كۆيۈڭگە دولقۇنى تەڭكەش ئىلى، تارىم سۈيى، سايرا.

گۈلسۇم نىياز

# ئىككى لىرىكا

## ساھىلدا

خىياللار باغرىغا ئاتسام ئۆزۈمنى،
ساھىللار، ئېسىمگە كەپقالدىڭ شۇدەم.
قۇمساڭغۇ تۈپرىقىڭ ئەزىزدۇر ماڭا،
بار ئۇندا ئىزلىرىم، بار ئۇندا كۈلكەم.

ساھىللار ــ مەن سۆيگەن يېشىل كىمخابلار،
ياشاندىم، قولدا بار ھاسا تايىقىم.
قەلبىمدە بىر دەريا سالىدۇ شاۋقۇن،
(لېكىن سەن شاۋقۇنسىز قالدىڭ ئايىغىم.)

ئالدىمدا تۇرغاندەك قىلىدۇ بىراۋ،
يۈرىكىم تونىدى، بەلكى سۆيگىنىم.
چىرىلداپ كۈيلەيدۇ ئۇندا تومۇزغا،
يالتىراق مەنزىرە، مېنىڭ كۆرگىنىم.

دەريانىڭ كۈيلىرى ئەللەيلەر مېنى،
بۆزغۇنلار ئوخشىدى چېچەكلىرىمگە.
يېپەكتەك شولىلار، ياقۇت ياپراقلار
سىيرىلىپ چۈشمەكتە ئېتەكلىرىمگە.

سەبىيدەك شادلىنىپ، سۆيۈندۈم شۇئان،
بۈگۈندىكى ھەر نەرسە نەقەدەر كۆركەم.
ياشلىقىم سىرلىرى ئامانەت سەندە،
ساھىللار ــ سەن مېنىڭ ئەبەدىي كۈلكەم.

## مەن بىلەن بىللە

بۇ كۆكۈل نە كويدا بىلمىدىم پەقەت،
سەن ھامان مەن بىلەن تۇرىسەن بىللە.
قۇچاقلاپ تاڭلارنى، تاڭلارنى كۈتسەم،
سەن يەنە تۇرىسەن مەن بىلەن بىللە.

بارىمەن گاھىدا دەريا بويىغا،
شاۋقۇنلار ئىچىدىن ئاڭلىنار ئۈنۈڭ.
ئېيتىسەن ئاجايىپ ناخشىلارنى سەن،
سۆيگۈگە ئورىنىپ ئۆتىدۇ كۈنۈم.

توقايغا بارىمەن چىمەنلەر ئۈچۈن،
بۇلبۇللار سايرايدۇ، سايرايسەن دەرھال.
چۈشلىرىم سەھەردە سېنىڭ كۆزلىرىڭ،
ھەمىشە بىللە بىز، نېچۈكتۇر بۇ ھال.

ساھىلدا كەزگەندە قالار ئىزلىرىم،
سايىدەك قالمايسەن مېنىڭدىن ھەرگىز.
خىيالىم يىپلىرى ئۈزۈلسە ئەگەر،
قالىمەن تىكەندەك ئۆزۈملا يالغۇز.

سەن دەريا، سەن شاۋقۇن، سەن بىر
جۇشقۇن كۆي،
خىياللار ئىلكىدە بولسەن كۆپ لال.
يۈرەكلەر ئەمرىنى تۆكەر بىر كۈنى
ئاتەشتەك باغرىنى ئاچقاندا ۋىسال.

ھەمدۇللا شىرىپى

## كېلىن

توي كۈنى كەلدى كېلىن ۋەلسىپىتتە
ئوغلىمنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپلا.
نەچچە جۈپ قىز – يىگىتلەر ھەمراھ ئىكەن،
ئەسسالام دېدى ئۆيگە كىرىشىپلا.

خۇش كەيپىز دېدۇق موماي ئىككىمىز تەڭ،
ئالدىراپ ئۆي تۆرىدىن كۆرسەتتۇق جاي.
لېكىن قىز تەرك ئېتىپ ئولتۇرۇشنى،
دەملىدى ئۆز قولىدا بىر چەينەك چاي.

شاد – خۇرام، كۈلكە – چاقچاق، پاراڭ بىلەن،
بىر ئوبدان سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى.
چاققىنى نەچچە تەخسە گازىر، پۇرچاق،
خوشلىشىپ ئۆزرە ئېيتىپ تارقىلىشتى.

قالدى قىز كېلىن بولۇپ ئۆيىمىزدە،
نە كېلىن پەرى – پەيكەر ھۆرى قالدى.
كۆكتىكى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي ھەم،
سۆبھىدەم سۆھەيلىنىڭ نۇرى قالدى.

خۇش پېئىل، كېيىمى يوق، لاتاپەتلىك،
بۇلبۇلغا بولۇر ئەنداز شېكەر گەپلىك.
قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىغا مېھرى ئاتەش،
ھەر ئىشتا چېچەن – چېۋەر، قولى ئەپلىك.

بېيجىڭدا ئوقۇپ كەلگەن بىلىملىك قىز،
ئىشچىغا تېگەرمۇ دەپ غەم يەپتىمىز.
ۋالىيغا قۇدا چۈشمەك ئاسانمۇ دەپ
بىكارغا ئوغلىمىزغا ۋايساپتىمىز.

ئاي – يىللار ئۆتۈپ كەتتى بىر كۈندەكلا،
ئۆزئارا ھۆرمەت گۈلى چېچەكلىشىپ.
رازىمەن قېرىلارنىڭ قۇچىقىدا،
نەۋرىلەر ئويناقلايدۇ تېپچەكلىشىپ.

نەمۇنە ئۆز ئىشىدا ئوغۇل – كېلىن،
چوڭلارنى كۆتۈشتىمۇ ئۆلگە ئۇلار.
يۇرت ئەھلى دەيدۇ، كېلىن شۇنداق بولسا
ئۆي دېگەن گۈلگە تولار، نۇرغا تولار.

مەھەممەت داۋۇت

## چار پاقا بىلەن چار يىلان

(مەسەل)

چار يىلان پۇشۇلداپ جاڭگاللىنى كېزىپ،
لوقما – يەم تاپالماي دەرياغا كېلىپ.
دەريادا ئويىنغان بېلىقنى كۆرۈپ،
تۈگۈلدى قورسىقى ئوغىغا تولۇپ.

www.uyghurkitap.com

كۆڭلىمدە دېدى ئۇ: دەريادا بېلىق
شۇڭغۇشۇپ ئازادە ئۈزەرئىدى سىلىق.
ئۈزۈشلار ئۇنىڭغا بولىدۇ ئۇزۇق،
ھېچ ئىشتىن غېمى يوق، توققۇزى تولۇق.
مەن نىچۈن ئاشۇنداق يۈرمەيمەن سېمىز،
تەڭرىنىڭ ئالدىدا بولمايمەن ئەزىز؟
مەن گۇناھ قىلغانمۇ، نېمىشقا خۇدا،
ئاشۇنداق بەختنى قىلمايدۇ ئاتا؟
شۇ خىيال ئىلكىدە تولغىنىپ يىلان،
ئاھ ئۇرۇپ تۇرغاندا قۇرالماي پىلان.
چار پاقا سازلىقتىن كەلدى كۆركىراپ،
دوست تارتىپ يىلانمۇ ماڭدى شۇرقىراپ.
چار يىلان، چار پاقا شۇنداق كۆرۈشۈپ،
مۇڭداشتى، يىغلاشتى ھاردۇق سورۇشۇپ.
چار پاقا دەردىنى تۆكتى كۇسۇلداپ،
سېسىق گاز چىقىرىپ تىنماي پۇسۇلداپ:
ئۇزۇن يىل سازلىقتا كۆركىراپ يۈردۈم،
جاھاندا بارى – يوق سېسىقنى كۆردۈم.
بەزىدە بېشىمغا چۈشتى نىجاسەت،
خارلىنىپ ئاڭلىدىم تالاي ئاھانەت.
بەزىدە ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزدىمەن،
ئاچلىقتا پايلىماي قۇرت سۈزدىمەن.
بېلىقلار ئۈزىنسا دەريادا ئۈزۈپ،
ئاھ ئۇرۇپ يىغلايمەن قورسىقىم كۆپۈپ.
گەر خۇدا ياراتسا سېنىڭدەك ئۇزۇن،
بېلىققا بەرمەيتتىم دەريادىن ئورۇن...
دېگەندە چار پاقا يىلانغا قاراپ،
شادلاندى گوياكى ئىچكەندەك شاراب.
تاپقاندەك بېلىقنى يېيىش يولىنى
چار يىلان نايناقلاپ سوزۇپ تىلىنى،
سۆزلىدى: تۈگىدى مەندىكى تاقەت،
ئەمدىمەن بېلىققا سالىمەن ئاپەت.
پاقىجان، كەل ئاداش، بىر نىيەتتە بىز،
بېلىقنى قوغلىساق دەريادىن شەكسىز
يۈرمەيمىز ئېچىرقاپ مۇشۇنداق ئورۇق؛
ئۈزۈشنىڭ پۇرسىتى بولىدۇ تولۇق.
بۇ دەريا بولىدۇ بىزنىڭ تەختىمىز،
چېچەكلەپ گۈللەيدۇ چوقۇم بەختىمىز.
بەللى، دەپ چار پاقا سەكرىدى خۇشال،
ئاشقلار گۈلشەندە تاپقاندەك ۋىسال.
ئىككىسى مۇشۇنداق ئېغىز يالىشىپ،
مەڭگۈلۈك دوستلاشتى قەسەم باغلىشىپ.
مەسلىھەت بويىچە يىلاننى پاقا
كۆچمىنىڭ بارىچە يۆۋلىدى راسا.
يەل بىلەن يىلاننىڭ غەيرىتى ئاشتى،
ئاچكۆزلۈك ھەۋىسى يامرىدى، تاشتى.
بېلىقنى يالغۇزلا يېمەكچى بولۇپ،
سۇلتانلىق تەختىگە مىنمەكچى بولۇپ.
ھوپ دېدى دەم تارتىپ پاقىنى يۇتۇپ،
كېرىلدى قىماردا ئالغاندەك ئۇتۇپ.
چار پاقا ئالدىنىپ كىردى قورساققا،
شۇمنىيەت قوغلىشىپ چۈشتى توزاققا.
قاقشىدى – زارلىدى، ئاقتى كۆز يېشى،
بولۇپ بەك بۇرۇختۇم ئايلاندى بېشى.
ئەجەلنىڭ چاڭگىلى قىستىدى ئۇنى،
ئاز قالدى تۇمشۇققا يېقىنلاپ جېنى.
چار پاقا ئويلىنىپ تاپتى بىر چارە،
قىلماقچى بولدى ئۇ يىلاننى پارە.
يۆۋلىدى يىلاننى كۆچەپ – چىڭقىلىپ،
پۇتىنى چىڭ تىرەپ راسا كېرىلىپ.
پاققىدە يېرىلدى يىلان قورسىقى،
پاقىغا كۆرۈندى ئاسمان بوشلۇقى.
پاقىنى قىينىدى ئاچلىق ئازابى،
ئۇلغايدى يىلاننىڭ غەزەپ – پىغانى.
قىساسىنىڭ ئوتىدا ئېتىلدى يىلان،
پاقىغا يەم بولدى گۆشلىرى شۇئان.
كېرىلىپ چار پاقا كۆككە قارىدى،
يىلاننىڭ زەھىرى تەنگە تارىدى.
توساتتىن پاقىنىڭ چەكچەيدى كۆزى،
ئۆزگەردى تېخىمۇ قارىيىپ يۈزى.

يىقىلدى چار پاقا يۇمدى كۆزىنى،
جەھەننەم ئىچىدە كۆردى ئۆزىنى.
ئاقمىدى ئاخىرى بەدنىيەت قىلىق،
دەريادا بەھۇزۇر ئويىنىدى بېلىق.

ۋارىسجان قاسىم

## بۇ مېنىڭ يولۇم

تىكەنلەر ئۈستىگە تامچىغان قانلار،
توسمىغىن ئالدىمنى، بۇ مېنىڭ يولۇم!
تەشۋىشلىك خىيالدا ئۆتتى كۆپ چاغلار،
ئىلتىجا ئىلكىدە سوزۇلماس قولۇم.
چىرايلىق دەۋەتلەر قوزغىماس ئۈمىد،
قالىدۇ مېنىڭدىن يوللىرىمدا ئىز.
ئۆتىمەن چاتقالدىن ھەمدە توقايدىن،
ئامىتىم دېمەيمەن تەييارنى ھەرگىز.

رەپقەتجان خېلىل

## ئۈچ غەزەل

1

كېرەك بولسا چىرايىڭنى ئېچىلغان گۈلگە ئوخشاتماق،
پەراقىڭدا يۈرەكىمنى كېرەككى كۆلگە ئوخشاتماق.
كۆزۈڭنى كۆرسە دەرلەركى: كېيىكتىن كۆز ئوغرىلاپتۇ،
كۆزۈمنى ھەم ئەمەس مۈشكۈل سۈيى قان كۆلگە ئوخشاتماق.
ئېلىپ قەددىڭنى كۆرگەچكە ھەسەتتىن تولغىنار سەرۋى،
ئاسان ئىشقىڭدا مۈكچەيگەن بويۇمنى نۆلگە ئوخشاتماق.
سىياقىمنى سىياقىڭغا سېلىشتۇرماق ئەيىبلىكتۇر،
ئەيىبلىك بولغىنىدەككىم قۇرۇقنى ھۆلگە ئوخشاتماق.
سېنىڭسىز كىرسە جەننەتكە ئېچىلماس كۆڭلى رەپقەتنىڭ،
كۇپۇرلۇق بولسىمۇ گەرچە بېھىشنى چۆلگە ئوخشاتماق.

2

ئەي، يۈرەكتە يوق خىيالىڭدىن بۆلەك زەررىچە ئوي،
بار دېسەڭ بىلمەك ئۈچۈن خەنجەر بىلەن كۆكسۈمنى ئوي،
سەن تامانلا بارغۇسىدۇر بۇ خىيالىم تۇلپىرى،

www.uyghurkitap.com

سېنى تاپماقنىڭ يولىدا بولسىمۇ كۆپ دۆڭ ۋە ئوي.
ئۆزگىلەرنىڭ زىكرىدىنى قىلسام ئەگەر شامۇ ـ سەھەر،
رازىدۇرمەنكى تىرەمنى ئايىماي تەتۈرگە سوي.
ئايلىنۇرمەن ئىشق ئوتۇڭنىڭ يېنىدا پەرۋاندەك،
قىشمۇ ـ ياز، كۈندۈز ـ كېچە مەندە پەقەت شۇ بىرلا كوي.
دېمىگىن قىلدىڭ نېمىشقا بۇ جاپانى ئىختىيار،
ئەلمىساقتىن جان پىدالىق ھەننىمۇۋا ئاشىققا خۇي.
سۆيگۈسىز ئۆتكەن ئەسىردىن ياخشى ئاشىقلىق مىنۇت،
يانمىغاي رەپقەت يولىدىن زاھىدا ۋەزدىڭنى قوي.

3

ئەسلىرىڭدە بارمۇ دىلبەر، بىز ئىدۇق بەش ـ ئالتە ياش،
باغ ئارا ئوينار ئىدۇق ئۇچكە چىقىپ قوشماق ئاداش.
ئويىمىز بىر، خۇيىمىز بىر، بويىمىزمۇ تەڭ ئىدى،
ئەپلىشەتتۇق شۇ زاماتلا قىلىشىپ قالساق تالاش.
ئاي ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ، ئاھ، قىلدى تەڭسىزلىك پەلەك،
مېنى بىر ھالسىز گىمياھىڭ، سېنى بىر چېھرى قۇياش.
نەگە كەتتى، ئېيتقىنا، بىر سەندىكى مېھرى ـ ۋاپا،
بولۇۋاپسەن شۇنچە زالىم، ھالى ئۈستۈن، باغرى تاش.
پادا باققان چاغنى ئۇنتۇپ سەن ياڭاق چاققان بىلەن،
مەن ئۇچۇن مۇمكىن ئەمەسكەن ھەر زامان سەنسىز ياشاش.
لۇتفى ئەيلەرسەنمۇ رەپقەتكە ئەگەر زاھىد بولۇپ،
گۈل يۈزۈڭنى قىبلىگاھ دەپ قويسا مېھرابىڭغا باش.

ئابدۇلئەھەد قادىرى

# گۈل بەرگىدە يالتىرار شەبنەم

## ئىلتىجا

بىر ئېغىز ئىلتىجايىم بار سىلەرگە،
بەرمەڭلار ئازار گۆدەك بوۋاقلارغا.
ئاڭلانسۇن ئۆيۈڭلاردىن خۇشال كۈلكە،
يىغا ـ زار ئاڭلانمىسۇن قۇلاقلارغا.

تەبەسسۇم ھەمراھ بولسۇن چىرايــلارغا،
يىغلاشنى ئۆگەنمىسۇن خۇيۇكلاردىــن.
قايتۇرۇپ بېرەر بەلكىم چوڭ بولغاندا،
ئۇ، ھازىر نېمە ئالسا قولۇكلاردىن.

سەبىي ئۇ، سەبىيلىكتە بىزدىن ئۇلۇغ،
ئار ئەمەس، سەبىيلەردىن ھېيىقمىشمۇ؛
ئۆي - سەھنە، ئۇلار - گويا تاماشىبىن،
دېمەككى، مۇھىم قانداق رول ئېلىشمۇ...

«بالا ئۆز ئاتىسىنى دورايدۇ» دەپ،
كونىلار ئېيتقانىكەن (دۇرۇس بۇ گەپ.)
بىزدىكى يامان خۇيىمىلڭ ۋىرۇسلىرى
كەتمىسۇن باللارغا يۇقۇپ، ئەدەپ.*

كەتمىسۇن باللارغا يۇقۇپ، ئەدەپ،
مىراس دەپ بىلسۇن ئۇلار ياخشىــلىقنى.
بولارمىش كەچ كىرگىچە، رىسقى شۇنــداق،
ئەتىگەن يېسە قانداق ناشتىلىقنى...

### شائىرلىقىمغا ئىزاھات

مەن ئانامدىن تۇغۇلغان ئەمەس،
شائىرلىقتا يا دىپلوم ئېلىپ.

قىلغىنىم يوق بۇ ئىشقا ھەۋەس،
دەسمايىمىز تاپاۋەت بىلىپ.

چۈشتى قاچان باغرىمغا بىر ئوت،
شۇندىن بېرى ئاشىق - جۇنۇنمەن.
شېئىر بىلەن ئالەمدە مەۋجۇت،
بولۇپ كەلدىم ھازىر، بۈرۈن... مەن.

زورلىمىدى ھېچكىممۇ مېنى،
ھەم دوراپمۇ ئالمىدىم قەلەم.
تەگسە گاھى شائىرلىق نېنى،
يەتتى گاھى بېشىمغا ئەلەم.

ئېشىپ باردى ھەۋەس - رىغبىتىم،
شېئىر بولۇپ ئۇندى ھەر قەدەم.
شائىرلارغا چەكسىز ھۆرمىتىم
ۋە شېئىرغا ئىخلاس، ئەقىدەم.

شائىر دېگىن، مەيلى دېمىگىن،
بۇ، مەن ئۈچۈن ئوخشاش بــەرىبىر.
مەن كېتەرمەن جاھاندىن لېكىن
ئۆلمەس شائىر، ئۆلمەيدۇ شېئىر!

**مۇختار سوپى**

## شېئىرلار

### نېمىشقا...

نېمىشقا ھەر كەچ
خىياللارنى كېلىسەن باشلاپ

خىلۋەتتىكى جىمجىت ھۇجرامغا.
نېمىشقا ھەر كەچ

---

* ئەدەپ— يامراپ كېتىش مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چۈشلىرىمگە بولسەن ھامىي
شېئىر يېزىپ ماڭۇق ياستۇققا.

پەرىشتىسەن ئاشۇ چۈشۈمدە
يا شەيتانسەن ئازدۇرغان مېنى،
ياكى ئىلاھ،
ياكى مۇئەككەل،
ياكى مەبۇت پەقەت، پەقەت سەن؛
چۈنكى، چۈشلىرىم
ساڭا ئوخشاش
سىڭىپ كەتكەن قىزغۇچ ئۇيۇققا.
نېمىشقا ھەر كەچ
ئاي غۇۋا ھەم قۇشلار بىناۋا
سېنى ئەسلەپ،
ساڭا تۇۋىنىپ
ئۆتەر بۇ ھايات
سېنىڭ ئۈچۈن يارالغان دۇنيا...

## بەخت قۇشى

سورىدىم سېنى
باھار ئېيتقان لىرىك ناخشىدىن،
ئەللەيلىدىك تەنتەك ياشلىقنى
قارلىغاچنىڭ قاناتلىرىدا؛
سورىدىم سېنى
ئىسسىق بەلباغدىن يانغان تۈرىندىن؛
قويدۇڭ پەپىلەپ
ئىستەكلىرىمنى،
باش باھارنىڭ شاماللىرىدا.
سورىدىم سېنى
شېرىن چۈشلىرىمدىن
بۇلۇتلارغا بەردىڭ پارچىلاپ
مەۋجۇتلۇقىمنى.
سورىدىم سېنى
يەر كۆتۈرگەن، يەرنى كۆتۈرگەن
بوۋامدىن...
بوۋام كۈلۈپ
بىرنى ئۇرۇپ قويدى ئاغزىمغا
تووا دېدىم
دېدىم، تووا ماۋۇ بوۋامنى!

## قەبرە

بۇ قەبرىلەر ئۇنتۇلماس بەلكىم
قوشۇلسىمۇ تۇپراققا ئاخىر.
تۇپراقتا بار ئۆلمەس خاسىيەت
ئادەم بىلەن تۇپراق ئەسلى بىر.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت



## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

قەييۇم تۇردى

# يېزا ئىسلاھاتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى

يېقىندا چاقىرىلغان پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8 - ئومۇمىي يىغىنى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى»نى ماقۇللاپ، يېڭى تارىخىي دەۋردە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان ئالاھىدە ئورنى، رولى ۋە مۇھىملىقىنى ئىلمىي ئاساستا چوڭقۇر، ئەتراپلىق شەرھىلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا تارىخىي يۈسۈندا يۇكسەك باھا بېرىپ، يېزا ئىگىلىكى — ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ قەددىنى رۇسلاپ پۇت تىرەپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، دەپ كۆرسەتتى.

پارتىيىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتلىك قارارى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى، جۈملىدىن بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى چوڭ يېزا ئىگىلىك دۆلىتى بولغان ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق يېڭىچە تونۇش، يېڭىچە قاراش ۋە ئىلھام - تەسىراتقا ئىگە قىلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى 10 يىللىق زور ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئېلىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى ئۇلۇغ ئىسلاھات ھەرىكىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىسى ۋە ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىكى ئۇلۇغ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇ، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى، چوڭقۇرلاشتۇردى. يېزا ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مىسلىسىز تەسىرى كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى ئېڭى بىلەن ھازىرقى زامان قىممەت قارىشى ئېڭىنى روشەن ھالدا ئۆستۈردى؛ شەھەر ئىسلاھاتى ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچ - مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس يارىتىپ، ئۇلۇغ تۆھپە قوشتى ۋە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى.

نۆۋەتتە يېزا - كەنتلەردە ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، ئىلمىي سوتسىيالىزم تەربىيىسى ھەمدە ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ كۈچىنى زورايتىش، ئورتاق بېيىش يولىغا قاراپ مېڭىشقا يېتەكلەش، زامانىۋىلاشقان مەدەنىيەتلىك يېزا - كەنت قۇرۇش دولقۇنى دېھقان - چارۋىچىلارغا غايەت زور ئۈمىد - ئىشەنچ بەخش ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قوزغاپ،

www.uyghurkitap.com

بىپايان تاغ – دەريالارنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاشقا ئاتلىنىشتەك ئىلھامبەخش قايناملاشقىنلىق يېڭى مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۈگۈنكى يېزا ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ھەممىنى ئۆزگەرتمەكتە؛ ھەممىگە ئىلھام – رىغبەت بەخش ئەتمەكتە، كونا – يېڭى ئاڭ كۈرەش ئىچىدە ئۆز ئارا ئورۇن ئالماشتۇرماقتا. كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزگەرتمەكتە، ياشاش – تىرىكچىلىك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەكتە؛ قالاقلىق، نامراتلىق، خوراپاتلىق، تەقدىرچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆزگەرتمەكتە. بېكىنمىچىلىكنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭىچە قىممەت قارىشى بىلەن شاللىنىۋېتىش، تاللىنىۋېلىش، ئىسلاھ قىلىش، دادىل قوبۇل قىلىش يولىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئۆز – ئۆزىنى كۈچەيتىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇرماقتا. رىقابەتكە تەييارلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئۆز ئەتراپىغا، ئېلىمىزگە، جاھانغا ۋە يىراق – يېقىن كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىماقتا. باي – پاراۋان، زامانىۋى يېڭىچە تۇرمۇشقا ئىنتىلمەكتە، يول ئىزچىپ ئىلگىرىلىمەكتە. دۇنيا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بارغانچە كېڭەيمەكتە...

مانا بۇ، مېنىڭچە، بۈگۈنكى كەڭ يېزا – كەنتلەرنىڭ ئەڭ يېڭى ۋە تۈپ ئاساسىي قىياپىتى؛ شۇنداقلا ھەر مىللەت ئەدەبىيات – سەنئەت خادىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەرگىزمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان ئەڭ مەنىلىك، زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە يېڭى زور تېما ۋە ئىلھام مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، ماركسىزم كلاسسىكلىرى ۋە تەنپەرۋەر، خەلقسۆيەر ئەدەبىيات – سەنئەت خادىملىرىنىڭ بەدىئىي ھاياتى ۋە بۇ بەدىئىي ھاياتىنىڭ قىممىتى ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىدا، شۇنداقلا ئەدەبىيات – سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ تەقدىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇش — ئەدەبىيات – سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ بۇلىقى. يازغۇچى – سەنئەتكارلار رېئال تۇرمۇش قاينىمىدا كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرىنى ھەمدە رېئاللىقنىڭ ئۆز روھىي دۇنياسىدىكى ئىنكاسىنى ئىزھار قىلىدۇ. بۇ، ئەدەبىيات – سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئادەتتىكى قانۇنىيەت. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئەمەلىيەت، جۈملىدىن يېزا – كەنتلەردىكى ئۇلۇغ ئىسلاھات ھەرىكىتى ئەدەبىيات – سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تۈگىمەس – پۈتمەس مەنبەسى ۋە مۇنبەت تۇپرىقى. ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات – سەنئەت سىياسىي يۆنىلىشى بىردەك بولغان، مەزمۇنى، شەكلى، ئۇسلۇبى، ئېقىملىرى كۆپ خىل بولغان، ئىجادىي روھقا ئەڭ باي، تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتى ئەڭ كەڭ ئەدەبىيات – سەنئەت. ئەدەبىيات – سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس – بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش — جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ تۈپ پرىنسىپى؛ ئۇ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات – سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات – سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى، شۇنداقلا يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ئېلىمىز ئەدەبىيات – سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى.

- شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇستىقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بىرخىل ئاڭ شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي بازىس ۋە تۇرمۇش بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئورتاق غايىسى، شۇنداقلا كىشلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان، كىشلەرنى ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈك. تەبىئىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىدۇ، يېرىك يېزا ئىگىلىكى ئاساسنى يارىتىشقا قاراپ ئىلگىرىلەش — ئىلمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەش نىشانى.

ئەلۋەتتە، ماددىي مەدەنىيەت يارىتىش ئاساس؛ لېكىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلمىسا، يېزا ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا يولداش جياڭ زېمىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغاندا ئىنتايىن مېغىزلىق قىلىپ «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؛ لېكىن ئۇنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ... يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنىڭ تۈپ نىشانى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى بىر ئەۋلاد دېھقانلارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت» دەپ ناھايىتى ئېنىق كۆرسەتتى.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش — ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ شەرەپلىك مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا دۆلەت ئومۇملۇقىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىغا قويغان تەلىپى. يولداش جياڭ زېمىن بىر تۈركۈم مەشھۇر يازغۇچىلارنى قوبۇل قىلغاندا، ئىنتايىن سەمىمىيلىك ۋە ئۇچقۇر كۆڭۈللۈك بىلەن «ئېلىمىزنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش — دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئومۇملۇقى، ھەرقايسى سەپلەر، تارماقلار، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىدىكى يولداشلارمۇ بۇ ئومۇملۇققا ئاڭلىق بويسۇنۇشى ۋە مۇشۇ ئومۇملۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم» دەپ چاقىرىق قىلدى، بۇ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىغا بىلدۈرگەن ئىشەنچ-ئۈمىدى ۋە تەلىپى.

رېئالىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئېستېتىك پرىنسىپلىرى ۋە ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسى ھېلىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك. خەلقنىڭ ئېستېتىك تەلىپى، ئېستېتىك باھاسى ۋە ئېستېتىك غايىسى، ناھايىتى ئېنىقكى، بۈگۈنكى دەۋر، جەمئىيەت ۋە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئېھتىياجى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۆتكەن 40 يىل مابەينىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچى سەنئەتكارلىرى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، تۆۋەنگە، ئاساسىي قاتلامغا، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىگە يۈزلىنىپ، خەلق كۆڭۈل بۆلگەنگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆز تەقدىرىنى خەلق

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي ئاممىسى بولغان دېھقان ـ چارۋىچىلار بىلەن بىرلەشمىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش يولىغا مېڭىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك، ئېسىل بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ ئىلگىرى سۈرۈشكە قىممەتلىك تۆھپە قوشتى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى، ئىلھامبەخش رول ئوينىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەربىيىۋى رولى، ئېستېتىك رولى، بىلىش رولى ۋە كۆڭۈل ئېچىش رولىدىن ئىبارەت كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق ئالاھىدە رولىنى كەڭ جارى قىلدۇرۇپ، رەڭگارەڭ تۇرمۇشنى ھەر خىل نۇقتا، ھەر خىل يولدىن يورۇتۇپ، ئۇسلۇبى ھەر خىل، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولغان ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا رەڭگارەڭ گۈللەر تەكشى ئېچىلغان يېڭى تارىخىي مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە يېزا تېمىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا نۇرغۇن يازغۇچىلار ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىۋى تېما. بۇ شىنجاڭنىڭ چوڭ يېزا ئىگىلىك رايونى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەمەلىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بۇنى يەنە مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ چوڭ ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتقانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھام ـ ئوزۇق ئېلىشقا ئاڭلىق ئىنتىلگەنلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. نۆۋەتتە، پارتىيە 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تارىخىي ئەھمىيەتلىك قارارى بۇ چوڭ تېمىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكىنى كۆپ تەرەپتىن، بولۇپمۇ نەزەرىيە، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتىن مۇكەممەل شەرھىلەپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىشانىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بەردى. يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، چوڭ ئومۇملۇق، چوڭ يۆنىلىش، تۇرمۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇقەددەس پرىنسىپى بولغان خەلقچىللىق پرىنسىپىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرغانلىق.

بەزى كىشىلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە بىرەر چاقىرىق، تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇلسىلا «تېما تاللاشقا ئارىلىشىۋېلىشقا بولمايدۇ»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سىياسىي شوئارلار ئىچىگە سۆرەپ كىرىشكە بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى گۈزەللىك يارىتىش قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ گۈزەللىك يارىتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ئېستېتىك پائالىيەت. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، ئىجادكارلار تېما، مەزمۇن، شەكىل تاللاشتا تولۇق ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە موھتاج. تەبىئىيكى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلمىسە، كىشىلەرنى ھاياجانغا

سالىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. مۇشۇ مەنىدە ئەدەبىيات - سەنئەتنى سىياسىي بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا، بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ۋاقىتلىق، كونكرېت، بىۋاسىتە سىياسىي ۋەزىپىلەرگە بېقىنىشىنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. چوڭ جەھەتتىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىدىن ئېيتقاندا، بۇ تامامەن توغرا.

لېكىن سىياسىي بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنى بىر - بىرىدىن تامامەن ئايرىۋېتىشمۇ توغرا ئەمەس. سىياسىي ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى، مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى مۇئەييەن تۈزۈلمىنىڭ ئىنكاسى. ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالى، خەلق ئىرادىسىنىڭ تەقەززاسىدىن تۇغۇلغان سىياسىي. مۇشۇ سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىق — خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىق. ئەدەبىيات - سەنئەت تەبىئەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، لېكىن تەبىئەتنى بويسۇندۇرىدىغان، ئۆزگەرتىدىغان مىليونلىغان خەلقنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئۇلارنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. خەلق ياقتۇرغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىلا ئۆلمەس نادىر ئەسەرلەر بولۇپ قالىدۇ، مۆلچەرلىگۈسىز ئۇلۇغ روللارنى ئوينايدۇ. بۇ، تارىخ ئىسپاتلىغان ھەقىقەت.

شۇڭا بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۇنى سەممىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش بازىمىز، ئىجادىيەت تېمىلىرىمىز ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز لازىم. ئاساسىي قاتلامغا، يېزىغا يۈزلىنىشىمىز، پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇشىمىز لازىم. يېزىغا يۈزلىنىش ئاسان ئەمەس، دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كېتىش، ئۇلار بىلەن چىن كۆڭۈلدىن بىرلىشىشمۇ ئانچە ئاسان ئەمەس. قەتئىي نىيەتكە، جاسارەتكە كېلىدىغانلا بولساق، ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا، چىققىلى بولمايدىغان تاغ يوق. يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت چوڭ ئومۇملۇق بىزنى چاقىرماقتا. غايەت زور ئۆزگىرىش، ئىسلاھ قىلىنىش جەريانىدا ئىلگىرىلەۋاتقان بىپايان يېزىلار بىزنى كۈتمەكتە. ئۇ يەردە نى - نى ئىشلارنى قىلغىلى، نى - نى ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ!

1991 - يىلى ئاخىرلاشماقتا، 1992 - يىل قۇچاق ئېچىپ يېتىپ كەلمەكتە، بۇ يىل يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق شانلىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى. بىز يېزىلارغا يۈزلەنگەن، يېزا ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، يېزىلاردىكى قايناق - تاشقىنلىق ئىسلاھات ھەرىكىتى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەن، ھەمنەپەس بولغان ئەڭ يېڭى، ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمىز بىلەن «نۇتۇق» نىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋالايلى. گۈزەل كەلگۈسى، پارلاق ئىستىقبالغا قاراپ ئىلگىرىلەيلى!

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مەمتىمىن يۇسۇپ

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ غەرب ۋە شەرق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى *

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى، كلاسسىك ئەدەبىيات، ئىدىيە تارىخىنى ۋەتىنىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇزۇن تارىخى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. مەدەنىيەت تارىخى، كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ۋە پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە جەھەتتە ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مۇۋەپپەقىيەتلىرى بار. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تارىختا دۇنيا بويىچە ئۈچ چوڭ دىن، ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسىنىڭ گىرەلەشكەن جايى، تارىخىي ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار مەنبەسى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن، شۇنداقلا «يىپەك يولى» نى بويلاپ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلغان جاي. قەدىمكى زاماندا قاتناش يولى بولغان «يىپەك يولى» نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامانلاردىن بېرى قوشنا مەملىكەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئالاقىدە بولۇپ كەلدى؛ تارىخچى چى شەنلىن ئەپەندى بۇ ھالنى ھەقلىق يوسۇندا مۇنداق خۇلاسىلىگەنىدى: «دۇنيا بويىچە تارىخى ئۇزۇن، دائىرىسى كەڭ، ئۆز ئالدىغا سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن، تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر مەدەنىيەت پەقەت تۆت بولۇپ، ئۇ جۇڭگودا، ھىندىستاندا، گرېتسىيىدە، ئىسلام مەدەنىيىتىدە، ھالبۇكى بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ قوشۇلغان يېرى پەقەت بىر. ئۇ بولسىمۇ، جۇڭگودىكى دۇنخۇاڭ ۋە شىنجاڭ رايونى.» شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ جاھان مەدەنىيىتىنى بېيىتىشقا قوشقان ھەسسىسىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ.

11 – ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى، پەيلاسوپ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرى شەرق ۋە جۇڭگودا بىر تارىخىي دەۋرنى تەشكىل قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ مۇجەسسەم ئىنكاسى بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ

* ئاپتور بۇ ماقالىنى 1989 – يىلى 3 – ئاينىڭ 4 – كۈنى گېرمانىيىنىڭ كولن شەھىرىدە ئېچىلغان شەرق مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇغان.

بىر مۇنچە مۇھىم ساھەلىرى بويىچە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ۋە تەربىيەۋى ئىدىيىلەرنى بەدىئىي ۋاسىتە بىلەن نامايان قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر پارلاق نامايەندە سۈپىتىدە جۇڭگو ۋە شەرق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر خېلى ئۇزۇندىن بۇيان، خۇسۇسەن 19 - ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسىنىڭ زور دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، شەرق ۋە غەربتە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تېمىسى ۋە مەنبەسى بولۇپ قالدى.

بىز 11 - ئەسىردە يېزىلغان، يەنى 1069 - يىلى قەشقەردە يېزىلغان، 85 باب 13 مىڭ 290 مىسرا شېئىر، ئۈچ قەسىدىدىن ئىبارەت «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بايان قىلىنغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە، تارىخ، دىنشۇناسلىق، دۆلەت، جەمئىيەت، قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئائىلە، ئەخلاقشۇناسلىق، تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل - ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، ئېتنوگرافىيە، دراماتورگىيە، ھەربىي ستراتېگىيە ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق جەھەتلەردىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن ئەينى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى توغرىسىدا مۇكەممەلرەك مەلۇماتقا ئېرىشەلەيمىز. شۇڭا بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئالىمىنى قەدىمكى دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن يۇناندىكى پلاتون، ئارستوتېل، ئىتالىيەدىكى توماس ئاكونىيە، پولشىدىكى كوپېرنىك، ئەنگلىيىدىكى فرانسىس بېكون، نيۇتون، چارلىز، فرانسىيىدىكى ۋولتېر، گېرمانىيىدىكى دارۋىن، جۇڭگودىكى كۇڭزى قاتارلىق 10 چوڭ مۇتەپەككۇرنىڭ قاتارىدىكى بىرى دەپ ھېسابلايمىز.

بەزى ئەللەردىكى مەخسۇس «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدىكى بىلىم، قانۇن، ئەقىل، ئەخلاقىي پەزىلەت قاتارلىق مەسىلىلەردىكى پەلسەپە كۆزقاراشلىرىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى ۋە مىلادىدىن كېيىنكى 1778 - يىلغىچە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، يەنى ئىلمىي جەھەتتە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە.

شىنجاڭنىڭ 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋردىكى تارىخى شەرقتە تۇرپاندىكى قاراخوجىنى، شىمالدا بەشبالىقنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر سۇلالىسىنىڭ، غەربىي جەنۇبتا قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، قاراخوجا ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا، قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، بۇ ئىككى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەلۇم جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتلەردە يەنىلا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن.

www.uyghurkitap.com

تۈركىيىلىك تارىخشۇناس ئەجەپ ئاسىم: «قۇتادغۇبىلىك» تە لىياۋ خانلىقىدىكى دەۋردىكى پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى بولۇپلا قالماي، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ئالىملىرىنىڭ ئىدىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار» دېگەنىدى.

بۇنىڭدىن شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (960 - يىلىدىن 1279 - يىلىغىچە) دەۋردە ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، شائىرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ يەككە - يېگانە ئەمەسلىكىنى، بەلكى بۇ دەۋردە ئىدىقۇت ۋە قەشقەردە زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە يەنە باشقا ئالىملار، يازغۇچى، شائىرلارنىڭمۇ بولغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەر جەھەتتە ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق تارىخىي تەرەققىيات دەۋرى شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، گۈزەل سەنئەت، بىناكارلىق، ئۇسسۇل، مۇزىكا، ئەدەبىيات، تىبابەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە زور ئىجادكارلىق بىلەن ياراتقان ئېسىل مەدەنىيەت ئۇنچىلىرى، ھازىرغىچە شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان مىڭ ئۆيلەردىكى تام سۈرەتلەر؛ داۋاملىق تېپىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار؛ ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا سەنئىتىنىڭ قامۇسى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان «12 مۇقام»، خەلق ئاغزىدا، كىتابلاردا، قول يازمىلاردا ساقلىنىپ قالغان سانسىزلىغان خىلمۇ خىل ئەدەبىي مىراسلار؛ شۇنىڭدەك ئورخۇن - يېنسەي بويلىرىدىكى مەڭگۈ تاشلار؛ قوچۇ ئىدىقۇت دەۋرىگە مەنسۇپ ئۇيغۇر بۇددا يازما ئەدەبىياتى؛ قاراخانىلار دەۋرىگە مەنسۇپ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى تىل - ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ۋە ئاجايىپ مول مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بۇ كلاسسىك ئەدەبىيات، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز پەقەت جۇڭگو ئەدەبىيات، مەدەنىيەت تارىخىغا ئۇلۇغ تۆھپە قوشۇپلا قالماستىن، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنىمۇ بېيىتقان. مەسىلەن، ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن، كلاسسىك ئەدەبىيات قول يازمىلىرىدىن بىر قىسمى 12 مەملىكەتنىڭ 30 نەچچە تەتقىقات ئورنىدا، مۇزېيخانىسىدا ساقلانماقتا، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا، ئەنگلىيە قوشما شتاتىنىڭ لاۋازىمات مىنىستىرلىكى مۇزېيىدا، يېڭى دېھلى ھىندىستان دۆلەتلىك مۇزېيىدا، بېرلىن مۇزېيىدا، گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەدەنىي يادىكارلىق مۇزېيىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى پېتېربورگ مۇزېيىدا، ياپونىيە لۇڭگو داشۆسى «غەربىي رايون مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى» دە، فرانسىيە پارىژ مۇزېيىدا، شۋېتسىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمۇ مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن بارلىققا كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈستىدە گەپ قىلغاندا، تەبىئىي يوسۇندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتقا كۆچۈش دەۋرى توغرىسىدا

ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان بىرمۇنچە داستان، قوشاق، ھېكايە، چۆچەك، ماقال - تەمسىل، ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، زاماندىن - زامانغا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. «ئوغۇزنامە»، «ئەرگىنەقۇن داستانى» «ئالىپ ئەرتۇڭا» قاتارلىقلار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدۇر. «ئوغۇزنامە» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىسى 13 - ئەسىردە تۇرپاندىن تېپىلغان بولۇپ، بۇ داستاننىڭ مەزمۇنى ۋە ئوغۇزخان ھەققىدىكى تەسۋىرلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ باشلانغۇچ جامائەنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. بۇنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا «ئوغۇزنامە» نىڭ ئۇيغۇرلار تېخى توتېم دەۋرىدە ياشاۋاتقان چاغلاردا مەيدانغا كەلگەن ئېغىز ئەدەبىياتى ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىكى تارىخىي مەنزىرىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىگە «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانىدىن مەلۇم پارچىلار كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا «ئالىپ ئەرتۇڭا» دېگەن قەھرىماننىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھازىرقى قەشقەرنى ئۆزىگە ئوردا قىلغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەرنىڭ قەدىمكى زاماندا «ئوردوكەنت» دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن. بۇنىڭدىن «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانىنىڭ 11 - ئەسىردىن بۇرۇنلا تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى مىسال ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىدىن بولغان «ئوغۇزنامە» ۋە «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانلىرى كېيىنكى چاغلاردا مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىغىمۇ مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. «ئوغۇزنامە» يىراق قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مول مەزمۇنغا، مۇرەككەپ سيۇژېتقا ئىگە بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇسلۇبى جەھەتتىنمۇ گۈزەل، تىلى ئىخچام بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىگە كېيىنكى يازما ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىمۇ ۋارىسلىق قىلىنغان. مەسىلەن، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا كۆپىنچە نەسرىي بايان ئۇسۇلى قوللىنىلىش بىلەن بىرگە نەزمىي قىستۇرمىلارمۇ ئۇچرايدۇ. «ئوغۇزنامە» دىمۇ خۇددى شۇنداق. بۇ، «ئوغۇزنامە» ئۇسلۇبىنىڭ كېيىنكى شائىرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئوغۇزنامە» نىڭ تىلىدىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشايدىغان جايلار بار. «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانىنىڭ كېيىنكى يازما ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرىمۇ ئوخشاش. ئالىپ ئەرتۇڭا ئۇرۇشتا قۇربان بولغاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ ئوقۇلغان مەرسىيەلەرنىڭ بىر قىسمى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» كە كىرگۈزۈلگەن.

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،<br>
ئىسىز ئاژۇن قالدىمۇ.<br>
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،<br>
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

بۇ مەرسىيىلەر تۈزۈلۈشى، تىل ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا شۇنچىلىك يېقىنكى، ئۇزاق زامانلار ئۆتۈشى بىلەن ئايرىم سۆزلەر (مەسىلەن: ئىسىز، ئاژۇن، ئۆلەك) نىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان قىسمىنى هازىرقى ئاددىي ئۇيغۇر دېهقانلىرىمۇ چۈشىنەلەيدۇ. «ئوغۇزنامە»، «ئالىپ ئەرتۇڭا»، «ئەرگىنە قۇن داستانى» غا ئوخشاش ئېسىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقىنى ئېچىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ داستان يازما ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىي تىلىنى تەتقىق قىلىش، تارىخى، ئېتنوگراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. مانا شۇ سەۋەبلىك «ئوغۇزنامە» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىسى تېپىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىسى ئەبۇ غازى باهادىرخان 1606 - يىلى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن كىتابىدا ئۇنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلغان. 1915 - يىلى غەرب ئالىملىرى «ئوغۇزنامە» نىڭ نېمىسچە قىسقارتىلغان تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئەسەر ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ، بولۇپمۇ شەرق ئالىملىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، بۇ جەھەتتە بىر مۇنچە ئىلمىي ماقالە ۋە كىتابلار يېزىلغان.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەنە شۇ مول ۋە رەڭگارەڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىمۇ مەيدانغا كەلدى. 5 -، 6 - ئەسىردىكى «تۇنيۇقۇق» ۋە «كۆل تېكىن» ئابىدىسى قاتارلىق مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەرنى هازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان يازما ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى نەمۇنىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «تۇنيۇقۇق» ئابىدىسىنى ئالساق، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك نەزمىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ماقال-تەمسىللەر ئۇچرايدۇ. بۇ پاكىتلار بىر تەرەپتىن، يازما ئەدەبىياتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن مەنبە جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى كەم دېگەندە 5 -، 6 - ئەسىردىلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ يىللىرىدىن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيادىڭ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى يەرلىك هاكىمىيەت 360 يىل داۋام قىلغان بۇ ئۇزۇن دەۋر جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى جۇش ئۇرۇپ

راۋاجلىنىپ، بىر تۈركۈم نامايەندىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يازما ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەنىدى.

قاراخانىلار خانلىقىدىن ئىلگىرى قۇرۇلغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيەتلەر تەرجىمە ئەسەرلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ دەۋردە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر تىل ئالىملىرى ۋە ئەدىبلەر خەنزۇچە، سانسكرىتچە يېزىلغان بىر مۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ھەمدە بۇددا ئىلمى، پەلسەپە، تىبابەت، ئاسترونومىيىگە دائىر ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان؛ يەنە سانسكرىتچە بەزى ئەسەرلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) لىق سىڭقۇ سالى تۇتۇڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق ئەسەرلەردۇر. «ئالتۇن يارۇق» بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە بۇددا ئەقىدىلىرى بايان قىلىنغان يىرىك ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرغا قەدەر تېپىلغان خەنزۇچە، سانسكرىتچە، تۇخارچە نۇسخىلىرىغا قارىغاندا، بىرقەدەر تولۇقراق بولغىنى ئەنە شۇ سىڭقۇ سالى تۇتۇڭ تەرىپىدىن ناھايىتى زور ئەدەبىي ماھارەت ۋە يۈكسەك تىل سەنئىتى بىلەن تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە تەرجىمە ئۇستىلىرى يەنە «چىستانى ئىلىگ بەگ»، «مايتىرى سىمىت» نى تۇخار تىلىدىن خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىغا تەرجىمە قىلغان. ئالدىنقىسىدا چىستانى ئىلىگ بەگنىڭ قەھرىمانلىقلىرى مەدھىيىلەنگەن بولۇپ، پۈتۈن ئەسەردە بۇ قەھرىمانىنىڭ ياۋۇز جىن - شەيتانلار بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئەلنى ئازاب - ئوقۇبەت ۋە بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى، يىغىپ ئېيتقاندا، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن ياۋۇزلۇق ئوتتۇرىسىدا قاتتىق كۆرەش ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ئاخىرىدا يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇق ۋە ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «مايتىرى سىمىت» بولسا، بۇددا دىنى ھېكايىلىرى مەزمۇن قىلىنغان سەھنە ئەسەرى بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ھازىر ساقلىنىۋاتقان «مايتىرى سىمىت» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەڭ مۇكەممەل تەرجىمە نۇسخىسىدۇر. گەرچە بۇلار تەرجىمە ئەسەرلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئۈرنەكلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، شۇنداقلا شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇلار ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل بايلىق ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئەسەرلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل ئۇسلۇبى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تەرجىمە ئەدەبىياتى جەھەتتە

زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر مۇنچە شائىرلارمۇ مەيدانغا چىققان، مەسىلەن، ئەپرىنچۇر تېكىن، كۆلتارقان، ئاسىغ توتۇق، قالىم كەيشى، سىلىغ تېكىن (ئايال) قاتارلىقلار شۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆرۈنەرلىك نامايەندىلەردۇر، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سىڭقۇسالى توتۇق ئاتاقلىق تەرجىمان بولۇپلا قالماستىن، ھەم شائىر، ھەم تىلشۇناس ئىدى، ھەتتا شۇ دەۋر خانلىقىنىڭ خانى كۈن چىت ئىدىقۇتمۇ داڭلىق شائىر ئىدى. مانا بۇلاردىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يازما ئەدەبىياتنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قاراخانىلار خانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرى ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى سۇسلىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى كۈندىن - كۈنگە قويۇقلاشتى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرى مىسلىسىز دەرىجىدە راۋاجلىنىپلا قالماستىن، ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىمۇ ئالاھىدە گۈللىنىش بولدى. «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق بۈيۈك ئەسەرلەر قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدىغان نامايەندىلەردۇر.

ئەدىب ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق دىداكتىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن نامايەندىلىك قىممەتكە ئىگە يەنە بىر مەشھۇر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي تېمىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا بىلىم، ئەخلاق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ھەق - ئادالەت، ئەقىل - پاراسەت، مەردلىك - قەھرىمانلىق، ھەقىقىي سۆيگۈ - مۇھەببەت تەرغىب قىلىنغان، زۇلۇم - زورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك، پەسلىك، رەزىللىك، ۋاپاسىزلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەر رەھىمسىز پاش قىلىنغان. ئەدىب ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق داستانى تىل ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇب جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك. بۇ ئەسەر ئەنە شۇنداق تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان، بۇ ھەقتە بىر مۇنچە تەتقىقاتلارمۇ ئېلىپ بېرىلدى.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئۈچ يىل كېيىنرەك يېزىپ چىقىلغان چوڭ تىپتىكى لۇغەت بولۇپ، بۇ قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى يۈكسەك مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى بۇ گىگانت ئەسەرنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ياكى قەبىلىلەر ياشايدىغان كەڭ زېمىندا تىل تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە كىرىشىپ، تۈركىي تىل دىئالېكتلىرىنى، ماقال - تەمسىل، قوشاقلارنى ۋە قەدىمكى زامانغا مەنسۇپ بىر مۇنچە داستان پارچىلىرىنى توپلىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى يېزىش جەريانىدا تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. مۇشۇ ئاساستا ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كەڭ ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە، ئۆز دەۋرىنىڭ

مۇكەممەل قامۇسى دېيىشكە مۇناسىپ بۇ گىگانت ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ئەدەبىي پارچىلار (نەزمىي ۋە نەسرىي پارچىلار، ماقال - تەمسىل، قوشاقلار) قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛ تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خانلىق دەۋر دە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تەرجىمە ئەسەر، داستان ئىجادىيىتى جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى پروزا ۋە رومانچىلىقتىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مەلۇم ئورۇن تۇتقان. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر ئالىمى نەسىرىدىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. بۇ ئەسەردە شەرق دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان قەدىمكى زامانغا ئائىت ھەر خىل ۋەقەلەر — پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تارىخىي رىۋايەتلەر ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىپ، بۇلار تارىخىي غايىۋى شەخسلەرنىڭ پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا تىپىك ئوبرازلارنىڭ ياردىمى بىلەن جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەردىكى ۋەقەلەر كۆپىنچە زەبۇر، تەۋرات، ئىنجىل، قۇرئان قاتارلىق كىتابلاردىن ئېلىنغاچقا، مەزمۇن جەھەتتە قويۇق دىنىي تۈس ۋە غايىۋى، ئەپسانىۋى خاراكتېر ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ياخشىلىقنى تەرغىپ قىلىپ، يامانلىقنى سۆكۈش، كىشىلەرگە غايە ۋە ئۈمىد بەخش ئېتىش قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدىغان تارىخىي قىممەتكە ئىگە، بولۇپمۇ ئۇ ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان، شۇڭا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان. «قىسسەسۇل ئەنبىيا» «قۇتادغۇبىلىك» تىن 250 يىل كېيىن دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي تىلى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن ئاساسەن ئوخشاش، بۇ «قۇتادغۇبىلىك» تىلىنىڭ شۇ چاغدىمۇ يەنىلا ئەدەبىي تىل بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ سەل چاغلاشقا بولمايدىغان قىممەتكە ئىگە.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىلار خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىغان دەۋرى دېيىلسە، ئۇ ھالدا چاغاتاي دەۋرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىنىڭ تازا گۈللىنىپ راۋاجلانغان دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ دەۋر ئادەتتە «چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇنداق ئاتىلىشنىڭ سەۋەبى يۇەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى چىڭگىزخان ئۆز ئوغۇللىرىغا زېمىن تەقسىم قىلىپ بەرگەندە، ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا غەربىي رايوننى تەقسىم قىلىپ بەرگەن، ئۇ، يۇەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى چاغاتاي

www.uyghurkitap.com

خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋر تارىختا «چاغاتاي دەۋرى» دەپ ئاتالغان. بۇ خانلىق تەۋەسىدە خاقانىيە تىلى (قەشقەر تىلى) ئاساسىي تىل بولۇپ، بۇ تىل «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان، مۇشۇ تىلدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالغان. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلانغان. بۇ خانلىق تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەن. سەككاكى، لۇتفى، ئاتايى، مەھەممەت خارەزمى قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يەنە بىر مۇساپە كۆرسەتكۈچى بولۇپ قالدى. چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا نۇرغۇن ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار بولدى. بۇ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار ئاساسەن مۇنۇ ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ؛ بىرى، ئەسەرنىڭ شەكلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى تېخىمۇ كۆپەيدى ۋە تېخىمۇ ئۇبرازلاشتى. بۇ دەۋردە مەزمۇن جەھەتتە لىرىك داستانلار ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ گۈللەندى. ئۇلاردا ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئىلىم – مەرىپەت، ئەخلاق – پەزىلەت، ئادىل قانۇن تەشۋىق – تەرغىب قىلىنىپ، كىشىلەرنى دەۋر روھىغا ئۇيغۇن بولغان ئىدىيە، ئەخلاق مىزانلىرىغا ئۈندەش ئاساسىي تېما قىلىندى. لېكىن ئىپادىلەش شەكلى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە ئىلگىرىكى پەندى – نەسىھەت ئۇسۇلى بىلەن تەرغىب قىلىشتىن تېخىمۇ ئۇبرازلىق بولغان ئەدەبىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشقا، يەنى بەدىئىي سيۇژىتلىق داستان، غەزەل، قەسىدە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، تەرجىئىبەند، مۇسەممەن، رۇبائىي ژانىرلىرى بىلەن روھلۇق، لىرىك يوسۇندا ئىپادىلەشكە يۈزلەندى. لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى بىلەن باشقا ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ غەزەللىرى مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەت ئىپادىلەنگەن ئېسىل گۈل دەستىلەردۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن، چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي رايون تارىخىدىكى مەۋجۇتلۇقى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن خاقانىيە تىلى (قەشقەرىيە تىلى) نى ئاساسىي گەۋدە قىلغان چاغاتاي تىلى تاكى 19 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملىق قوللىنىلدى، شۇڭا كىشىلەر چاغاتاي خانلىقى مەۋجۇت بولۇشتىن قالغاندىن كېيىنمۇ چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى تىلدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يەنىلا «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ ئادەتلەنگەن. شۇڭلاشقا «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېگەن بۇ ئۇقۇم چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، 19 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋۇجۇدقا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

15 – ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا قەشقەر ۋە يەكەن رايونلىرىنى ئاساس قىلغان سەئىدىيە خانلىقى مەيدانغا كەلدى. بۇ چاغدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يەنە بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى، ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ چاغدا خەلق ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەر چىقىپلا قالماستىن، بەلكى

خان ۋە خان جەمەتلىرىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىرى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى سەئىدخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرىشىتخان، ئۇنىڭ خانىشى ئامانىساخان ۋە قېدىرخان يەركەندى قاتارلىق كىشىلەر ئەنە شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرى ئىدى.

قېدىرخان يەركەندىنىڭ ئۆز دىۋانىنى تويلاش ئەھۋالى توغرىسىدا يازغان مۇقەددىمىسىدە تۆرلۈك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇز پارچە ئەسەر (توم) يازغانلىقى بايان قىلىنغان، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا خىرقىتى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، گۇمنام، زەلىلى، ناۋرۇز زىيائىي، تۇردى غەرىبى، بىلال نازىم، تەجەللى، موللا بىلال، ئىبراھىم مەشھۇرى، نۆۋبىتى، سابورى، ئەرشى قاتارلىق كىلاسسىك شائىر ۋە ئەدىبلەر مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ داستان، شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەسى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى «قوتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلمەكتە؛ ھازىر ھەرقايسى ئەللەرگە تارقالغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قول يازمىسى ئۈچ خىل: بىرى، ۋىنا نۇسخىسى، ئىككىنچىسى، قاھىرە نۇسخىسى، ئۈچىنچىسى، پەرغانە نۇسخىسى. بۇ ئۈچ خىل قوليازما ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 18 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاۋستىرىيىنىڭ ۋىنا شەھىرىدىن، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدىن ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە شەھىرىدىن تېپىلغان. ۋىنا نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قول يازما، قاھىرە نۇسخىسى بىلەن پەرغانە نۇسخىسى ئەرەبچە يېزىقتا يېزىلغان قوليازما. بۇ قول يازمىلارنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي، ئىلمىي قىممىتى تېزلا خەلقئارا ئىلىم ئەھلىنىڭ كۈچلۈك ھەۋىسىنى قوزغىغان. فرانسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ يېقىن شەرق تىللىرى پروفېسسورى جوبېل 1823 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋىنا نۇسخىسىنى ئىلمىي ئەسەر قاتارىدا تۇنجى قېتىم «ئاسىيا ژۇرنىلى» دا دۇنياغا تونۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەسەرنىڭ قىسمەن پارچىلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى بىر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان ۋە بۈگۈنگىچە داۋام قىلىۋاتقان تەتقىقاتنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەب بولدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ نۇرغۇن ئەللەر، جۈملىدىن ۋېنگرىيە، دانىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق مەملىكەتلەردە بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئىلمىي خىزمەتلەر ئىشلەندى. تەتقىقاتچى ئالىملاردىن ئوتتو ئولبېرت (گېرمانىيە)، ۋامبېرى (ۋېنگرىيە)، نەجىپ ئاسىم، رەشىت رەھمەتى ئارات، سەدرى مەخسۇدى، ئادىل ئاچار، كوپرولى فوئارزادە (تۈركىيە)، بومبامى (ئىتالىيە)، مالوۋ، رادلوۋ، بارتولىد، ساملوۋىچ، قەييۇم كەرىموۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)، تومسىن (دانىيە)، بروكلىمان، ھارتمان (گېرمانىيە) لار «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ، ئىلىم دۇنياسىغا ئالقىشقا سازاۋەر زور تۆھپىلەرنى تەقدىم قىلىشتى. 1870 - يىلى ۋېنگرىيە ئالىمى ۋامبېرى ۋىنا نۇسخىسىدىكى بېيىتنىڭ لاتىنچە

www.uyghurkitap.com

يېزىقتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى. رۇسىيە ئالىمى رادلوۋ 1890 — 1910 - يىللار ئارىلىقىدىكى 20 يىل ئىچىدە ۋىنا نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى، قاھىرە نۇسخىسىنى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ سلاۋىيان يېزىقىدىكى نۇسخىسى ۋە نېمىسچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان ئالىمى فىترەت 1925 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پەرغانە نۇسخىسىنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن، 1928 - يىلى بۇ قوليازمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى ئېلان قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزبېك يېزىقىدا ئىزاھ بەرگەن. 1971 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھرىدە قەييۇم كەرىموۋ ئۇنىڭ ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. 1983 - يىلى موسكۋا ئىلىم - پەن نەشرىياتى پروفېسسور ئىۋانوۋ تەرىپىدىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋالىتوۋا، ئابدۇراخمانوۋ، گولېپنېۋ قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ۋە ئۆزگەرتىپ يېزىلغان نۇسخىلىرى نەشر قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە پروفېسسور ئىۋانوۋنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھازىرغا قەدەر چىققان ئەڭ مۇكەممەل رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ، 1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەزەربەيجان تىلى ۋە قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىنى ئېلان قىلدى.

تۈركىيە ئىلىم - پەن ۋە نەشرىيات ساھەسى 1942 - ۋە 1943 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۈچ خىل كۆچۈرمىسىنىڭ فوتو نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە رېشىت رەھمىتى ئاراتنىڭ 1947 - يىلى نەشر قىلىنغان لاتىنچە يېزىقتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى خەلقئارا ئىلىم ئەھلىگە ھەممىدىن بەك ياقتى. ئۆز ھاياتىدا زېھنىي كۈچىنىڭ كۆپ قىسمىنى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان بۇ تۈركىيە ئالىمى كۆپ يىل جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئۈچ خىل نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ، لاتىن ھەرپى بىلەن ترانسكرىپسىيىلەشتۇرۇپ چىققان نۇسخا شۇندىن ئېتىبارەن خەلقئارا ئىلىم ساھەسىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس بولۇپ قالغان. 1983 - يىلى ئامېرىكا ئالىمى روبېرت دانكروۋ ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» مۇ ئامېرىكىنىڭ چىكاگو شەھرىدە دۇنياغا كەلدى.

رۇسىيە ئالىمى رادلوۋ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلاپ يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن مۇقەددىمىسىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى بايان قىلغان. كونونوۋ 1983 - يىلى ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قۇتادغۇبىلىك» ئەڭ قەدىمكى، بىردىنبىر كونا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان داستاندۇر. بۇ داستان ئىنسانلارنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن قامۇستۇر.

«قۇتادغۇبىلىك»نى تۇنجى قېتىم رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان پروفېسسور ئىۋانوۋ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئوتتۇرا ئەسىردىكى سان - ساناقسىز ئالەمشۇمۇل ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدە ماختاشقا ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ نەزمىي ئەسەر» دەپ باھا بەرگەن. بارتولىد «مەركىزىي تۈرك تارىخى توغرىسىدا 12 لېكسىيە» دېگەن ئەسىرىدە «قۇتادغۇبىلىك» تۈركىي تىل ئەدەبىياتىدا «قەشقەر» دەۋرىنى ئاچتى، «شۇ دەۋردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى زىچ مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى تېخى بار ئىدى»، «قاراخانىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئىچىدە ياشىغان» دەپ قارىغان. بولۇپمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1984 - يىلى ئېلىمىزدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە تەتقىقات خادىملىرىدىن ئەخمەت زىيائىي باشلىق ئالتە نەپەر يولداش تۆت يىل جاپالىق ئىشلەپ نەشرگە تەييارلىدى. بۇ ئەسەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر پەلسەپە دوكتورى نارىنبايىۋ، قاسىموۋلار «قۇتادغۇبىلىك» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغانلىقىنى مۇبارەكلەپ، بىزگە خەت ئەۋەتكەندىن باشقا، يەنە قازاقىستاننىڭ «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە «ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مىراس — «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يېڭى نەشرى» دېگەن ماۋزۇدا مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلغان، ئۇلار ماقالىسىدە «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر تارىخىدىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان دەۋرىدە دۇنياغا كەلگەن، كېيىنكىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە تىلىنى يازما ھۆججەت ئارقىلىق چۈشىنىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان بىباھا مىراس دەپ كۆرسەتكەن ھەمدە ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىسى، ئەخلاق ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە سەل چاغلاشقا بولمايدىغان روللارنى ئوينىدى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپلىرى ئېتىكىغا دائىر ھەر خىل ئەسەرلەرنى يازدى، دەپ تەكىتلىگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» قانداق ئەسەر دېگەن مەسىلە توغرىسىدا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالىملىرى ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، مەسىلەن، تۈركىيە ئالىملىرى ئىچىدە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا داڭ چىقارغان رېشىت رەھمىتى ئارات ئۆزى تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» 1 - جىلدىنىڭ مۇقەددىمىسىدە شۇنداق دەپ يازىدۇ: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋەقەلەرنى بايان قىلىدىغان تارىخىي ئەسەر ئەمەس ياكى رايون، شەھەرلەرنى تەسۋىرلەيدىغان جۇغراپىيىلىك ئەسەر ئەمەس، شۇنىڭدەك دىنىي زاتلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى يىغىدىغان مەخسۇس توپلاممۇ ئەمەس، مەلۇم بىر پەيلاسوپنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى ئاساس قىلغان پەلسەپىۋى ئەسەر ياكى مەلۇم مۆتىۋەرلەرنىڭ ئىبرەتلىك سۆزلىرى ئارقىلىق كىشىگە نەسىھەت قىلىدىغان ئەسەرمۇ ئەمەس، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ باشقىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك مەنسەپدارلارغا خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن تېتىقسىز

www.uyghurkitap.com

ئوخشىتىشلار ئارقىلىق قىزرۇق ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىلاردىن ئەمەس، بەلكى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى تەھلىل قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەتتىكى ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كەڭ مەنىلىك پەلسەپىۋى ئەسەرنى يېزىپ چىققان پەيلاسوپ ۋە ئالىم». ئۇنىڭ ئەسىرى ــ «قۇتادغۇبىلىك» ماۋزۇسىدىن تارتىپ باشقا تەرەپلىرىگىچە ئىنتايىن مۇكەممەل، ئالاھىدە تۇس ئالغان بىر ئەسەر». تۈركىيىنىڭ يەنە بىر ئالىمى، پروفېسسور مەخسۇت «قۇتادغۇبىلىك» تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئەخلاقىي ئىدىيىسى ۋە قانۇن كۆز قارىشىنىڭ يەكۈنى»، «دۆلەت ئاپپاراتى، سىياسىي قانۇن، ئىجتىمائىي ئەخلاق توغرىسىدىكى ئىزدىنىشى» دەپ قارىغان. گېرمانىيە ئالىمى ئوتتو ئولبېرىخ «قۇتادغۇبىلىك» ئەرەب پەيلاسوپى ئىبىن سىنا ۋە قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن يېزىلغان پەلسەپىۋى ئەسەر» دەپ قارىغان، تۈركىيە ئالىمى كوپرولى بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلغان. ئۇ: «قۇتادغۇبىلىك» ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيە ئىچىدە ئىبىن سىنانىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغان» دېگەن. لېكىن رۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسىم ئالىملىرى، مەسىلەن، رادلوۋ، بارتولىد، تىزكۇشېۋا قاتارلىقلار بولسا، «قۇتادغۇبىلىك» ــ قىممىتى ئەڭ يۇقىرى ئەدەبىي ئەسەر» دەپ قارىغان. بىزنىڭ تەتقىقات خادىملىرىمىز لى چى يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزغا ئوخشاش، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ غەرب ۋە شەرق ئەللىرىدىكى ئالىملار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدەنمەكتە.

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ گۈلتاجى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئېستېتىك غايىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن پىشقان بەدىئىي شەكىلگە ئىگە بولغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى بويلاپ تا ۋولگا بويىغىچە يېتىپ بارغان. بۇ ھالنى سوۋېت باشقىرىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن پەن ئەربابى، ئا. خاروسوۋ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ۋولگا بىلەن ئورال بويىغا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئەدەبىي ۋە باشقا ئەسەرلەر ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇنقىسى ھەمدە تۈركىي تىللاردىكى ئەدەبىياتلار تارىخى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانىدۇر. بۇ ئەسەر باي، مەزمۇنلۇق بولۇش بىلەن ئۇزاق ئەللەرگە تارقالغان ... ‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ قىممىتى، ئەۋزەللىكى دۇنياۋى ئەسەر بولۇشىدا، يەر يۈزىدە مەنىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان ئوتتۇرا ئەسىر كىشىلىرىنىڭ ئىنتىلىش ئارزۇسى بىلەن ئويغىنىۋاتقان ئىچكى دۇنياسىنى تەسۋىرلەپ بېرەلىشىدە...» دەپ ئادىللىق بىلەن كۆرسەتكەنىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» نى ئەڭ بۇرۇن تەتقىق قىلغان روسىيىلىك رادلوۋ ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىلىرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ تىلىنى ئۇيغۇر تىلى دەپ بىرىنچى بولۇپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن مالوۋ «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ئۈچ خىل قول يازما نۇسخىسى» دېگەن ماقالىسىدە ئۈچ خىل قول يازما نۇسخىسىنى سېلىشتۇرغاندا

ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن قاھىرە نۇسخىسى بىلەن پەرغانە نۇسخىسى يېقىن كېلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى، يەنى ۋىنا نۇسخىسى بىلەن باشقا ئىككى خىل قوليازما نۇسخىسى كۆپ پەرقلىنىدۇ، پەقەت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوليازما نۇسخىسىلا قىممەتلىك ئەسەر بولالايدۇ، دەپ قارىغان. بۇ ئالىم «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا تىل ـ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەلىشىر نەۋائىي» ۋە «قەدىمكى تۈركىي تىللىرىدىكى ھۆججەتلەر» دېگەن ئىككى ئەسىرىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ــ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى، دەپ كۆرسەتكەن. باسقاقوۋ، تېنىشېۋلەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، دەپ قارىغان. لېكىن ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا بىر چەكلىمە قويۇپ، ئۇنى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەپ قارىغان.

بەنە بەزى ئالىملار گەرچە «قۇتادغۇبىلىك» نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان دەپ ئېنىق كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىلىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قاراخانىلار تىلى دەپ كۆرسەتكەن، تۈركىيە ئالىمى، دوكتور ئارات ئۇيغۇر تىلى دەپ قارىغان. ئۇ ئۆزى تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» 1 ـ جىلدىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بەزى ئالىملارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ئەرەب تىلى دېگەن قاراشلىرىغا قارىتىپ، قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى ھۆكۈمەت دىنى قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى تەڭ قوللانغان، ھەتتا ھەسەن بۇغراخان دەۋرىدىمۇ يەكەننىڭ ھەر خىل خەت ـ ئالاقىلىرى مۇشۇ ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلاتتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىمزا قويۇلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە ئىران قاتارلىق ئەللەردە تا 15 ـ ئەسىرگىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلىپ كەلگەن، دەپ كۆرسەتكەن. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغان «قۇتادغۇبىلىك» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، دەپ قارىغان. سوۋېت ئالىمى ۋالىتوۋا «قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ سىنىپىيلىكى مەسىلىسى» دېگەن كىتابىدا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ــ قاراخانىلار تىلى دېگەن. پروفېسسور ئەۋانوۋ رۇسچە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىر خاتىمىسىدە «شەرقىي تۈرك شېۋىسى ئۇزۇن تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەسۋىرىي تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» دەپ كۆرسەتكەن. سوۋېت ئالىمى شېرباك 1961 ـ يىلى موسكۋا ـ لېنىنگرادتا نەشر قىلىنغان «تۈركىي تىللىرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ گراماتىكىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن كىتابىدا «قۇتادغۇبىلىك» قارلۇق ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، دېگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئەخمەت زىيائىي «قۇتادغۇبىلىك» تە قوللىنىلغان، ھازىرقى ئۇيغۇرلار قوللىنىۋاتقان سۆزلەردىن بىر قانچە يۈزنى رەتلەپ چىققان، بۇلاردىن بىرنەچچە نەمۇنە كۆرسىتىشلا كۇپايە قىلىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| ئاچ | بەزەك | چىرىك |
| ئىغتىماق | بىتىك | چىۋىن |
| ئاقساق | بۆرە | چۇمغۇق |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئالقىش
ئارىخ
ئازغاش
باي
بەلگۈلۈك
ئىرىك (يىرىك)
ئىششىخ
قاچان
قارا قۇش
قاراتچى
قارماق
كىزىك
قىلىق ئۆگ
كىزىن (كېيىن)
كېچەش
كەك
قىڭغۇز
كۆك (كۆكلىدى)
كۆپ
كورك
قۇلان
قوتۇز
لاچىن
ئۇلۇش

بۆرك
بوغرا
بۇلاق
بۇرۇن
بۇرۇن
مەڭ
ماڭىم (ماڭىدىم)
مەڭزى
مەڭگۈ
موڭ
ئوغرى
ئوك
ئوكاي
ئوت
ئۇزا
ئۆكۈز
ئۆكۈنچ
ئۇرۇك
ئۆتۈنچ
ئوزە
سان
سارت
سىلىگ
توغ (بايراق)

ئەم
ئەمچى
ئىلا (ئىلى ناھىيىسى)
ئىنجىق
ئىنچ (تىنچ)
سوغالساق
سۆڭەك
شاتۇ
تاغار
تاڭشۇق
تەلۋە
تۇغ
تون
تورقۇ (تاۋار ـ توقا)
توسون
تورا
تۈش (تەڭتۈشى)
توشاغ
تۇرۇك
ئۇرۇغ
ئۇۋۇت (ئۇيات)
ئۆز

بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز يەنە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ھېچقانداق يەشمىسىز، ھازىرقى ئۇيغۇرلار بىۋاسىتە چۈشىنەلەيدىغان مىسرالاردىن بىر نەچچە مىڭنى رەتلەپ چىقتى، بۇنىڭدىن بىر نەچچە نەمۇنە كۆرسەتسەكلا مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ.

237. تىرىك ئۆلگۈ ئاخىر تۇشەنگو يىرىگ
كىشى ئۆلسە ئەدگۈن ئاتى تىرىگ.

(بۇ ئىككى مىسرادىكى ئون سۆزنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە)،

464. يۈزى كۆرۈكلۈگ ئەردى كۆرۈپ كۆز قامار،
سۆزى يۇمشاق ئەردى تىل تۈز تامار.

(بۇ ئىككى مىسرادىكى ئون ئىككى سۆزنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە، چۈشىنىشلىك)

204. سۆزۈم سۆزلەمىشكە ساڭا ئەيمەنۇ،
ئۆزۈم ئۆزى قولىدى ساڭا ئوش مونو.

(بۇ ئىككى مىسرادىكى ئون سۆزنىڭ ھەممىسى چۇشىنىشلىك).

416. ئوقۇشلۇق كىم ئەرسە ئوقىتتى ئانى.
بىلىكلىك كىم ئەرسە بەزۈتتى ئانى.

(بۇ مىسرادىكى ئون سۆزنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە، چۇشىنىشلىك)، تۆۋەندىكى مىسرالارمۇ شۇنداق:

392. قاپۇغ ئاچتى چىقتى قاداشىن كۆرۈف،
قۇچۇشتى، ئىبسەنلەشتى يۈز – كۆز ئۇنۇف.

370. تاتىغ ئەردى ئوقتەگ كۆكۈل ئەردى يا،
كۆكۈل قىلغۇ ئوق بەگ بوزوم بولدى يا.

376. تاتىغ ئەردە بارچە يىگىتلىك ئىشىم،
ئاغۇ قىلدى ئەمدى ماڭا يەر ئاشىم.

372. يىگىتلىك نەگو (نىمە) يىغدى ئەرسە ساڭا،
قارىلىق كەلىپ ئالدى، كەلگەي ساڭا.

383. قاراڭغۇدا ئەردىم يارۇتتى تۇنۇم
تۇنەرقتە ئەردىم تۇغۇردى كۈنۈم

187. ساڭا سۆزلەدىم مەن سۆزۈم ئى ئوغۇل،
ساڭا بەردى بۇ پەند ئۆزۈم ئى ئوغۇل.

189. كۈمۈش قالسا ئالتۇن مىڭىڭدىن ساڭا،
ئانى تۇتماغىل سەن بۇ سۆزگە تەڭا.

1382. نەچە قاچسا ئاخىر ئۆلۈم يۇتقۇسى،
نەچە قالسا ئاخىر ئۆلۈم يەتكۈسى.

1384. قانى كىم قۇتۇلدى ئۆلۈمدىن قاچىپ،
قانى كىم ئاشۇندى ئۆدىندىن كەچىپ.

1419. ئەدىز كەڭ بەدبۇلىك سارايىڭ قالىپ،
قاراڭغۇ يەر ئەۋدە ياتۇرسەن ئۆلىپ.

1501. ئايۇر ئاي ئوغۇل كۆردۈڭ ئەمدى مەنى،
نە ھالىن بارىر مەن ئۇنىتما مۇنى.

www.uyghurkitap.com

1503. كەرەكلىك سۆزۈگ مەن تونۇزدۇم ساڭا،
سۆزۈمنى ئۇنۇتما، دۇئا قىل ماڭا،

«قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ نامىغا كەلسەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق دېگەن.

350. كىتاپ ئاتى ئوردوم قۇتادغۇبىلىك،
قۇتاتسۇ ئوقۇغلىقا تۇتسو ئەلىگ.

يەشمىسى: كىتاپ نامى قويدۇم قۇتادغۇبىلىك،
قۇتاتسۇن ئوقۇغۇچىغا تۇتسۇن ئىلىگ.

«قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئىسىم «قۇت»، «ئادغۇ»، «بىلىك» دېگەن ئۈچ سۆزدىن تۈزۈلگەن. «قۇت» نىڭ مەنىسى: بەخت، تەلەي، مۇبارەك، مۇقەددەس دېگەن بولىدۇ؛ «ئادغۇ» نىڭ مەنىسى: بېرىش، ئاتا قىلىش دېگەن بولىدۇ؛ «بىلىك» نىڭ مەنىسى: بىلىم، ئىلىم، پاراسەت دېگەن بولىدۇ؛ بۇ ئۈچىنى قوشقاندا، «قۇتادغۇبىلىك»، يەنى «بەخت ئاتا قىلغۇچى بىلىم» دېگەن بولىدۇ. رۇسىيە ۋە سوۋېت ئالىملىرىدىن رادلوۋ، تومسۇن، ئىۋانوۋ، كېرىمسوۋ، كرىمىسكى قاتارلىقلار مۇشۇنىڭغا ئاساسەن «قۇتادغۇ بىلىك» نى «بەخت بىلىمى»، «بەخت يەتكۈزگۈچى بىلىم»، «بەخت كەلتۈرىدىغان بىلىم»، «كىشىنى بەختلىك قىلىدىغان بىلىم»، «پاراسەتلىكلەر بەختلىك بولۇر» دەپ تەرجىمە قىلغان. ۋېنگرىيە ئالىمى ۋامبرى، تۈركىيە ئالىمى كوپۇرۇلۇ قاتارلىقلارمۇ ئۇنى بەخت، بىلىم دەپ چۈشەنگەن. سەدىر مەخسۇت دېگەن تۈركىيە ئالىمى «قۇتادغۇ بىلىك» نى «قانۇنچىلىق دەستۇرى» دەپ تەرجىمە قىلغان ھەم ئۇنىڭغا شۇنداق باھا بەرگەن. بىزنىڭ ئاتاقلىق شائىر، تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن ئەخمەت زىيائى، ئۆتكۈر، شەرىپىدىن، سەي سەنجىڭ، ۋاھاپ، ئابدۇكېرىم راخمان، مۆمىن ئابدۇللا، لىيۇبىڭ، لى چى، لاڭ يىڭ، دوشۇيەن قاتارلىقلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، ئىدىيۇلوگىيىسى، بالىلىق دەۋرى، ئوقۇش جەريانى، ۋاپاتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ئەسەر مۇقەددىمىسىدە بىزگە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. ئەمما شائىرنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدىن بىز بىرقەدەر ئېنىق خۇلاسە چىقىرالايمىز:

يىل ئالتمىش ئىكى ئەردى تۆت يۈز بىلە،
بىتىيۇ توگەتتىم بۇ سۆز ئۆلگۈلە.

يەشمىسى: يىل ئاتمىش ئىككى ئەردى تۆت يۈز بىلە،
توگەتتىم سۆزۈمنى پۈتۈپ ئۆلگۈلە.

بۇنىڭدىن شائىرنىڭ بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 462 - (مىلادى 1069 - 1070 -) يىلىدا يازغانلىقى بىلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ زور ئەسەرگە سەرپ قىلغان ۋاقتى 18 ئاي، يەنى بىر يېرىم يىل بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكى بېيىتلاردىن بىلەلەيمىز:

تۈگەل ئون سەككىز ئايدا ئايدىم بۇ سۆز،
ئوزوردوم ئازىردىم سۆز ئەۋرىنى تىرا،

يەشمىسى: تولۇق ئون سەككىز ئاي تۈگەتتىم بۇ سۆز،
يېزىپ تاللىدىم سۆز، تىزىپ ھەم تىرە،

ئەمدى شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ:

تىگوردى ماڭا ئىلگىن ئەلىگ ياشىم،
قوغۇ قىلدى قوزغۇن تۈسى تىگ باشىم.

يەشمىسى: ماڭا تەگكۈزۈپ قولىنى ئەللىك ياشىم،
قوغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسىك باشىم.

بۇ بېيىتقا قارىغاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» نى يازغان ۋاقتتا شائىرنىڭ ئەللىك ياشتا ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. مۇشۇنداق ھېسابلاشتۇرما قىلغاندا شائىرنى ھىجرىيە 412 - يىللىرى، مىلادىيە 1019 - يىللىرىدا تۇغۇلغان دەپ ئېيتىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ھېچقانداق يەردە ئىز يوق. ئەمما ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى قوشۇمچە قەسىدە بىزگە ئۇنىڭ خېلى ئۇزۇن ھايات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەللىك ياش قېرىلىقتىن ئانچە زارلىنىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئەمما بۇ قەسىدە ياشلىققا قارىتا قاتتىق ئېچىنىشلىق ھەسرەتلەر بىلەن تولغان:

6522. ئىسىزىم يىگىتلىك ئىسىزىم يىگىتلىك،
تۇتا بىلمەدىم مەن سېنى تەرك قاچتىم.

يەشمىسى: ئېسىت ھەي يىگىتلىك، ئېسىت ھەي يىگىتلىك،
تۇتۇش بىلمىدىم مەن سېنى تېز قاچتىم.

6523. يانا كەلگىل ئەمدى يىگىتلىك ماڭا سەن،
ئايادا تۇتايىن ئاغى جوز تۇشەتتىم.

يەشمىسى: قىزىل ئەردى مەڭزىم تامام ئەرغىۋاندەك،
بۈكۈن ئوڭا زەپەر ئۈرۈغىن سۈرۈتتىم،

6530. يىپار سىخ قارا باشقا كافۇر ئاشۇدۇم،
تولۇن تىگ تولۇ يۈز قايۇقا ئىلەتتىم.

يەشمىسى: ئىپاردەك قارا باشقا كاپۇر پۈركىدىم.
تولۇندەك تولۇق يۈزنى نەگە ئەۋەتتىم.

www.uyghurkitap.com

6531. ياروُق ياز تىگ ئەردىم تۇمەن تو جىبچەكلىك،
خازانىمۇ توشۇتتۇم قامۇغنى قورتتىم.

يەشمىسى: يوروُق يازدەك ئەردىم تۇمەن رەڭ چىچەكلىك،
خازان بولدىمكىن ھەممىنى قۇرۇتتۇم.

6532. قادىڭ تىگ بودوم ئەردى ئوق تەگ كونى توز،
ياتىگ ئەگرى بولدى ئەگىلدىم توگتتىم.

يەشمىسى: قېيىندەك بويۇم ئەردى ئوقتەك دۇرۇست تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم ئېگىشتىم.

مۇشۇلارغا قاراپ ئەسەر مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يەتمىش - سەكسەن يىللىق ھايات مۇساپىسىنى باسقانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى «... قەشقەر ئىلىدە توگەل قىلىپ ...» دېگەن جۈملىدىن مۇئەللىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» نى قەشقەردە يېزىپ تاماملىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بالىلىق تەربىيىسىدىن تارتىپ پۈتۈن ھاياتى قەشقەردە ئۆتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتى ۋە تىلىنىڭ بىردىنبىر نەمۇنىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بارلىقىنى كۆرۈپ يەتمەكتىمىز. بۇ نۇقتىلار «قۇتادغۇ بىلىك» فىلولوگىيە (تىل - ئەدەبىيات ئىلمى) دائىرىسىدە قولغا ئېلىنىپ، لېكسىكولوگىيە نۇقتىئىنەزەرىدىن تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىنغاندا يەنىمۇ ئوچۇق ئىسپاتلىنىدۇ، ھازىر بىزدە «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسلىق بويىچە تۈنجى قېتىم قۇتادغۇ بىلىك تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

بىز ئىشىنىمىزكى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدە يېڭى دەۋرنىڭ باشلىنىشى بىلەن كۆپلەپ ئىلمىي خىزمەتلەر ئىشلىنىدۇ، مۇجمەل قاراشلار تەۋرىتىلىدۇ. ئۆتمۈشتىكى پارلاق ئىلىم - مەرىپەتلىك ھاياتىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان يېمىرىلمەس ئىلمىي يادىكارلىقىمىز «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى يەنىمۇ يۇكسىلىدۇ.

ھازىر بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز قەدىمكى يىپەك يولىدىكى بۇ ئالتۇن تۇپراقنىڭ دەرۋازىسىنى تېخىمۇ كەڭ، تولۇق ئېچىۋەتتى، بىز ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق - غەرب خەلقلىرى بىلەن ئۇزاق تارىختىن بۇيان كېلىۋاتقان قانۇنىيەتلىك ئەدەبىي ئىجادىي ئالاقىگە ئىگە، ئۇزئارا تەسىر كۆرسىتىش، يېڭىلىق يارىتىش، يۈكسىلىش ئەنئەنىمىزنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئىلغار ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تېخىمۇ زور ھەسسە قوشۇپ، تىنچلىق ئۈچۈن، ئىنسانىيەت بەخت - سائادىتىنىڭ مەڭگۈ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ غەرب ۋە شەرق بىلەن بولغان ئىلمىي تەتقىقات مۇناسىۋىتى پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەرشىدىن تاتلىق

# ۋەتەنىنىڭ سادىق كۈيچىسى

1991-يىلى 8-ئاينىڭ 22-كۈنى ۋەتەنپەرۋەر شائىر نىم شېھىت ئارمىيە ئىلى دامولla ۋاپاتىغا 20 يىل بولدى، ۋەتەنىنىڭ سادىق كۈيچىسى، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك غەزەلخانى نىم شېھىت ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق مىسرالىرى، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە، ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. بۈگۈن بىز ئۇنى خاتىرىلىگىنىمىزدە ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈ-مۇھەببەت، سەممىي-ساداقەت يېلىنجاپ تۇرغان يارقىن مىسرالىرى بىزگە تېخىمۇ قىممەتلىك، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك تۇيۇلىدۇ، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، قوغداش ئىرادىمىزگە غايەت زور ئىلھام بېغىشلايدۇ.

نىم شېھىت چاغاتاي يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ داۋامىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئۇلاشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ، مول ئىجادىي بايلىق ياراتقان، سوتسىيالىستىك يېڭى زامان ئەدەبىياتىمىزغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن كاتتا شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتقا باي، چوڭقۇر ھېكمەتلىك، تىلى گۈزەل، يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە يارقىن شېئىرلىرى ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىپلا قالماي، قېرىنداش مىللەتلەر ئاممىسىغىمۇ تونۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشى ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن. 1962-يىلى ئۇنىڭ بىرمۇنچە شېئىرلىرى خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنىپ «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، ئېلىمىزدىكى نەچچە يۈز مىليونلىغان كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇلغان. بۇ شېئىرلار ئۆز ۋاقتىدا مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يى ئاقساقالنىڭمۇ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى شېئىرلىرى چەتئەللەردىمۇ نەشر قىلىنغان. 1956-يىلى ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىسرائىلىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەت مىسىرغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغاندا، ئارمىيە داموللام جۇڭگو ھەج قىلىش ئۆمىكى تەركىبىدە قاھىرەدە ئېچىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى ئاممىۋى يىغىن ۋە نامايىشقا قاتناشقان ھەمدە يىغىن ئاخىرىدا «ئەلئەھرام» گېزىتى مۇخبىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن شۇ گېزىتكە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى يېزىلغان بىر شېئىرىنى بەرگەن. بۇ شېئىر شۇ گېزىتكە بېسىلىپ ئارمىيە ئىلى ئەرەب مۇشتەرىلىرىغا تونۇشتۇرۇلغان.

ئارمىيە داموللام شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمەتلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭغا باشتىن-ئاياغ ۋەتەنگە بولغان چەكسىز سۆيگۈ-مۇھەببەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ سىڭدۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئاساسلىق شېئىرلىرى مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت يالقۇنى لاۋۇلداپ تۇرىدۇ. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئىجادىيەت ئىدىيىسى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىجادىيەت قارىشى، ئىجادىيەت ئىدىيىسى جەھەتتە بۇ مەسىلىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

شائىر ئۆزىنىڭ ھەربىر شېئىرىدا ئانا يۇرتىنىڭ تاغۇ-دەريالىرىنى، ھەربىر تال گۈل-گىياھىنى، مۇنبەت تۇپرىقىنى، تېشىنى، مول مەدەنىي مىراسلىرىنى، قەدىمىي يادىكارلىقلىرىنى، تارىخىنى، مىللىتى ۋە ئەل-جامائەتنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى، ئىجادىي ئەمگىكىنى، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتىنى، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ساھەدە ياراتقان بۈيۈك نەتىجىلىرىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا قىزغىن ۋە يۈكسەك ماھارەت بىلەن كۈيلەيدى. ئۇ 1944-يىلى يازغان «ئوقۇغىلى كەتكەن ئىنىمغا» ناملىق شېئىرىدا:

چىمەنلىكتە بۇلبۇل ئەركىن سايرىشىپ كەتسۇن
ئانا ۋەتەن قۇچىقىدا يايرىشىپ كەتسۇن.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئانا ۋەتەن قوينىدا ياشلارغا مائارىپنىڭ ئىشىكى دەسلەپكى قەدەمدە ئېچىلغانلىقىنى كۈيلىدى.

شائىر 1946-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى بولغان غۇلجىدا تۇرغان چاغلىرىدا يازغان «ئالدىدا» ناملىق شېئىرىدا ۋەتىنىمىزنىڭ تاغلىرىنىڭ تېشىنى دۇنياغا تەڭ قىلالمايدىغانلىقىنى، ۋەتەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنىڭ تەن بىلەن جاندەك، ئۈيۈلتاشتەك مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى ساپ مۇھەببەت بىلەن مۇنداق كۈيلىدى:

دۇنياغا تەڭ ئەيلىمەيمەن تاغلىرىڭنىڭ تېشىنى،
سېنى دەپ تاشقا قوشارمەن دۈشمىنىڭنىڭ بېشىنى.
سەن ئىدىڭ دۇنيادا بىر ھۆسنى گۈزەل نازۇك بەدەن،
ئىككىمىزدە باغلىنىش گوياكى ئەردى جانۇ-تەن.
ئاھ... گۈزەل يار ئۇيىنىغان قەشقەر، كۇچا، ياركەنت، خوتەن،
نېمىلەر بولدى ئىكىن ئىپلاس ئاياغدا پاك ۋەتەن؟!

مەن ۋەتەنپەرۋەر دەپ ئېيتىش ئوڭاي، بۇ ھەقتە يالقۇنلۇق مىسرالارنى يېزىشمۇ ئانچە تەس ئەمەس، ئەمما ئېغىر كۈنلەرنىڭ سىناق پەيتلىرىدە ئەمەلىي ھەرىكەتتى بىلەن بۇ سۆزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ھەركىمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. مەرھۇم شائىر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قايغۇ-ئەلەملىرىگە شېرىك، شان-شەرىپىگە ئورتاق بولۇپ كەلدى. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مەرھۇمنىڭ 1946-يىلى دېكابىردا غۇلجىدا يازغان «ۋەتەن قۇربانلىرى» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

ۋەتەن ئۈچۈن، سىزلەر ئۈچۈن پىدا بۇ جان،
خورلۇق بىلەن ئۆتتى ئۆمۈرلەر يۈرەكلەر قان.
......
بىزگە كېرەك يېرىمىزنىڭ ئاۋاتلىقى،
بىزگە كېرەك خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى.
......
ۋەتەن بىلەن خەلقىمىزنىڭ شەرەپ - شانى،
ئارمان يوقتۇر ئۇشبۇ يولدا چىقسا جانى.

تاكى يۇرتتا ئازادلىق تاڭ ئاتمىغۇنچە،
دۈشمەن بېشىن تاشقا ئۇرۇپ چاقمىغۇنچە.

تۈرگەن يەڭنى چۈشۈرمەيدۇ ھېچبىر ئېلىم،
توختىماستىن نەپرەت يوللار قەلىمىم - تىلىم.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا مۇنداق ئۆلگىلىك مىسرالار ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ 1947 - يىلى مارتتا غۇلجىدا يېزىلغان «ۋەتەن مۇھەببىتى» ناملىق شېئىرىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان. شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆز ئىرادىسىنى يۈكسەك تۇيغۇ ۋە ماھارەت بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق جاكارلايدۇ:

سەندىن ئارتۇق سۆيگىنىم يوق بۈيۈك ۋەتەن،
ساڭا پىدا، ساڭا قۇربان جان بىلەن تەن.

شۇ مەقسەتنى ئورۇندايمەن دەپ نىم شېھىت
ئارمان يوقتۇر ئەگەر بولسام پۈتۈن شېھىت.

ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چەكسىز غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن شائىر نىم شېھىت ئۆز ئىجادىيىتىنى يېڭىباشتىن پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىپ گۈللەپ ياشناۋاتقان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ يېڭى قىياپىتىنى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تېخىمۇ يارقىن كۈيلىدى.

1956 - يىلى پېشقەدەم شائىر نىم شېھىت ھەجگە بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇنداق پۇرسەت نىم شېھىتقا ئوخشاش ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار، قولى ئۇزۇك كىشىلەرگە نېسىپ بولمايتتى. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ھېسسىياتىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ تىپىك نامايەندىسى بولغان «سېغىندىم» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ.

ھەج سەپىرى چۈشكەچ مېنىڭ دىلىمغا،
قاراپ بېقىپ مەيۈسلەندىم پۇلۇمغا،
كومپارتىيە كېپىل بولدى يولۇمغا،
بۇلۇت ئۆزرە ئۇچقىنىمدا سېغىندىم.

ئۇ، ھەج سەپىرىدە ئۆز ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىزھار قىلغان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلسەم تىنىم قۇچىقىڭدىن جاي ئالسۇن،
پاك ۋەتىنىم، روھىم سەندە شادلانسۇن.
شۇنىڭ ئۈچۈن تىزرەك ساڭا يەتسەم دەپ،
تۆت كۆز بىلەن كېچە ـ كۈندۈز سېغىندىم.
بۇ كەمگىچە ئايرىلمىغاچ سېنىڭدىن،
لەززەتلىنىپ شېرىن شەربەتلىرىڭدىن،
يولغا چىققاچ قەدرىڭ ئۆتتى جېنىمدىن،
تۇپرىقىڭنى كۆزگە سۈرتەي سېغىندىم.

مانا بۇ شېئىرنى شائىرنىڭ ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەلىك ئىدىيىسىنىڭ يالقۇنلۇق نامايەندىسى دېسە بولىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ ئىدىيە ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشمىسە، قۇرۇق چاقىرىقلا بولۇپ قالىدۇ. ھەرقانداق ئەمەلىيەت ئىنقىلابىي غايە، ئىنقىلابىي ئىدىيىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلمىسا، ئۇمۇ پۇچەك، نىشانى يوق ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇ ھەممىگە ئايان يەكۈن. مەرھۇم شائىر نىم شېھىت ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ۋەتىنىمىزنىڭ شەرەپلىك تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۈيلىدى. ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى، مۇنبەت يەر، باغۇ ـ بوستانلىرىنى، ھەر خىل مەدەن ۋە بايلىقىنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئالىيجاناب روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلىدى.

ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ ۋەتەن ئۈچۈن تەپكەن ئوتلۇق يۈرىكىنى قەلەم بىلەن شائىر نىم شېھىتقا ئوخشاش «كۆكرىكىمنى يارسا گەر سوققان يۈرەك دەيدۇ ۋەتەن» دەپ ئىپادىلىيەلىگەن ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا، ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك غايە شائىرنىڭ يۈرىكى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سىڭگەن ئەمەلىيىتى بىلەن مۇستەھكەم بىرلەشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەرھۇمنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن يېزىلغان بارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇ، خۇددى يىپەك يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن ساپ مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

مەرھۇم شائىرىمىز، دراماتورگىمىز، ئىنقىلابىي جەڭچىمىز نىم شېھىتنىڭ ئالىي پەزىلىتىنى ئەسلەۋاتقان بۇ قۇتلۇق كۈنلەردە بىز ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا قوشقان تۆھپىلىرىنى ئادىللىق بىلەن ئۇلۇغلىساق مۇبالىغە بولماس.

بىزنىڭ ھۆرمەتلىك ئانىلىرىمىز جەمئىيىتىمىزگە كۈنىگە نەچچە مىڭلاپ قەلەم ئىگىسى، جامائەت ئەربابى ۋە باتۇر ئەزىمەتلەرنى، كۆرەشچان ئوغۇل، قىزلارنى ھەم ئىجادكار، تۆھپىكارلارنى تۇغۇپ تەقدىم قىلىشى مۇمكىن، تارىخ تەكرارلانمىغانىدەك، نىم شېھىتمۇ ئانىدىن قايتا تۇغۇلمايدۇ، بىزمۇ ئۇنى كۆرەلمەيمىز. مەرھۇم بىلەن ھايات ۋاقتىدا قىلىشقان سۆھبەتلىرىمىز بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى تىندۇرسىمۇ، ئۇنىڭ سېپىمىزدىكى بوش قالغان ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

شۆيىك

## خەلق تېخىمۇ كۆپ ياڭراق سادادا ئىنتىزار

كۆزۈمنى يۇمسام پولات - تۆمۈر بىلەن قوپۇرۇلغان شەھەر ياكى پاتقاق چاچراپ تۇرغان سەھرادا ئېڭىكىنى تۇتۇپ خىيالغا چۆمگەن، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ خۇداغا نالە قىلىۋاتقان، بىر بۇلۇڭدا شۈمشىيىپ مىشىلداۋاتقان توپ - توپ ئەرۋاھلارنى كۆرگەندەك بولىمەن... چوڭ - كىچىكلىكى، ئېغىر - يەڭگىللىكى، شەكىل - قىياپىتى ھەرخىل بۇ ئەرۋاھلار تەنھالىق ئايتىپىغا بېشىنى قاقلاپ، ئوخشاش بىر ئاھاڭ بىلەن بىچارىلىق ۋە زەئىپلىكنى، ئادەمنى ئېزىدىغان ۋە روھىي دۇنيانى بوغۇدىغان جانسىز، ئۈمىدسىز ئاۋازنى بازارغا سېلىۋاتىدۇ. گەرچە شائىرلار ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ، شەھەرنىڭ شاۋقۇنلۇق چېكىسىگە «قاردەك ئاپئاق خىرامان كەپتەر» دىن بىر نەچچىنى سىزىپ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ۋە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئېتىزلىققا «ئالتۇندەك ساپسېرىق سامان» دىن بىر نەچچە تال تىكلەپ ياكى ئۇ يەرگە «ھاۋارەڭ شاللىق» بەرپا قىلىپ قويغىنى بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالدايدىغان زەئىپ مەمەدانلىق ياكى چاكىنا پەردازدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ مىسكىن، پەرىشان، زەئىپ نىدالىرى ھەممە يەرنى ئاللىقاچان چىتلاپ بولدى. شەھەر - يېزىلارنى، ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ بىر قەۋەت قورقۇنچلۇق كۆلرەڭ ئىس - تۈتەك بىلەن پۈركىۋەتتى.

بۇ جاھان راستلا چەك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىش دەرىجىسىگە يەتتىمۇ؟ شائىرلىرىمىز راستلا مۇشۇنداق ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار بولدىمۇ؟ بىز راستىنلا پەقەت بىر خىل ئىبارە، بىر خىل قېلىپ، بىر خىل سادا بىلەنلا ئۆز روھىمىزنى شەرھلەپ كەلدۇقمۇ؟ بىر تالاي شېئىرنى تەسلىكتە يالماپ يۇتۇۋېتىپ ئىچىم ئېچىشىپ ئولتۇرغىنىمدا، يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىدىن ھېلىقىدەك تەئەججۇپ ئېتىلىپ چىقتى.

ئورتاق بىر ئازاب بىلەن پۇچۇلىنىش، قارىماققا، ھازىرقى دۇنيانىڭ بىر ئالاھىدىلىكىدەك تۇرىدۇ. لېكىن بۇ ئازاب ناھايىتى زور دەرىجىدە مەلۇم ئىلغار غايە بىلەن ھازىرقى دۇنيا ئارىلىقىدىكى سەكرەتمىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمەن. بۇ

www.uyghurkitap.com

ئازاب كۆرۈنۈشتە قېيداش، مەسخىرە، ئۆزىنى كەم سۇندۇرۇشتەك غەلىتە شەكىلدە مەي-
دانغا چىقىۋاتقان بولسىمۇ، ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تىنىمسىز كۆۋەجەپ،
كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چەن ھاياتلىق دولقۇنلىرىنى قوزغاۋاتقان ھەم لاي، ھەم سۈزۈك
يوشۇرۇن ئېقىم ئىكەنلىكى ھەقىقەت. شائىرلار ھازىرقى رېئال دۇنيانىڭ ئەڭ سەز-
گۈر ئەزاسى، ھە ـ ھۇ بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلار سېپىدىن سۈزۈلۈپ چىققان جاۋا-
ھىر، دۇنيادىكى ئىلغار كۆچلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇر تەركىبىي قىسمى، شائىرلار يۇقىرىدا
قەيت قىلىنغان چاكىنا ۋە تۈترۇقسىز ئازابنى غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈدىغان، ئۇنى ئادا-
لايدىغان ۋە چوڭقۇرلۇقتا يېتەكلەپ، يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدىغان كىشلەر. شۇڭا شېئى-
ردى مەنە يېقىدىكى ئازاب ئىنسانىيەتنىڭ كۆڭلىدە خۇسۇسىي غەرەزدىن، ئەرزىمەس-
لىكتىن ۋە لاۋزا ئادەتلەردىن ئادا ـ جۇدا بولغاندىن كېيىن بالقىپ چىققان نۇرانە،
بىغۇبار، تىرەن ۋە پايانسىز ئورتاق ئازاب، خالاس. ھەق گەپنى قىلساق، بىزنىڭ
شائىرلىرىمىز شېئىر دەرۋازىسىدىن ئۆتكەندە ياكى ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندىلا، ئاندىن
ئاشۇنداق ئازابقا مۇيەسسەر بولالايدۇ ياكى ئاشۇنداق ئازابنى ھېس قىلالايدۇ. مۇشۇ
ئۇستۇنلۇكتە يېزىلغان شېئىرلار ئازابلىنىش بىلەن تولغان تەقدىردىمۇ كىشلەرنى
يۇقىرى پەللىگە باشلىيالايدۇ، دىماغنى ئېچىشتۇرغىدەك قويۇق يالقۇن ھىدىنى تار-
قىتالايدۇ، ئۆز قۇدرىتىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ ۋە ئۆزىنى نامايان قىلالايدۇ. ئۇ بىز-
نىڭ بارلىق شېئىرلىرىمىزنى دەس تۇرغۇزالايدىغان ئومۇرتقا، تۈۋرۈك. ئېھتىمال مۇ-
شۇنىڭ ئۆزى بىز ئىزدەپ ئاۋارە بولغان ۋە قايتا تىكلەشكە ئۇرۇنغان، ئەمەلىيەتتە بۇرۇنلا
ماھىيەتخاراكتېرلىك مەۋجۇت بولۇپكەلگەن شېئىرىيەت روھى بولساكېرەك. ھازىرقى دۇنيادا
مەيلى «ئۆزىگە يارىغان» شېئىرلار بولسۇن، مەيلى «باشقىلارغا نەپ بېرىدىغان» شېئىر-
لار بولسۇن، ھەممىسىلا شېئىرىيەتتىكى يۇقىرىقى روھنى ئاختا قىلىپ تاشلىدى. مۇن-
داق شېئىرلارنىڭ ئۆزىمۇ زەئىپ، خۇنۇك، كۆرۈمسىز نەرسىلەر بولۇپ قالدى. بىز-
دىكى نۇرغۇن ئادەملەر قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ياشاپ ئۆتكەن شېئىرىيەت پېشى-
ۋالىرىنىڭ دېگىنى ـ ئۇقىيانلىرىدا يۈيۈنۈۋېتىپ، ئۆزىنى غەپلەت بۆشۈكىدىن ئويغىتى-
دىغان، ئۆزىگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەدەت بېغىشلايدىغان ھېسسىياتقا ياكى بولمىسا
پۈت ـ قولىغا جان كىرگۈزىدىغان كۆچكە ئىگە بولۇپ كەلدى. بۇنداق بولۇشتىكى سە-
ۋەب شېئىرىيەت پېشىۋالىرىمىزنىڭ ئازاب ـ ئۇقۇبەت دېگەنلەرگە قىزغىن مۇئامىلە
قىلالىغانلىقى ھەمدە بۇ ئارقىلىق ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان جەۋھەرلەرنى سۈزۈپ
ئالالىغانلىقى ياكى ئۇنى تاۋلاپ چىقالىغانلىقىدا ئىدى، ئۇلارنىڭ شېئىرىي شىجائىتى
شۇنچە شانلىق ئىدىكى، ئۇلار «ھەسرەت بىلەن چۇلغانغاندىمۇ قەيسەرلىكنى قولدىن
بەرمىگەن»، «لىغشىپ قالغاندىمۇ يۆلۈنۈپ تىك تۇرغان» لاردىن بولغانىدى، مۇشۇ
تۈپەيلى ھەر قايسى دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ۋە
ئۇلارنى تەسىرلەندۈرەلىگەنىدى. ئۇلارنىڭ شېئىرى ئازاب ـ ئۇقۇبەتتىن كەلگەن بول-
سىمۇ، يەنە شۇ ئازابنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىگەنىدى. ئازاب ئۇلارنىڭ
شېئىرلىرىغا توسالغۇ بولالىشى بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، تۈترۇقلۇق رولىنى

ئۇيناپ، ئادەملەرنى ئېگىز چوققىلارغا قاراپ ماڭالايدىغان ياكى ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان يېڭى ھاياتىي كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئۇچقۇر بىلەن تەمىنلىگەن ھەمدە مۇشۇلارنى تەرغىپ قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ئازاب سۆيگە چىلانغانسېرى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ تەسىرلىك بولالىغانىدى. بۇنىڭ ئەلۋەتتە ھەيران قالىدىغان يېرى يوق، بىزچۇ؟ ئۆزىنى ھازىرقى زامان شائىرى، ھازىرقى زامان ئاۋانگارتلىرى ياكى يېڭى ئېقىم شېئىرلىرىنى يازىدىغانلار دەپ ئاتىغان نۇرغۇن شائىرلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ بىز بۈگۈنكى شېئىرىيەتتە ئورۇن ئالغان شائىرلار تىپىنى ئوبيېكتىپ ھالدا تەكشۈرۈپ باقايلى ياكى تەسۋىرلەپ كۆرەيلى:

A. بۇ تىپقا ياتىدىغان شائىرلارنىڭ بىردىنبىر دەسمايىسى شۆكسى، ئۇلار ئۆزىنىڭ قىممەتسىز، چاكىنىلىقتا ئۇچىغا چىققان قۇرۇق - قۇرۇق ئازابلىرىغا كۈچىنىڭ بارىچە خېرىدار ئىزدىدى. نەتىجىدە شېئىرنىڭ ئىقتىدارىنى قىسىپ، ئۇنى مەلۇم ئازابنىڭ ئادەتتىكى دەسمايىسىگە ياكى مەلۇم بىر تۈرگە تەئەللۇق شۇ خىل ئازابنىڭ نوقۇل بايانىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلار ئۆزى ئىجاد قىلغان شېئىرلارنى ئۆزى ياراتمىدى، مۇنداق شېئىرلارنى باشقىلارمۇ پەسەنتكە ئالمىدى (كىتابخانلارنىڭ ئازابى شائىرلارنىڭ ئازابىدىن ئاز بولمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ شائىرلارغا ئېغىرراق يۈك كۆتۈرۈشكە ماجالى قالمىغان ئاجىز يەلكىسىگە تېتىقسىز ئازابنىڭ كاھىش پارچىلىرىنى ئارتىمەن دەپ نېمە كەپتۇ). تەبىئىيكى، ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا خەلقنىڭ قەلبىدە ھېچقانداق ئورتاق سادا پەيدا قىلالمىدى.

B. A تىپىدىكى شائىرلار ئۆزىدىكى ئازابنى مىسرالارغا ھاپاش قىلىپ، ئۇنى ئىنتايىن شەپقەتسىزلىك بىلەن قولىنىڭ ئۇچىدىلا كىتابخانلارغا تاڭغان بولسا، B تىپقا مەنسۇپ شائىرلار ئۆزىنىڭ ئازابىنى ئۆزىگە بىر تامچىمۇ ئېلىپ قالماي، ھەممىسىنى ھاراق بىلەن قىزلارغا بىراقلا ياتلىق قىلىۋەتتى. ئۇلار بۈگۈنكى كۈننى ئىنسان روھى ئالەمنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا ئەركىن ئازادە لاغايلاپ يۈرىدىغان دەۋر، شېئىرلار تىنالمايۋاتقان، روھ تۇنجۇقۇۋاتقان، ئارزۇ - ئارمانلار پۈتۈنلەي تۈگىگەن دەۋر دەپ قارىدى، ئۆزلىرىنىڭ گۇمران بولۇۋاتقىنىنىمۇ باشقىلاردىن يۈكسەك ھەمدە ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش، دەپ بىلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىپ ئوڭ - تەتۈر دەسسەپ، مەسئۇلىيەتتىن باش تارتقان ۋە ئۆز ۋىجدانىنى بىخۇدلاشتۇرغان ئەھۋالدا ئۆزىنى سەمرىتىشكە ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلار ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى، دەيدىغان قىياپەت بىلەن، دۇنيا ھامان بىر كۈنى ھېچگەپتىن - ھېچگەپ يوقلا ئومۇميۈزلۈك ئەركىنلىككە قەدەم قويىدۇ، ئىچ - ئىچىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان سەنئەت دەۋرىگە كىرىدۇ، بىزمۇ شۇ چاغدا قايتا باش كۆتۈرىمىز، دەپ خام خىيال قىلدى. بۇنداق شائىرلاردا جۇڭگو زىيالىيلىرىدىكى تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغان مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە قايغۇرۇش ئېڭىدىن قىلچە ئەسەر بولمىدى. ئۇلار رېئال دۇنيانىڭ تەسىرىدە تارمار قىلىنىپ، سېپى ئۆزىدىن قورقۇنچاق، شەخسىيەتچى، ساختىپەز، چاكىنا ئادەملەر قاتارىغا ئۆتۈپ كەتتى. شېئىرىيەتنى

گۆللەندۈرۈش ئۈچۈن، شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى بۇنداق ئادەملەرنى ئالدى بىلەن تازىلىۋېتىش كېرەك.

C. بۇلار ئادەمنى قايىل قىلالىدىغان، خېلى ئېغىر ـ بېسىق شائىرلار، ئۇلار ئادەم بولۇشنى شېئىر يېزىش بىلەن تەڭ باراۋەر مۇھىم ئىش دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار ئالىيجاناب، لېكىن ئاقسۆڭەك ئەمەس، ئۇلار ئاددىي ـ ساددا، لېكىن چاكىنا ئەمەس؛ ئۇلار ئازابلانسىمۇ بىچارە ئەمەس، ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى، پۈتۈن ھاياتىنى، شىجائىتىنى، زېھنىي كۈچىنى تەقدىم قىلالىدى. ئۇلار بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتكە ئەڭ باي، ئۇلار ئازاب ـ ئوقۇبەت قايناملىرىدا لەڭ ئۇرۇپ ئۆرلىيەلىدى. ئۇلار رەزىللىكنى تۆكۈپ، ياخشىلىقنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئۆتكۈر شەمشەرلىرىنى تەپسە تەۋرىمەس ئۈچلۇق تاشلاردا بىلىيەلىدى. ئۇلار ھاياتلىقنىڭ مۇستەھكەم زېمىنىدا قان كېچىپ ئالغا باستى، ئۇلارنىڭ تاشقا بېسىلغان مۆھۈردەك ئۆزگىچە، ساغلام، قەيسەر خاراكتېرى مەڭگۈ ئۆلمەس ھايات نۇرىنى چاچالايدىغان ئىز قالدۇردى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى تۆۋەن، لېكىن جاراڭلىق؛ ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ئاددىي، لېكىن سالماق؛ ئۇلارنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى شېئىرىدىكى سەمىمىلىك ۋە جەڭگىۋارلىققا سىڭىپ كەتكەن، بۈگۈنكى شېئىرىيەت مۇنبىرىدە ئۇلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، بىراق نېمىلا بولمىسۇن مەن ئۇلارنى كۆردۈم...

ئازابقا توغرا قاراش كېرەك، ئازابنى پاكلاش كېرەك، ئازابنى ناخشا قىلىپ تولۇلاش كېرەك. بىز پەقەت ئىنسانىيەت بىلەن نەپەسداش، تەقدىرداش بولغان ھەقىقىي ۋە كىمىر قونمىغان ئازاب ئىچىدىنلا ھايات گۈلخانلىرىنىڭ تېخىمۇ ئېغىلغىيىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارنى تاپالايمىز. شۇندىلا پۈتۈن جىسمىمىزدىن يېپيېڭى جانلىق ھاياتىي كۈچ جۇش ئۇرىدۇ. شۇندىلا ھەم ئازابقا، ھەم ئىقبالغا، ھەم كۈچ ـ قۇدرەتكە تولغان جاراڭلىق ئاۋازىمىز بىلەن ھەر قانداق ئېگىز ـ پەس ئىڭراش ۋە ئىسەدەشلەرنى بېسىپ چۈشەلەيمىز. شەھەر ـ يېزىلىرىمىز دەل مانا مۇشۇنداق قىزغىن شېئىردىي قۇياش نۇرىغا موھتاج. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە چارچاپ رەڭگى ئاقارغان سان ـ ساناقسىز ئاجىز روھ ھاياتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ياڭراق ساداسىغا ئىنتىزار. سۆيۈملۈك شائىر دوستلار، ئاراڭلاردىن مۇشۇ بىر نۇقتىنى تونۇغان ياكى ئۇنىڭدىن ئۆزىگە سىگنال ئالغان كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ چىقسا، بىزنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىمىز، ئەلۋەتتە، باشقىچە گۈزەل، جانلىق بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولاتتى.

(«شېئىرىيەت گېزىتى» نىڭ 90 ـ يىلى 3 ـ سانىدىن)

ئىمىن ئەخمىدى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن



## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

# «چاتلېي خانىمنىڭ ئاشىقى» روماننىڭ ئىجاد قىلىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە

1926 - يىلى يازدا لاۋرېنس ئايالى فىلىدا بىلەن بىللە ئىتالىيەدىن ئەنگلىيەگە بىراقلا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەنگلىيەگە كېلىپ ۋەتىنىنىڭ بىر مەيدان دۇنيا ئۇرۇش كرىزىسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۇ، سانائەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان رومانغا تۇتۇش قىلىدۇ. ئۇ روماندا ئەر - ئايال پېرسوناژلارنىڭ ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ «نوھ كېمىسى»نى ياساپ توپان بالاسىدىن ئامان قالغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. مانا بۇ كېيىنكى چاغلاردا مەشھۇر بولۇپ كەتكەن، ھازىرغىچە ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان «چاتلېي خانىمنىڭ ئاشىقى» ناملىق روماندۇر. بۇ روماننىڭ دەسلەپكى خېمىرتۇرۇچى لاۋرېنسنىڭ ئەنگلىيەگە قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇنقى بىر قېتىملىق زىيارىتىدىن كەلگەنىدى.

ئاشۇ يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لاۋرېنس فىلورىنساغا يېقىن جايدىكى ئوتتۇرا ئەسىرگە تەئەللۇق قەدىمىي قەلئەگە بېرىپ قەلئەنىڭ خوجايىنى سېر گىئورگىنى زىيارەت قىلىدۇ.

سېر گىئورگى ئاسار - ئەتىقە يىغقۇچى بولۇپ، ئەنگلىيە ھەققىدە، بولۇپمۇ دېربوي تارىخى ھەققىدە مول بىلىمگە ئىگە ئىدى. سۆھبەت جەريانىدا سېر گىئورگى لاۋرېنسقا ئۆزىنىڭ ئوغلى ئوسبوتنىڭ ئاكلېت جەمەتى بىلەن 18 - ئەسىردىكى قەدىمىي ساتون سكادېر قورۇسىنى تالاشقىنىدا پېشكەللىككە يولۇققانلىقى ۋە ئاكلېت جەمەتىنىڭ سانائەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئاقسۆڭەك جەمەتى ئىكەنلىكى، ئۇلار بۇ قورۇ - جايىنى 100 يىلدىن ئوشۇق ئىگىلەپ تۇرغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ كەچۈرمىشلەر لاۋرېنسقا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ئۇ ئەنگلىيەگە قايتىپ كېلىپلا ئالدى بىلەن ئوسبوتنى زىيارەت قىلماقچى بارىدۇ. لېكىن ئوسبوت ئىتالىيەگە كېتىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالغانلىقتىن ئۇنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقىدۇ. لاۋرېنس بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي بۇ قەدىمىي قورۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىدۇ. «چاتلىپىي خانىمىنىڭ ئاشىقى» دىكى راگبى قورۇقى ئاشۇ قورۇنى ئارقا كۆرۈنۈشى قىلغاندى. لاۋرېنس ئۇسبوت بىلەن تۇنجى قېتىم ياندۇرقى يىلى ماي ئېيىدا كۆرۈشتى. ئۇ چاغدا رومانىنىڭ دەسلەپكى ئىككى كۆپىيىسى تاماملانغاندى.

لاۋرېنس 3 - كۆپىيىگە كەلگەندە ئۇسبوتنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى رومانىدىكى باش قەھرىمان كىرىفنى ئۇستىگە جۈغلايدۇ. ئەمما كىرىفنى ھەرگىزمۇ ئۇسبوتنىڭ ئۆزى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، لاۋرېنسنىڭ رومانىنى ئىجاد قىلىش ئىلھامى ئۇسبوتتىن ئەمەس، ئەكسىچە ئاكلىپت جەمەتىدىن كەلگەنىدى.

لاۋرېنس رومانىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇردۇ. ئۇنىڭ بۇ باش قاتۇرۇشى ئارتۇقچە ئەمەس ئىدى. دېگەندەك رومان پۈتۈپ ئۇنى نەشر قىلماقچى بولغاندا ئۇ نۇرغۇن ئاۋارىچىلىققا يولۇقتى. لاۋرېنس رومان ئورىگىنالىنى ئىتالىيە نەشرىيات سودىگىرى پىنو ئورىئولىغا تاپشۇرۇپ بېرىۋېدى، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا ئۇنىڭدىن رومانىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ يازمىسا بولمايدىكەن، دېگەن جاۋاب كەلدى.

1928 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى لاۋرېنس رومانىنىڭ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئورىگىنالىنى ئادەتتە ئەسەرلىرىنى ماشىنكىدا ئۇرۇپ كۆپەيتىپ بېرىدىغان فىل مورسۇن خانىمغا تاپشۇردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مورسۇن خانىمدىن خەت تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خېتىدە رومانىنىڭ ئۇنى بىزار قىلىپ قويغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن شەھۋەتخورلۇق چىقىپ تۇرغانلىقىنى يازغاندى. لاۋرېنس ئۆز قارشىدا چىڭ تۇردى. ئۇ فىل مورسۇن خانىمغا خەت يېزىپ: «...گەرچە سىز پەرىشتە ۋە كۆپ سانلىق ئادەملەر تەرەپتە تۇرغان تەقدىردىمۇ مېنىڭ رومانىم ھەققىي ئەخلاق ۋە دىنىي مەيداندا تۇرىدۇ دەپ قارايمەن...» دەيدۇ. لېكىن ئۇ قانچە چۈشەندۈرگەن بىلەن مورسۇن خانىم ئۇنىڭ رومانىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى رەت قىلىدۇ. ئاخىرى يەنىلا لاۋرېنسنىڭ دوستلىرى بۇ ئىشقا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ.

لاۋرېنس ئېغىر ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقتىن دوختۇر ئۇنىڭغا تاغ ھاۋاسىنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن شۋېتسارىيىنىڭ بىر تاغلىق رايونىغا بارىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ۋاقتىنى بوش ئۆتكۈزمەي رومانىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرماقچى بولىدۇ ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن يەنە ئۆزگەرتىشكە كىرىشىدۇ. ئۇ رومانىدىكى، كىشىلەردە مالىلىقىقا قوبۇل قىلالمايدىغان بەزى سۆز - ئىبارىلەرنى سەل - پەل سىلىقلىدى. ئۇ: «رەڭگارەڭ سۆزلۈكلەر كۆزلىرىمنى خۇددى رەڭ قارىغۇسى بولۇپ قالغاندەك ئىمىر - چىمىر قىلىۋەتتى. قايسى سۆزنى ئىشلىتىش، قايسىنى ئىشلەتمەسلىكنى زادىلا بىلەلمەي قالدىم» دەيدۇ. لاۋرېنس رومانىنى ئۆزگەرتىپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ دوستى،

نەشرىيات سودىگەرى سىلك ئۆزگەرتىلگەن بۇ نۇسخىنى نەشر قىلىشتىن يەنىلا باش تارتتى.

لاۋرېنس 3-ئاينىڭ باشلىرىدا مىلاندا تاغلىق يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ، دوستلىرى ماشىنكىدا ئۇرۇپ كۆپەيتىپ بەرگەن نۇسخىنى نەشرىيات سودىگىرى پىنوئورىئولىغا تاپشۇردى. ئۇ: «بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ دەقىقە ئىدى» دەپ يازدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە ئۇ رومانىنى نەشر قىلىش ئىشى بىلەن پايىپىتەك بولۇپ يۈردى. ئۆزى بېرىپ قەغەز سېتىۋالدى، كوررېكتورلۇق قىلدى ھەمدە مۇقاۋىسىنىمۇ ئۆزى لايىھىلىدى. مۇقاۋىسىغا بىر سۇمۇرغنىڭ ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆيۈۋاتقانلىقىنى سىزدى.

1928-يىلى 6-ئايدا لاۋرېنس رومانىنىڭ سىگنال نۇسخىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھاردۇقى چىقىپ قاندەك بولدى. بۇ ئۇنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. كىتاب 1000 تىراژدا بېسىلدۇ. لېكىن توخۇ يۈرەك كىتاب سودىگەرلىرى زاكاز تالونىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بەزى دوستلىرى بۇ رومانىنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ كىتابنى سېتىش ئۈچۈن خېلى يول ماڭىدۇ. لاۋرېنسمۇ بۇ رومانى ئارقىلىق بىر قىسىم يالغان دوستلىرىنى تونۇۋالىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ رومان تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغانىدى.

10-ئايدا لاۋرېنس كۈنگە قاقلىنىش ئۈچۈن بىر دوستىنىڭ تەكلىپى بىلەن فرانسىيىنىڭ كروگان ئارىلىغا باردۇ. بۇ يەردە ئۇ زۇكامداپ قالغانلىقتىن ئاراللىكى قەدىمىي قەلئەنىڭ ھۇجرىسىدىن سىرتقا چىقماي ئارام ئالىدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن «چاتلېي خانىمنىڭ ئاشىقى» رومانىنىڭ ئەنگلىيىدىكى قىسمىتى توغرىسىدىكى خەۋەر ئارالغا يېتىپ كېلىدۇ. «يوھانتو» ژۇرنىلىدا بېسىلغان «ئاتاقلىق پروزىچىنىڭ شەھۋانىي رومانى — جىنايەتنىڭ نامايەندىسى» ماۋزۇلۇق ماقالىدە: «بۇ رومان دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىياتىنى بۇلغىغان (داغ تەگكۈزگەن) ئەڭ يىرگىنىشلىك ئەسەر. شەھۋانىيلىقنى تەرغىب قىلىدىغان فرانسىيە ئەدەبىياتىمۇ بۇ ھاياسىزلىقلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ» دېيىلگەنىدى. ماقالە ئاپتورى لاۋرېنسنىڭ ئۆزىنىمۇ «بومبا ساقاللىق ئەسەبىي شەھۋەتخور ... شەھۋەتخور تالانت ئىگىسى ... بۇ ھېيلىگەر، ئالدامچىنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئەكىرىپ قويۇش كېرەك» دەپ ھاقارەتلىگەنىدى. لېكىن لاۋرېنسقا يامان نىيەت بىلەن تۆھمەت قىلغان بۇ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى كېيىن بىرنەچچە قېتىملىق ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن شىكايەت قىلىندى. ئۇ لاۋرېنسقا ھۇجۇم قىلىپ ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي لاۋرېنس ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ تۇشمۇ تۇشتىن بەرگەن زەربىسىگە ئۇچرىدى.

1929-يىلى 1-ئايدا ئەنگلىيە ساقچىلىرى رومانىنىڭ ئەنگلىيىگە كىرگەنلىرىنى مۇسادىرە قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ «رەڭگارەڭ بىنەپشە» ناملىق شېئىرلار توپلىمىمۇ چېتىلدى. بۇ توپلام تېخى باسمىغا بېرىلمەي تۇرۇپلا تەقىپ قىلىندى.

لاۋرېنس دوستلىرىدىن تۆۋەن پالاتاغا شىكايەت ئەرزى سۇنۇشنى ئۆتۈندى.

ئەمما تۆۋەن پالاتا بۇ ئەسەردە شەرمىي ـ هاياغا مۇخالىپ مەزمۇنلار بار، دەپ قاراپ دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا 7 ـ ئايدا لاۋرېنسنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسى لوندۇندىكى بىر خۇسۇسىي گۈزەل سەنئەت سارىيىدا ساقچىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ «بوككاچچىئونىڭ ھېكايىسى»، «تېرىقچى» قاتارلىق 13 پارچە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى مۇسادىرە قىلىندى. گۈزەل سەنئەت سارىيىنىڭ ئىگىسى باشقا مەشھۇر يازغۇچى، سەنئەتكارلار بىلەن سوتقا شىكايەت ئەرزى سۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئىش چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان لاۋرېنسنىڭ قولىغا يېتىپ ئۇنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. سەنئەت سارىيىنىڭ ئىگىسى سوت مەھكىمىسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. رەسىملەر ئەنگلىيىدە قايتا كۆرگەزمە قىلماسلىق شەرتى بىلەن ئىگىسىگە قايتۇرۇلدى. گۈزەل سەنئەت سارىيىنىڭ ئىگىسى بۇ ئىشقا خېلى بەدەل تۆلىدى.

«چاتلېي خانىمنىڭ ئاشىقى» رومانى ۋە رەسىملەرنىڭ ئوڭۇشسىز تەقدىرى يازغۇچىغا قورقۇنچاق ھەم نادان ئەلدە ھەقىقىي ۋە كەسكىن سەنئەت ئەسەرلىرى ئۈچۈن ئەقلىي كۈچىنى خورىتىشنىڭ بىمەنە ئىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇتتى. لېكىن بۇ ئەسەرلەر دۇچ كەلگەن پالاكەتلەر سەۋەبىدىن لاۋرېنس «يازدا ئازاد بولغان خرىستوس»، «شەھۋانىيلىق ۋە ئۇياتسىزلىق» ۋە «‹چاتلېي خانىمنىڭ ئاشىقى› نىڭ تەكلىپى» قاتارلىق ئۈچ پارچە مەشھۇر ماقالىنى يېزىپ چىقتى.

(«مەدەنىيەت تەرجىمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن)

دىلمۇرات تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن





ئىجادىيەت سېپىمىزگە ئىقتىدار-
لىق، ئۈمىدلىك نۇرغۇن ياش ئاپ-
تورلار قوشۇلۇپ، قوشۇنىمىز بار-
غانسېرى كېڭەيمەكتە.

كورلىدىكى بىر قىسىم ياش ئاپتورلار.



نېفىتلىكتىكى ئايال ئاپتورلار.



مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بىر
قىسىم ياش- ئۆسمۈر ئاپتورلار.




《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1992 ـ يىل 2 ـ سان ( 372 ـ سان ) ، 42 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国际统一刊号：ISSN 1002－9044
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : ISSN 1002 _ 9044

国内统一刊号：CN 65－1010／I
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 _ 1010 / I

邮发代号：58－66　定　价：1.70 元
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 58 ـ 66 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.70 يۈەن

邮政编码：830000
پوچتا نومۇرى : 830000